تۇنجى نۇۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئەدەبىي ژۇرنال

# WORLD LITERATURE

# دۇنيا ئەدەبىياتى



世界文学选译

ISSN 1005-1791

2008/3




# 2006 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى

## ئورخان پاموق





# مۇقاۋىدا

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## «فورستىنا»

رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزكۇر رەسىمدە، قىزنىڭ كۆڭلىكى رەسىم يۈزىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن، ھالبۇكى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقان يىگىت ساپانىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر بۇلۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قىزنىڭ قىزىل كۆڭلىكى بىلەن يىگىتنىڭ قارا كىيىمى روشەن سېلىشتۇرما بولۇش بىلەن بىرگە، قىزدىكى باغرى تاش ھالەت بىلەن يىگىتنىڭ سەۋدايىلارچە سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ھالىتى بىر مۇرەككەپ كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاددىي كارتىنىغا مول مەزمۇن ئاتا قىلغان. رەسىم يۈزىدىكى سۇس يېشىل رەڭ رەسىمنىڭ يارقىنلىقىنى ئاشۇرغان.

ماكسۋېل ئامفېلد ( 1882 ~ 1972) ئەنگلىيىلىك رەسسام، دېكوراتور ۋە يازغۇچى. ئۇ 1899 ـ يىلى بېرمىڭخام سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ھېنرى پېنىل قاتارلىق رەسساملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئارىلىقتىكى رەڭنى ئىشلىتىش ئۇسلۇبىنى ياقلىغان. كېيىن، رافائېلدىن ئىلگىرىكى ئۇسلۇبنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچراپ، پارىژغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىپ، كەسپىي رەسساملىق ھاياتىنى باشلىغان.

# دۇنيا ئەدەبىياتى

## مۇندەرىجە

### رومان


بىر كۈن كېچىككەن مۇھەببەت .................. لىلى زوگراف (گرېتسىيە) (3)
مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى


### ھېكايە


ئۆي ھايۋانلىرى ئورمىنى .......................... ئىتارو كارۋىنو (ئىتالىيە) (41)
تەلئەت ئەخەت تەرجىمىسى
قىمار.................................... جامىس خايىك (ئامېرىكا) (47)
ئابدۇقەييۇم سايىم تەرجىمىسى
سەيشەنبە كۈنى چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتىدا ....... گارسىيە ماركوز (كولومبىيە) (50)
ئەلى توختى تەرجىمىسى
قايتا نىكاھلىنىش .......................... خۇاڭ مىڭشياڭ (ۋيېتنام ) (55)
ئالىيە ئوسمان تەرجىمىسى


### مەشھۇر رەسساملاردىن ھوزۇرلىنىش


ياش تامچىلاپ تۇرىدىغان گۈل .......................... لى شىنشېڭ (60)
ئالىمجان ئازات تەرجىمىسى


### ئەدەبىي ئاخبارات


تېھراندىن ئايرىلغان كۈنلەردە .......................... فاراخ پەھلىۋى (ئىران ) (63)
ئۇيغۇن ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى


### تارىخ بېتىدە


داڭلىق شەخسلەرگە ئائىت سىرلىق ھېكايىلەر .......................... (93)
ئازات ئالماس تەرجىمىسى


### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئەنئەنىۋى ئانىلارنىڭ ئەسلىمىسىنى ئىزدەش .................. ۋاڭ لىلى (76)
ئۆمەرجان ئامۇت تەرجىمىسى
يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تۈرك ئەدەبىيات تارىخى ... كەنان ئاقيۇز (تۈركىيە) (85)
يۈسۈپجان ياسىن تەرجىمىسى



2008- يىلى 3- سان
29 - يىلى نەشرى
ئومۇمىي 165 - سان

باش مۇھەررىر
ئەركىن شېرىپ
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
مەسئۇل مۇھەررىر
گۈلباھار ئەخەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مەسئۇل كوررېكتور
سەنەۋەر ئىبراھىم

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى
مىرزات ئابدۇللا تاجى

فىستۇرما رەسىم سىزغۇچى
ئەنۋەر قاسىم

ژۇرنالدا سۈپەت مەسىلىسى
كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن
ئالاقىلىشىڭ
0991 — 2558674




لىلى زوگراف (گرېتسىيە)

مۇنارجان توختاخۇن تەرجىمىسى

ئېللاتو ھەقىقەتەن باشقىچە يارىلىپ قالغان
قىز ئىدى، ئۇ نەزەربەند قىلىش ۋە چەكلەشلەر ئال-
دىدا زارلانمىدى، يىغلاپ قاقشىمىدى. ئۇ سىرتقا
چىقىشقا چەكلەنگەن، چىدىغۇسىز تەنھالىق كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ھېسسى-
يات ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بالدۇرلا تونۇپ
يەتتى؛ ئازابلىق كۈتۈشلەر ۋە يېنىدىكى ئادەملەر ئا-
رىسىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە، ئۇ ئىتالىيە-
لىك يىگىتكە بولغان ئۆچمەس مۇھەببىتىنى
باشتىن ـ ئاخىر قەدىرلەپ ساقلاپ كەلدى. ئاشۇ
يىراق يات ئەللىك يىگىت ئاستا ـ ئاستا بىر پارچە
رەسىمگە ئايلاندى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غۇۋا-
لاشتى، خىرەلەشتى. قانداقتۇر بىر نەرسە دائىم
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گويا چۈش مەنزىرىسىدەك ئەلەڭ-
لەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى دۇنيانىڭ پاسىلىنى
كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئېللاتو يىگىرمە ياشقا توشقان-
دا، چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ، تەڭداشسىز ساھىب-
جامالغا ئايلاندى، ئۇنىڭغا بىر قارىغان ئادەمنىڭ نە-
پىسى توختاپ قالاتتى، لېكىن ئۇنى ھېچكىم كۆ-
رەلمەيتتى. ئۇنىڭ تەتۈرىچە، ئارمارىيە ئائىلىدىكى-
لەرنىڭ ماختاش، كۆپتۈرۈشلىرى ئىچىدە چوڭ بول-
ماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەسەلدەك شېرىن
تۈيغۇ بېرەتتى، ئادەمنى مەستخۇش قىلاتتى، ھەسەل
رەڭگىدىكى چاچلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بار-
غانسېرى قويۇقلىشىپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. بۇ قىز ـ ئاياللاردىن تەش-
كىللەنگەن بۇ ئائىلە ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئىشمۇ
ھېسابلىنىپ كەتمىدى، ئەگەر ئۇنىڭ تەسىرى
بولدى دېيىلسە، پەقەت شۇ سىرت بىلەن ئالاقىلى-
شىشكە ئاسانلىق تۇغۇلدى. لېكىن، ئالاقىنىڭ
ئاسانلىشىشى ئۇلار ئۈچۈن ئۇنچە خەيرلىك ئىش
بولۇپمۇ كەتمىدى، كەلگەن خەۋەرلەر ياخشى ئەمەس
ئىدى: ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ ئائىلىدىكى ئىككى
يىگىت ئافېنادا ئۆز ئالدىغا ئۆيلىنىۋالغانىدى. بۇ
ئىش بۇ يەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىغا توغرا كەلمەيت-
تى، بۇ قائىدە ـ يوسۇن قانۇن تەرىقىسىدە يېزىق تۈ-
سىنى ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ ئادەم-
لىرى ئۇنى قانۇندەك مۇقەددەس كۆرەتتى ـــ
ئائىلىدىكى قېرىنداشلار ئىچىدە بويىغا يەتكەن

① بېشى ئالدىنقى ساندا.

قىزلار ياتلىق بولماي تۇرۇپ، ئوغۇللارنىڭ توي قىلىشغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. بۇ ئىش بولۇپمۇ ئاسباسسىيەگە بەكلا هار كەلدى. توي قىلغان ئىككى يىگىت تېخى باللىق بولمىغانىدى، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ دەۋرگە خاس نامراتلىق ئىچىدە ياشىغان، ئىشغالىيەت ۋە قارشىلىشىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىغا ياكى زامانىنىڭ تەتۈرلۈكىدىن چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن قىزلارغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئۇلار بىرى، تەجرىبىسىز، يەنە بىرى، قولى قىسقا بولغاچقا، ئالدىغا ئۇچرىغان باي ئائىلىنىڭ قىزلىرى بىلەن توي قىلغانىدى. ئۇ قىزلارغۇ چىراي ـ تۇرقى يامان ئەمەس، تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىدا پۇچىلانمىغان، لېكىن ئۇلاردا ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى مۇتەئەسسىپ ئاياللارغا خاس ئەر ـ خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىغا سوغۇق قارايدىغان ئادەت بار ئىدى.

هازىر بۇ ئائىلىدە هېچكىممۇ «توي قىلىش» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايدىغان بولغانىدى، پەقەت سىبىردوس ئەپەندىلا قىزغىنلىقىدىن قىلچە سوۋۇماي، توي قىلىش تەلەپنامىسى دېگەننى ئاسباسسىيەنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇۋېتىۋاتاتتى.

ئېگىتېلىن يىگىرمە بەش ياشقا توشقاندىن كېيىن رەسمىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ باشقا بىر ئۆلكىگە يۆتكەلدى. خۇدايىم ئۇنى چىرايدىن ئېيتمىغان، لېكىن ئۇ كىچىكىدىنلا ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئوچۇق چىراي ئىدى. بۇ تەرىپى ئاپىسىنى تارتقان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن مېھرىبانلىق ۋە ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ، هەربىر كۈلۈمسىرىشىدە پۈتۈن ئىشلار ۋە ئادەملەرگە بولغان چۈشىنىش ۋە كەڭ قورساقلىق، ئائىلىسىنىڭ تەقدىرىگە بولغان تەمكىنلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئولتۇرۇۋاتقان بۇ رايوندا بىرەر ئايالمۇ ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش يولى توغرىسىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. فوردنوجېۋس ئائىلىسىدە بارلىق قىزلار ۋە ئۇلارنىڭ هەممە ئىشلىرى دادىسىنىڭ ئاغزىغا قاراشلىق ئىدى، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوغۇللارنىڭ چوڭىنىڭ ئاغزىغا قاراش كېرەك ئىدى. مانا ئەمدى ئوغۇللارنىڭ چوڭى بۇ ئائىلىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىغا ئاسىيلىق قىلىۋىدى، بۇ ئائىلىدە تەبىئىي هالدىلا باللارنىڭ چوڭى ئاسباسسىيەنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ قالدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن، ئاسباسسىيە ئارمارىيەگە دىنىي بىلىملەرنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئېلىپ چېركاۋغا كەتتى. ئېگىتېلىنغا ئاپىسى ئالفېلى بىلەن ئوكچە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋېلىش پۇرسىتى تۇغۇلدى.

— ئاپا، بىر يىگىت ماڭا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، دېمەكچى بولغىنىم، ماڭا ئاشۇنداقراق نىيىتى باردەك قىلىدۇ. ئاپا، شۇڭا بۇ ئىشنى سىزگە ئېيتقۇم كەلدى.

— قىزىم، ماڭا قارا، ماڭا ئېيتقىنىڭغۇ ياخشى، بىراق ماڭا ئېيتقىنىڭ بىلەن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ بىزنىڭ ئائىلىنىڭ قائىدىسىنى بىلىدىغانسەن؟ بالىنىڭ چوڭى توي قىلماي تۇرۇپ، بۇ ئائىلىدىكى باشقىلارنىڭ «توي قىلىش» دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئېلىشىغا بولمايدۇ.

— ئاسباسسىيە نېمىشقا سىبىردوس ئەپەندى بىلەن تۈي قىلمايدۇ؟ بولمىسا ئۇ ئەپەندى بەك كىرىشىپ قېلىۋاتىدۇغۇ.

— ئاسباسسىيە ئۇ ئەپەندىنى بىزنىڭ ئائىلىگە ماس كەلمەيدۇ دەپ قارايدىكەن!

— خۇدا هەققى، ئاپا، ئۇنىڭ ئالجىشلىرىنى قايتا تىلغا ئالماڭ. ئاپا، ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېقىڭا، بىز زادى قانچىلىك ئېسىلزادە؟ مائاشىمنى ئىقتىساد قىلىپ سىلەرگە بېرىش ئۈچۈن شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى نېمە ئىش قىلىدىغىنىمنى بىلەمسىز؟ مەن سىرتقا چىقىپ پۇرچاق تېرىپ كېلىپ، بىر هەپتە پۇرچاق قاينىتىپ يەيمەن. ئەمەلىيەتتە، بىز تۆۋەن تەبىقىدىكىلەردىنمۇ تۆۋەن تۇرىمىز! قۇرۇق خىيال بىلەن ئوقۇرنى ئېگىز تۇتۇپ، ئۆزىنى ۋېنتسىيە ئاقسۆڭەكلىرى چاغلايدىغان ئادەم زادى كىم؟

دۈشەنبە كۈنى سەهەر، ئېگىتېلىن ئاپتوبۇسقا ئۆلگۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ـ تېنەپ سومكىسىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭغاندا، ئالفېلى ئۇنى گۈلزارلىقق-

چە ئۈزنىپ چىقتى.
— قىزىم، — دېدى ئۇ، — مەن ساڭا رەسمىي ماقۇللۇق بىلدۈرەلمەيمەن، لېكىن ھەرقان-داق قارارىڭنى سۈكۈت ئىچىدە قوللايمەن، — ئۇ قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، — مېنىڭ ئارزۇيۇم بويىچە ئىش قىلىۋەر!
بىر مەۋسۇم ئوقۇش ئاخىرلىشىش ئالدىدا، بۇ ئائىلىدىكىلەر مۇنداق بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى.

*قەدىرلىك ئاپا، بۇ ئوقۇش مەۋسۇمى ئاخىرلى-شاي دەپ قالدى، مەن تەتىلدە ئۆيگە قايتمايمەن. مەن بۇ يەردە بىر خىزمەتدىشىم بىلەن چىقىشىپ قالدىم، ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى بەك ياخشى كۆرىمىز. بىز تونۇگۇن، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى توي قىلىۋالدۇق. ئىككىمىز بىرلىكتە سىزنىڭ قولىڭىزنى سۆيىمىز. سىزنىڭ قىزىڭىز*
*ئېگىتېلىن كونستانتىنوس داسكاراك*

ئاسباسسىيە بۇ خەتنى كۆرۈپ ئۆزىنى قويىدى-غان يەر تاپالماي قالدى، تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرى-تىپ بىرمۇنچە سەت گەپلەرنى قىلىۋەتتى. مۇنداق ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بۇ ئائىلىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانىدى. بۇ گەپلەر ئېغىزدىن چىقىۋات-قاندا، ئالفېلى ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋې-لىشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى.
— ھە، سەن ئەجەب گەپ قىلمايسەنغۇ؟ مۇنداق ئىشلارغا يولۇققاندا ئامال ـ چارە تېپىشقا كالالاڭ بەك ئىشلەيتتىغۇ، بىزنىڭ ئۆيدىن چىققان كىچىك بوزۇقنىڭ ئىشىنىمۇ بىر چىرايلىق توغرى-لىۋەتكەنىدىڭ، ئەمدى كەلگەندە گاچىدەك ئولتۇرى-سەنغۇ؟
— ماڭا قارا، قىزىم، مەن نېمە دەيمەن؟ — دېدى ئالفېلى سالماقلىق بىلەن، — ئىش بۇ دەرى-جىگە يەتكەندە نېمىمۇ قىلالايتتۇق.
— بۇ تويىنى بىكار قىلىش كېرەك!
— ئېگىتېلىن بويىغا يېتىپ بولغان قىز.
— ھىم، بولمايدۇ، بۇ ئىشنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلىۋېتىشكە بۇ قېتىم يول قويالمايمەن. مەن خەقنىڭ سۆز ـ چۆچەككە قېلىشنى خالىماي-مەن ... ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — ئاسباسسىيە ۋارقىرىغىنىچە بېرىپ مىخايلوسنىڭ ئوۋ مىلتىقى-نى تامدىن ئالدى، مىلتىقنى پۈتىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ ئالفېلىغا يۈزلەندى، — بىز ئائىلە يىغىنى ئاچايلى، مەن ھازىرلا پوچتىخانىغا بېرىپ ئانتونى-ئوس بىلەن ئېللىفسارىئوسقا تېلېگرامما يوللاي-مەن. ئۇلار ھازىر كاتتا ئادەملەردىن بولۇپ قاپتۇ. بىز ئېگىتېلىننى مىراسخورلۇق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىمىز ...
— سەن تېلېگراممىغا نېمىدەپ يازماقچى؟ ئويلاپ باقتىڭمۇ، يېرىم سائەتكە قالماي پۈتۈن كەنتتىكىلەر بۇ ئىشنى بىلىپ كېتىدۇ، خەقنىڭ مەسخىرىسىدىن ئۆلىمىز ...
— سەن ... سەن ئاشۇ ئەتىۋارلىق قىزىڭ ئۇچۇن يالغاندىن ئېغىرئاياغ بولۇۋالدىڭ، يەنە مەس-خىرىگە قېلىشنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، تېخى.
— ئاسباسسىيە، تامنىڭمۇ قۇلىقى بار، دېگەن گەپ بار، ئارمارىيە ئاڭلاپ قالمىسۇن.
— ئاڭلىسا ئاڭلىمامدۇ! ئائىلىمىزدە يۈز بەرگەن سەتچىلىكلەرنىڭ قايسى بىرىنى يوشۇرۇپ بولىمىز ... مەن ئىنىلىرىمغا تېلېگرامما يوللاپ، ئائىلىمىزدىن يەنە بىر بوزۇقنىڭ چىققانلىقىنى، ئېگىتېلىن دېگەن بىرنېمىنىڭ بىزنى شەرمەندە قىلغانلىقىنى ئېيتىمەن. بۇ ئىشقا ئۇلارمۇ مەسئۇل بولۇشى كېرەك، بۇ تاپتىن چىققان شەر-مەندىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشى كېرەك، سىرتتا يۈردۈم دەپ بۇ ئائىلىنىڭ ھېچقانداق ئىشى بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ ـ دە. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئېگىتېلىننى ئۆلتۈرىدۇ.
— قىزىم، مۇنداق گەپلەرنى تېلېگراممىغا يازغىلى بولامدۇ؟ بۇ سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئۆزۈڭ-نىڭ ئىسمىنى، فوردنوجېۋس ئائىلىسىنىڭ نامى-نى يېزىشقا توغرا كېلىدۇغۇ.
— ماقۇل، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، تې-لېگراممىنى مۇنداق يازايلى، سەن سەكراتتا ياتقان بول ... شۇنداق يازساقلا ئۇلارنى كەلتۈرەلەيمىز. شۇنداق بولسۇن، سەن سەكراتتا ياتقان قىياپەتكە كىرىۋال. ئۇ ئىككى ئەركەك ئاۋۋال بىر كەلسۇن، ئىككىسىنىڭ قانچىلىك كارامىتى بارلىقىنى مەن

بىر كۆرۈپ باقاي ...

ئىككى يىگىت ئاپىسىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئايروپىلان بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئۇلار ئۆيگە كېلىپ، ئاپىسى ئالفىلىنىڭ جان ئۈزۈپ بولغانلىقىنى كۆردى. ئاسباسسىيە ئاپىسىنى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان قۇيۇلغانىدى، ئەتىسى تاڭ يورۇشىغىلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئېللاتو ئاپىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ زار ـ زار يىغلاپ نالە قىلدى:

ــــ ئاپا، كۆزۈڭنى ئاچقىنا، كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ، ئاپا. جېنىم ئاپا، مېنى تاشلاپ كەتسەڭ قانداق بولىدۇ، ئەمدى مەن كىمگە ئەركىلەيمەن ...

ئۇ توختىماي نالە قىلاتتى. ئىككى يىگىت ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىۋاتقان پەتچىلەرگە پارقىراپلا قاراپ تۇراتتى. ئۇلارغا دىققەت قىلىدىغان بىرەرى يوق ئىدى. ئۇلار فورمىلىرىنى كىيىپ كەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى، بولمىسا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان كىشىلەر ئۇلارغا مۇنداق دىققەت قىلماي قالمايتتى. ئاخىرىدا ئاسباسسىيە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قاقشىغىلى تۇردى:

ــــ ئاپامنى ئۆلتۈرگىنى ئاشۇ بۇزۇق، ئۇ ئاپامنىڭ بېشىغا چىقتى ... بىچارە ئاپام، ئۇ بۇزۇق ئېتىزدا خەق بىلەن ئۇچرىشىپ ... قىپيالىڭاچ تۇتۇلۇپ قالغان تۇرسا، بۇ نومۇسنى قانداق كۆتۈرەلەيدۇ.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئېلكىن كەلدى، ئۇ يىغلاپ تۈگىشىپ كەتكەنىدى.

ــــ ئاپام قاچان جان ئۈزدى؟ ــــ سورىدى ئېلىفسارئۇس.

ــــ هە، تۈنۈگۈن كەچتە يىقىلىپ قالغان.

دەل شۇ چاغدا، ئېگىتېلىن بىلەن سىرىق چاچلىق بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۆزىنى يوقاتقان ئاسباسسىيە ئۇ يىگىتكە قاراپ ئېتىلدى:

ــــ سەن بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭ؟ سەن كىم؟ فوردنوجېۋس ئائىلىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاشقا نېمە هەققىڭ بار ... ــــ ئانتونىئوس ئۇنىڭ بىر قولىنى تۇتۇۋالدى، ئاسباسسىيە يەنە بىر قولىنى ئېگىتېلىنغا شىلتىپ ۋارقىرىدى، ــــ باش جىنايەتچى مۇشۇ. ئانتونىئوس، ئاپىمىزنى مۇشۇ بۇزۇق ئۆلتۈردى.

ئىككى يىگىت قاتار بولۇپ تۇراتتى، بىرىگە ئەگىشىپ بىرى ئۆيىنىڭۋاتقان بۇ ئويۇنغا سوغۇق قانلىق، قىلچە تەمتىرەش يوق هالەتتە قاراپ تۇراتتى. ئىككى ئىنىسىنىڭ بەزدەك قاراپلا تۇرۇشى ئاسباسسىيەنىڭ ئەسەبىيلىكىنى چېكىگە يەتكۈزدى. ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ ئېگىتېلىننى ئىتتەردى.

ــــ يوقال، هازىرنىڭ ئۆزىدە كۆزۈمدىن يوقال. بۇ ئەسكى كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنىمۇ ئېلىپ كەت. ئۆز ئالدىڭغا توي قىلىۋالغان چوڭ ئادەمغۇ سەن، ئەمدى بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئاياغ باسقۇچى بولما. هازىرلا بۇ يەردىن يوقال!

ئېگىتېلىن ئىشىك تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا چېكىندى، كۆزلىرى بولسا بۇتتەك قاراپ تۇرغان ئاكىلىرىدا ئىدى.

ــــ ئاپامنىڭ بېشىغا چىققان بۇزۇق مۇشۇ، ــــ ئاسباسسىيە ئۆزىنى يوقاتقانىدى، يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئەر ـ خوتۇنغا قاراپ توختىماي ۋارقىرايتتى، ــــ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن توي قىلىۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاشتىن ئىلگىرى ئاپام ساپساق ئىدى، ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاپام بۇ نومۇسنى كۆتۈرەلمەي، شۇ كۈنى ئاخشىمىلا يىقىلىپ قالدى ...

ئاشۇ كۈنى كەچتە تېلېگراما يوللانغاندىلا پۈتۈن كەنت دەۋرەپ كەتكەنىدى. ئەتىسى ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە، قائىدە بويىچە هەممە ئادەم كېلىپ مېيىت بىلەن خوشلاشتى. ئاسباسسىيە پەتىگە كەلگەنلەرنى كۈتۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى، كۆزىدە بىر تېمىم ياش يوق، چىرايى قاتۇرۇپ قويۇغاندەك ئىپادىسىز ئىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئاپىسىنىڭ مېيىتى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ خۇدىنى يوقىتىپ يىغلاۋاتقاندەك ئېللاتوغا چۈشۈپ قالدى:

ــــ هەي بۇزۇق، بۇ سەن تۇرىدىغان يەر ئەمەس، دەرهال ئۈستىگە چىقىپ هېلىقى غەلىتە مەخلۇق بىلەن بىللە تۇرغىن.

ئالفىلى هايات ۋاقتىدا ئېللاتوغا هېچكىم مۇنداق قاتتىق تېگىپ باققان ئەمەس ئىدى. هازىر

ئارمارىيەمۇ سەككىز ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ئېللاتو يىغلىغىنىچە ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ يەرگىلا ئۆزىنى تاشلىدى. «مەن نېمە قىلدىم؟ مەن نېمە قىلدىم؟» ئۇ ئېسەدىگىنىچە ئۆزىگە ئۆزى سوئال قوياتتى.

— ھازىردىن باشلاپ، — دېدى پېنېلوپې بېسىق ئاۋازدا، — ئەمدى بىزنىڭ كۈنىمىز تەس بولىدۇ، ئېللاتو، ئەمدى ئۆزىمىزگە چىڭ بولمىساق بولمايدۇ.

ئىككى يىگىت بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا قاراپلا تۇرۇپ بەردى، چىش يېرىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئاسباسسىيەنىڭ قىلىقلىرى ئۇلارغا دادىسى ھايات چاغدىكى ۋەھىمىلىك مۇھىتنى ئەسلىتىپ قويغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچى سىقىلدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرمايلا، ئاپىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغىمۇ قارىماي ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ قايتىپ كەتمەكچى، بۇ كۆڭۈلسىز مۇھىتتىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ نىيىتىنى سېزىپ قالغان ئاسباسسىيە گەپنى ئۈزۈپلا قىلدى:

— سىلەر كېتىمەن دېگەن خىيالنى كاللاڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار. بۈگۈن كەچتە ئائىلە يىغىنى ئاچىمىز. مەن بۇ ئۆينىڭ چوڭى، بۇ ئائىلىدە بەزى تەدبىرلەرنى قوللانمىساق بولمايدىغان يېرى كېلىپ قالدى.

ئىككى يىگىت ئاسباسسىيەنىڭ گېپىنى يېرالمايتتى، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئاسباسسىيە ئارمارىيەنى بالدۇرراق ئۇخلىتىۋېتىشكە ئېلكىننى بۇيرۇدى.

— بىزنىڭ رەھمەتلىك ئانىمىز، — ئاسباسسىيە ئالدى بىلەن گەپ باشلىدى، — يامان يېرى، بىر ئىشلارغا كېسىپ بىرنېمە دېيەلمەيدىغان، ئاجىزلىقىنى چاندۇرۇپلا يۈرىدىغان ئايال ئىدى، — ئارقىدىن ئۇ ئېللاتونىڭ بويىدا قالغان ئىشنى ۋە ئاپىسىنىڭ ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز قوپال گەپلەر بىلەن سۆزلەپ ئۆتتى، — مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، — ئاسباسسىيە گېپىنى خۇلاسىلىگەندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئېللاتونىڭ نومۇسسىزلىقىنى قاتتىق جازالىمىغاچقا، ھارامدىن بالا تاپقان ئاشۇ بۇزۇقتا تاپتىن چىققانىنىڭ تەمىنى ياخشى تېتىتىپ قويمىغاچقا، يەنە بىر سىڭلىمىزمۇ تاپتىن چىقتى، بىزگە بىر ئېغىز تىنىپ قويماي، سىلەر بايا كۆرگەن بىر گومۇش بىلەن، بىر يېزا ئوقۇتقۇچىسى بىلەن توي قىلىۋالدى، تېخى ئۇ گومۇشنى نومۇس قىلماي قولتۇقلاپ بىزنىڭ فوردنوجېۋس ئائىلىسىگە ئېلىپ كەلدى.

— ھازىر، ئاسباسسىيە ھەدە، — دېدى ئانتونىئوس ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار بولۇپ قالدى.

— مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، — ئېللىفسارىئوس قوشۇمچە قىلدى.

— بۇ گەپلىرىڭلار قاملاشمىدى، — ئاسباسسىيەنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — ئائىلىمىزنىڭ نامىغا چۈشكەن بۇ داغنى يۇيۇش ئۈچۈن، سىلەر بىر قارارغا كېلىشىڭلار كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ بۇ گۇناھنى يۇغىلى بولمايدۇ.

شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاكا - ئىنى ئىككىسى ئىزچىل ئافىنادا تۇرۇپ كەلگەنىدى، ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان بۇ مەركىزىي شەھەردە ئۇلار نام - نىشانسىز ئەرزىمەس كىشىلەر ھېسابلىناتتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئاسباسسىيەنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن قۇللۇقتىن بىراقلا خوجايىنلىققا ئۆتۈپ قالغاندەك بىر ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە بىردىنلا جانلىنىپ، ئۆزلىرىنى خېلى چوڭ ئادەمدەك ھېس قىلدى. مۇشۇ يىللاردا ئۇلار دادىسىدىن كۆڭلىدە رازى بولۇپ يۈردى، دادىسى ئۇلارنى كاتتا شەخسلەردىن بولۇشقا قىستىمىدى، ئۇلارنىڭ سىرتلارغا چىقىپ يول ئىزدەپ بېقىش پىلانىنى قوللىدى، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەربىيلىكتە ئېرىشكەن ئۇنۋانى دادىسىنىڭ ئارزۇسىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى: بۇ كۈنلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار ھەم ئاسانغا توختىمىدى، ھەم تەسكىمۇ توختىمىدى. ئاسانغا توختىمىغىنى، ئۇلار نامرات بىر سەھرالىقتىن ھەربىيلىكتە خېلى يۇقىرى ئۇنۋانغا ئىگە ئەمەلدارلىققا بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يامىشىپ چىقتى؛ تەسكە توختىمىغىنى، ھەربىيلىكتىكى

قاتتىق تەلەپ ئائىلىسىدىكى قوپال دادىسى مىخايلوسىنىڭ تەلەپلىرىدىن ئېغىر بىلىنمىدى، ئائىلىدىن جەمئىيەتكە يۈزلىنىش تولىمۇ تەبىئىي تۇيۇلدى. مانا ھازىرمۇ ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا تەۋرەنمەس ئائىلە قورغىنى ئىچىدە يېتىلدۈرۈپ چىققان ئاجايىپ بىر قۇدرەتنى قايتىدىن ھېس قىلدى، ئۆزلىرىنى ئىنسانىنىڭ باغرىدا تۇرغاندەك سەزدى.

— ھە، يىگىتلەرنىڭ چوڭى، مەن سىنىڭ ئاغزىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئاسباسسىيە.

ئانتونىئوس گېپىنى قىرىپ قويدى، قولىنى ئىختىيارسىز فورمىسىنىڭ ياقىسىغا ئاپىرىپ، ئۆزىگە تونۇش بولغان ئىشەنچنى تاپماقچى بولدى، لېكىن تاپالمىدى، ئامالسىز ئېغىز ئاچتى:

— سىنىڭ ئاپام توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق، ئۇ ئېللاتوغا مۇنداق يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.

— راست دەيسەن، — ئېللىفساريئوس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — لېكىن بۇ ئىش ئاسباسسىيەنىڭ قاتتىق قوللۇقى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان بولسا، ئۇ چاغدا بۈگۈن بىزنىڭ كاللا قاتۇرۇۋاتقىنىمىز ئائىلىمىزنىڭ نام- ئابرۇيى ئۈستىدە بولماستىن، تۈرمىدە كىمنىڭ يېتىش مەسىلىسى بولاتتى ... چۈنكى ئارىمىزدىن بىرىمىز ئادەم ئۆلتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەككۇ ...

— توغرا دېدىڭ، گەپنىڭ نەق بولىدىغان يېرىنى قىلدىڭ، — ئانتونىئوس ئۇنىڭ گېپىنى دەرھال قوللىدى، — ئەمدى ئائىلىمىزدىن چىققان ئاسىي ئېگىتېلىنىغا كەلسەك، ئۇ ئائىلىمىزنىڭ قائىدىسىنى بۇزدى، تۇرمۇشلۇق بولۇشتا چوڭىدىن كىچىككە قاراپ ماڭىدىغان قائىدىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئاسباسسىيە ھەدە، سىنى يەرگە قاراتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىشنى بېكىتىشكە سىنى ئەڭ ھوقۇقلۇق دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئائىلىمىزنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشتا ئىزچىل بايراقدار بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەم سەن.

— ھەدە، بۇ ئىشقا ئۆزۈڭ بىرنېمە دەپ باقمامسەن، — دېدى ئېللىفساريئوس.

— مېنىڭچە، ئېگىتېلىنىنى فوردنوجېۋس ئائىلىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك، ئۇنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلاپ، گېزىتتە رەسمىي ئېلان قىلىش كېرەك.

— قەدىرلىك ھەدە، — ئانتونىئوس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇ مۇشۇنداق پەسكەش يولنى تاللىغانكەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئائىلە ئەزاسىنىڭ قاتارىدىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقتى دېگەن گەپ بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قەسەم قىلايلى، — دېدى ئاسباسسىيە، — ئېگىتېلىنىنى ئائىلىمىزنىڭ ئەزالىقىدىن مەڭگۈلۈك قوغلاپ چىقىرىمىز، — ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى، ئىككى يىگىتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوللىرىنى كۆتۈردى.

— قەسەم قىلىمىز.

— قەسەم قىلىمىز.

— قەسەم قىلىمىز.

— دېمەك، — ئاسباسسىيە قوشۇمچە قىلدى، — بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىمىزنى ئۈزىمىز، ئۇنى مەڭگۈ دۈشمىنىمىز دەپ قارايمىز.

— ئۇنى دۈشمىنىمىز دەپ قارايمىز ... — ئىككى يىگىت بۇ سۆزنى تەكرارلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئىش تېخى تۈگىمىدى، — دېدى ئاسباسسىيە ئارقىدىن، — ئەمدى ئېللاتونىڭ نومۇسسىز ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز، مۇشۇ توغرۇلۇق بىرنېمە دەپ بېقىڭلار.

— بۇ ئىشقا كەلسەك، قەدىرلىك ھەدە، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىش. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشقا قانچە يىل بولدى؟

— سەككىز يىل، ياق، ئارمارىيە سەككىز ياشقا كىردى، توققۇز يىل بوپتۇ.

— شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟!

— قەدىرلىك ئىنىلىرىم، ئېللاتونىڭ ھازىر قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىردى، — ئاسباسسىيە بۇ گەپنى تولىمۇ ئۇرغۇلۇق ئېيتتى، — مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بۇزۇلغان بۇ پەسكەش، بۇ ھايۋاننى يەنە مۇشۇنداق ئېپلاسلىقلارنى قىلمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ — ئاسباسسىيە ئىككى ئىنىسىغا ئەيىب

لەش نەزىرىدە مىختەك قادالدى، — سىلەر بۇ ئائىلىدە يۈز بەرگەن ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشۇڭلار كېرەك ... بۇ ئائىلىدىن يىراق يەرگە كېتىۋېلىپلا، قۇلىقىڭلارنى يوپۇرۇپ يۈرسەڭلار بولمايدۇ.

— ھەدە، بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بىز ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىدىن بەش يىلغىچە سىرتتا يۈردۇق، كېيىن ...

— ھە، كېيىن قانداق بولدى؟ — ئاسباسسىيە قىستاپ سورىدى.

— ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇق، بىر ئائىلىنىڭ غېمى بېشىمىزغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوتۇنۇم ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، — ئېلىلفسارىئوس ئۆزىنى ئاقلىدى.

— بۇ ئىشنى بولدى قىلساقمىكىن، — ئانتونىئوس ئىنىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئېغىز ئاچتى.

— نېمىشقا بولدى قىلغۇدەكمىز؟ — ئاسباسسىيە ۋارقىراپلا چۈشتى، — بۇ نومۇسسىز سىڭلىمىزنىڭ ھارامدىن بولغان بالىسىنى بىز بېقىپ چوڭ قىلدۇق، كۈنلىرىمىز دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتتى، خەقنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىدىن قورقۇپلا يۈردۇق، پۈتۈن چىقىمنى بىز تارتتۇق، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزىمىز؟

— گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالما، ئاسباسسىيە ھەدە، بىز بۇ ئىشلارنى ئۇقتۇق، ئۈستىمىزگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت بولسا باش تارتمايمىزغۇ.

— ئەمىسە سەندىن سوراپ باقاي، ئېللاتونىڭ مۇنداق گۇناھنى ئىككىنچىلەپ ئۆتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن قانداق چارە قوللانساق بولىدۇ؟

— دېمەكچى بولغىنىڭ ...

ئاسباسسىيە سەل ئىككىلىنىپ قالدى.

— ئەگەر، — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەگەر ئۇنىڭ ئاشۇ ئەرلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان گۈلدەك چىرايىنى كىسلاتا بىلەن كۆيدۈرۈپ بۇزۇۋەتسەك ...

ئىككىسى دىڭڭىدە چۆچۈپ، بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئاسباسسىيە ھەدە، مۇنداق قىلساق بىز جىنايى ئىشلار دېلوسىغا چېتىلىپ قالىمىز. ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئېگىتىلىنغا تېپىلماس پۇرسەت بولۇپ قالىدۇ... — جىنايەتشۇناس ئېلىلفسارىئوس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— راست دەيدۇ، ئېگىتىلىن بۇ پۇرسەتنى بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ، — ئانتونىئوس ئۇنىڭ گېپىنى ياقلىدى، — گەپ يوقلا سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز سۇنىدۇ، نۇرغۇن پاكىتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاخىرىدا سېنى جىنايى ئىشلار سوتىغا سۆرەپ بارىدۇ.

— توغرا، بۇ كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئىش، — ئېلىلفسارىئوس دەرھال گەپنى تارتىۋالدى ۋە گېپىنىڭ ئۇرغۇسىنى كۆتۈردى، — ئۇ چاغدا سەن سوتتا نېمىلەرنى دېيەلەيسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ ئۇنداقتا ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېيىشىڭگە توغرا كېلىدۇ، ئۇ چاغدا تىرىكلەرنىڭ گېپىنى قىلماي تۇرايلى، ئۆلۈپ كەتكەن ئاپامۇ قانۇن ئالدىدا ئالدامچى بولۇپ قالىدۇ، يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ چىقارغان جىنايەتچى بولىدۇ.

— بۇ قانداق ئىش، يالغان پاكىت دېگەن نېمە؟

— بازارلىق ھۆكۈمەتكە ئارمارىيەنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تىزىمغا ئالدۇرغاندا، ئۇنى ئاپام تۇغقان دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقتا ئېللاتونى نېمىشقا نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ قارىمايمىز؟ — سورىدى ئېلىلفسارىئوس.

— قانداق قىلىمىز دەيسەن؟

— ناھايىتى ئاددىي، ئۇنى مەڭگۈ سىرتقا چىقارمايمىز، ئېتىزدىكى ئىشلارغىمۇ ئۇنى سالمايمىز، ئۆيگە سولاپ باقىمىز.

— لېكىن ئۇ ئاشۇ نومۇسسىزلىقنىمۇ مۇشۇ ھويلىدىن چىقماي تۇرۇپ قىلغان.

كونىراپ كەتكەن ئۆي ئىچىنى بىر خىل يېقىمسىز سۈكۈت قاپلىدى، ئۆيدە ئادەم يوقتەك ئىدى.

ئىككى قىز — پېنىلوپې بىلەن ئېللاتو ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى گۈڭگا ئۆيدە مۇرىلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ ئولتۇراتتى، جىنچىراغنىڭ ئوتى ئەمدىلەتىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئىككىسى ئائىلە يىغىنى

نىڭ نەتىجىسىدىن دەككە- دۈككە بولۇپ ئولتۇراتتى.

— ئۇلار مېنى يەنە ئىتىرغا ئەۋەتەرمۇ؟ — سورىدى ئېللاتو.

— ھازىر بىزگە قانات بولىدىغان ئايىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، — دېدى پېنېلوپې شۇبىرلاپ، — مەيلى قانداق قارارغا كەلسۇن، خان ئاچامنىڭ سېنى بىر ئامالىلار بىلەن باسقىنى باسقان، ئۇ ساڭا ئۇلگۇدەك ھەسەت قىلىدۇ.

— ماڭا نېمىشقا شۇنچە ھەسەت قىلىدۇ؟ ئارمارىيەمۇ چىرايلىققۇ؟ ئۇ ئارمارىيەنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇغۇ؟

— ئەخمەقلەردەك گەپ قىلمىغىنا! ئاسباسىيە بىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇ ھەتتا ئۆزى باغرىنى يېرىپ چىققان ئاپامنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ قارىماققا ئارمارىيەگە ئامراقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ سېنىڭ ئارمارىيەگە بولغان مېھرىڭنى تارتىۋېلىپ ئۆزىگە خۇشاللىق تېپىۋاتقىنى. ئېللاتو، بىزنىڭ ئايىمىز ئەۋلىيادەك ئايال، ئۇ سېنى ئاسباسىيەنىڭ ھەسەت پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئىشنى ئاجايىپ زېرەكلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان، ئارمارىيەنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاپ بەرگەن ... سېنىڭ ئارمارىيەگە يېقىنلىشىشىڭغا يول قويمىغان، مۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە يەنە بىر تەرەپتىن ئارمارىيەنى قوغدىغانلىق بولىدۇ.

— ئاپا، ئەمدى مەن سۆيىدىغان كىم قالدى؟ — ئېللاتونىڭ ئېسىدە، ئۇ ئەينى چاغدا ئاپىسىدىن شۇنداق سورىغانىدى.

— مەن بار، قار مەلىكەم، مېنى سۆيسەڭ، ئوماق قوزام ... — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى ئاپىسى.

ئېللاتو ئىككىلىنىپرەك شۇنداق دېگەن:

— مەن سېنى ئەزەلدىن سۆيىمەن، لېكىن تونۇنىمۇ سۆيىمەن. مۇنداق قارىسام، ئاپا، بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئۇ باشقا گەپ ئىكەن ... ئاپا، سەن بۇنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ... ئۇبدان ئاپا ...

— راست، گېپىڭ ئورۇنلۇق ... شۇنداق بولغاندا، سەن پۈتۈن ئۆمرۈڭدە ئېسىڭدىن چىقىرىۋېتەلمەيدىغان مۇھەببەتكە ئېرىشكەن بولىسەن ...

— پۈتۈن ئۆمرۈمدە؟ ئاپا، سېنىڭ گېپىڭ بويىچە بولغاندا مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ بولدىمۇ؟

ئۆي ئىچىدە ئاسباسىيەنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ياڭرىدى:

— ئۇنى ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنى قايتا قىلمايدۇ دەپ كىم ماڭا ھۆددە قىلالايدۇ؟ ئۇ ھازىر قىز ئەمەس، كۈرسۈككە كىرگەن بىر قانجۇق ... شۇڭا ئۇن بەش يېشىدىلا قورسىقىدا بالا ئۇيۇندۇرەلىگەن ... يەنە كېلىپ ياغاچ كۆپىنىڭ ئىچىدە ...

— ساندۇق دېسەڭچۇ ھەدە، ئۆزۈڭ شۇنداق دەپ بەرگەنغۇ.

— نەدىلا بولسا ئوخشاشقۇ. مۇھىمى، ئۇ فوردنوجېۋۇس ئائىلىسىنىڭ يۈز - ئابرۇيى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى، ئۇنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمىدى ... يەنە بىرى، ئۇ ئەڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇنى يەنە بۇزۇقچىلىق قىلىشقا ئەمدى نېمە توسالغۇ بولاتتى ...

— ئۇنى باشقىدىن يۈزى ئېچىلمىغان قىز قىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

— ئېپىلفىسارىئوس، مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ چاقچاق قىلامسەن؟

— كىم چاقچاق قىپتۇ؟ مەن نەق گەپنى قىلىۋاتىمەن. قەدىرلىك ھەدە، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە پەن - تېخنىكا ھەرقانداق مۆجىزىنى يارىتالايدۇ.

— مەن سېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمىدىم.

— بۇ ئاددىيلا ئىش، پەردىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرسىلا ئىش پۈتىدۇ. بۇ خىل ئوپېراتسىيە «قىزلىق پەردىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى» دېيىلىدۇ. ئۇ ھازىر ئومۇملىشىپ بولدى، ئوپېراتسىيە ھەققىنىڭ جەدۋىلىمۇ بار ...

— ئۇ قانداق جەدۋەل؟

— ھە، دېمەكچى، دوختۇرنىڭ ماھارىتى قانچە ئۈستۈن بولسا، ئوپېراتسىيە ھەققى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. پەردە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدىمۇ، يول ئېتىلدى دېگەن گەپ، ھېلىقىدەك ئىشنى خالىغانچە قىلغىلى بولمايدۇ.

— ھە، چۈشەندىم! — ئاسباسسىيە ۋارقىرىۋەتتى، — دېمەك، كېيىن قايتا توي قىلسا قىلچە چاتمايدۇ دېگەن گەپ بولدىغۇ.

— لېكىن بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۇقتۇرمايمىز، ئۇنىڭغا دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — ئېللىفسارىئوس ئاسباسسىيەگە ۋەدە بەردى، — بۇ ئىشنى ماڭىلا قويۇپ بەر. ئۇنىڭ ئۆمرى قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىش ئىچىدە ئۆتسۇن.

تاڭ سەھەر، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى كەنتتىن ئايرىلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېللاتو كېتىۋاتاتتى. ئېللاتو ئۇلاردىن ئۆزىنى نەگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى سوراشقا پېتىنالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىشقىلىپ بۇ يەردىن يىراق يەرلەرگە كەتسىلا رازى ئىدى. ماشىنىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشى بىلەن قاتمۇقات تاغلار ئۈزلۈكسىز ئارقىسىغا سۈرۈلىۋەردى، ئىككى تەرەپنىڭ قوينى كەڭ ئېچىلدى.

ئېللاتو تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، ئاۋۇ نېمە؟

— دېڭىز، — دېدى ئانتونىئوس، ئېللاتونىڭ گۈزەللىكى ۋە كۆزلىرىدىن بالقىپ تۇرغان گۆدەكلىكتىن ئۇنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كەلگەندەك بولدى.

— توۋا، ئاشۇ يېيىلىپ ياتقان زەڭگەرلىكنىڭ ھەممىسى دېڭىزمۇ؟

ئېللاتودىكى ھاياجانلىنىش ئايرودرومغا بېرىپ ئايروپىلاننى كۆرگۈچە داۋاملاشتى. شۇنداق زور بىر مەخلۇقنىڭ قارا يەردىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلەلىشى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بەخت ۋە خۇشاللىقتا تويۇنغان كەيپىياتى، جۇشقۇنلۇق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، ساددىلىق ۋە گۆدەكلىك ئىچىدە نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا ئۇرۇنۇشلىرى ئىككى ئاكىسىنى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، ئېللاتونىڭ قىزغىنلىقلىرىنىڭ تەسىرىدىن يىراق تۇرالايتتى، ئۇنىڭ پاك ھېسسىياتى ئالدىدا ئېرىپ كېتىشتىن ساقلىنالايتتى.

— بىز نېمىشقا ئايروپىلانغا چىقىمىز؟ نەگە بارىمىز؟

— ئافېناغا بارىمىز.

— سىلەر مېنى بەك خۇشال قىلىۋەتتىڭلار! سىلەرنىڭ مۇنداق قىلىشىڭلارنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن ... ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بەكمۇ غېرىبسىنىپ كەتكەنىدىم ...

— نېمىنگە غېرىبسىنىسەن، ھەدىلىرىڭ بارغۇ؟

— سىلەر ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيسىلەر. ئۇ ... ئۇ ... — ئېللاتو بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلالمىدى.

— ئۇ دېگىنىڭ كىم؟ ئېللاتو، بىز كىمنى دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمىدۇق.

— ئاپام ئادەملەردىكى سالاھىيەت دېگەنلەرگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خانىشمۇ ئوخشاشلا ئادەم. بىزدە ئۆزىمىز بەلگىلىۋالغان بىر ئاتاق بار، بىز بۇ ئاتاقنى ناھايىتى تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ياكى خەت ـ ساۋاتى يوق ئادەملەرگىمۇ ئوخشاشلا بېرىۋېرىمىز. مەن ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئاياللارنى ئانام ئارقىلىق چۈشەندىم، خۇددى تۇپراق ۋە دەريالارغا ئوخشاش، ئاياللارمۇ ئۇلۇغ تەبىئەت ھەدىيە قىلغان بايلىق ئىكەن. بىزنىڭ ئانىمىز ئەڭ ئىللىق ھاياتلىق پەرۋىش قىلغۇچى، زىمىستان سوغۇقلاردا كىشىلەرگە ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشىدۇ. ئاپام خۇدا ئەمەس، خۇدا بۇ ئىشلارنى بىلمەيدۇ، بىزنىڭ ئاپىمىز مېھىر ـ مۇھەببەت تارقىتىدۇ، خۇدامۇ مېھىر ـ مۇھەببەت تارقىتىدۇ... ئەگەر پىچاق بىلەن مېنىڭ تېرەمنى تىلسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ چىقىدىغىنى قان ئەمەس، مېھىر ـ مۇھەببەت، ئاپامنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى بولىدۇ، مەن مۇشۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئېمىپ چوڭ بولغان ...

ئىككى يىگىت بېشى ئۈستىدە چاقماق چېقىلغاندەك زىلزىلىگە كەلدى. ئۇلار بىردەم ئېللاتوغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى، بىردەم بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالاتتى، يىگىرمە تۆت ياشقا كىرىپ، دېڭىز دېگەننى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بىر تاغلىق قىزنىڭ ئېغىزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان دۇردانىلەر ئۇنىڭ

گۈزەللىكىنى بىسىپ چۈشكەندى، ئۇلار بۇ مۆجىزىگە ھېچ ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمىدى.

— سەن ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگەنمۇ؟ — سورىدى ئېللىفسارىئوس.

— ياق، گېرمانىيىلىكلەر كېلىپ بەختسىز ئىتالىيىلىكلەرنىڭ ئورنىنى ئالغاندا، دادام مېنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالدى.

— ئىتالىيىلىكلەر ياخشىمۇ؟ — سورىدى ئانتونىئوس.

— مەن نەدىن بىلەي؟ مەن پەقەت بىرلا ئىتالىيىلىكنى تونۇيمەن.

— ئەمىسە نېمىشقا ئىتالىيىلىكلەرنى بەختسىز دەيسەن؟

— ئۇرۇشنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە ئادالەتسىزلىكى تۈپەيلى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەم پۈت قويغۇدەك يەر تاپالمىغان، پاناھلانغۇدەك ماكانغا ئېرىشەلمىگەن چاغدا، ئۇ تولىمۇ بىچارە بولىدۇ ... ھەرقانداق ئۇرۇشتا شۇنداق.

ئىككى يىگىت ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى تولىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئاڭلىدى. ئۇلار ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باقمىغان، شۇنداق، قاتناشمىغان، پەقەت خۇددى كىنوخانىغا كىرىپ تارىخىي فىلىم كۆرگەندەك، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇشقا سىرتتىن قاراپ تۇرغان، ئۇرۇش ئۇلاردىن تولىمۇ يىراقتىدەك ئىدى.

— ئېللاتو، بۇ ئىشلارنى ساڭا كىم سۆزلەپ بەرگەن؟

— ئۇ.

ئافىناغا بارغاندىن كېيىن ئىككى ئاكىسى ئېللاتو ئويلىغاندەك ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارمىدى، ئەكسىچە ئۇنى ئۆملۈك مەيدانىغا يېقىن يەردىكى بىر تار كوچىغا جايلاشقان مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى، ياتاق كىچىك ھەم پاسكىنا ئىدى، دېرىزىسىدىن قارشى تەرەپتىكى ئوخشاشلا قاسماقلىشىپ كەتكەن دېرىزىدىن باشقا نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىككىنچى ئاكىسى ئېللىفسارىئوس ئېللاتوغا قاراڭغۇ چۈشكۈچە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردى. ئېللىفسارىئوس بۇ كۆڭۈلسىز ئۆيدىكى بىردىنبىر ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچى سىقىلاتتى، بارغانسېرى بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى، جىممىدە ئولتۇرۇش، ئېللاتوغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي گۆشىيىپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا ئاسانغا توختىمايۋاتاتتى. ئېللاتونىڭ ياسالمىلىق دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق تۈزلا كەتكەن سەممىي گەپلىرى بۇ ئاكا بولغۇچىنى تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ھەرقانچە بىئارام بولسىمۇ بىر ئېغىز گەپ قوشماي ئولتۇراتتى، ئېللاتو گەپ قىلغاندا ئۇياق ـ بۇيىقىنى ئويلاپ ئولتۇرمايتتى، خەق بىرنېمە دەپ قالارمۇ دەپ قورقمايتتى، ئويلىغانلىرىنى، ھېس قىلغانلىرىنى ئەركىن سۆزلەۋېرەتتى، ئادەم شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سۇغىرىلغان ھەرقانداق بىر ھېسسىياتىدا ئالا كۆڭۈللۈكنىڭ سايىسى يوق ئىدى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزى چىن كۆڭلىدىن خالىغان ئىشلار ئىدى. ئېللىفسارىئوسنىڭ خىيالى ئېللاتونىڭ «مەن پەقەت بىرلا ئىتالىيىلىكنى تونۇيمەن» دېگەن سۆزى ئۈستىدە توختاپ قالدى، ئەگەر بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن يەنە قانداق سۆزلەرنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئېللىفسارىئوس ئېللاتوغا ئەمدى يېتىپ ئۇخلاشنى ئېيتتى.

— سەنچۇ؟ — ئېللاتو ناھايىتى تەبىئىيلا سورىدى، لېكىن سوئالى جاۋابسىز قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىز ئەتراپىدا ياتاققا ئانتونىئوس كەلدى. ئۇلار ياتاقتىن چىقىپ ئېگىز بىر بىناغا كىردى، لىفت ئۇلارنى يۇقىرى قەۋەتكە ئېلىپ ماڭدى، لىفتتا ئېللاتونىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئانتونىئوس بىر كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، لىفت ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى، ئۇلار تولىمۇ پاكىز بىر ئۆيگە كىرىپ، قوڭۇر رەڭلىك پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئېللاتو مۇنداق يەرنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار ئۇزۇن ئولتۇرمايلا، ئاق خالات كىيگەن سېمىز بىر ئايال ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئايال ئېللاتوغا يېقىن كېلىپ: «مەن بىلەن

مېڭىڭ» دېدى.

ئېللاتو تەمتىرەش ئىچىدە ئايالغا قارىدى، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئاكىسىغا قارىدى، ئاكىسى باش لىڭشىتىپ، ئۇنى ئايال بىلەن بىللە مېڭىشقا ئۈندىدى. ئېللاتو ئايالغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئاق، تېخىمۇ يورۇق بىر ئۆيگە كىردى، ئۆيدە تولىمۇ تار بىر كارىۋات تۇراتتى. ئۇلار ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، پاختا رەختتىن تىكىلگەن قارىلىق كىيىمنىڭ يېڭىنى تۈردى. ئېللاتو بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇردى، ئۇلارنىڭ زادى نېمە قىلماقچىلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلىكىگە رېزىنكە باغلىدى، باغلىغاندىمۇ شۇنداق چىڭ باغلىدىكى، ئېللاتو ئاغرىققا ئاران چىدىدى.

— ئۆزىڭىزنى بوش قويۇۋېتىڭ، جىددىيلەشمەڭ، ئاغرىمايدۇ، ھەرە چېقىۋالغاندەك چىملا قىلىپ قالىدۇ شۇ.

ئېللاتو ئوكۇل تۇتقان قولنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئارقىدىن بىر پارچە قىزىل لاتا شامالدا يەلپۈنۈۋاتقاندەك بولدى، ئېللاتو قىزىل لاتىغا قاراپ لەرزان پەرۋاز قىلدى.

ئېللاتو كىمنىڭدۇر مەڭزىگە شاپىلاقلىشى بىلەن ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئاق خالاتلىق ھېلىقى سېمىز ئايالنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى غۇۋالىق ئىچىدە كۆردى.

— قانداقراق؟ ھېچقانداق ئىش يوقتۇ؟

— ياخشى، ھېچقانداق ئىش يوق. بىراق مەن ھازىر قەيەردە؟

— سىز بۇ يەردە بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىڭ، ئىككى ئاكىڭىز سىرتتا سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

ئېللاتو ئۆزىنىڭ بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئېللاتو ئىككى ئاكىسى بىلەن بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ ھېلىقى پاسكىنا مېھمانخانىغا قايتتى، ئاكىلىرى ئۇنىڭغا كارىۋاتتا بىر كۈن مىدىرلىماي يېتىپ ئارام ئېلىشنى تاپىلىدى. ئېللاتو ئىشىك قۇلۇپىنىڭ سىرتتىن شاراقلاپ تاقالغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىنلا كۆزى ئىلىنىپ بىرنەچچە سائەت قاتتىق ئۇخلىدى. ئۇ قورسىقى قاتتىق ئاچقاندىلا ئويغىنىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن، ئېللىفسارئۇس ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنىڭغا بىر بولكا ئەكىرىپ بەردى. قورسىقى ئېچىپ چىدىيالماي قالغان ئېللاتو بولكىنى ئۈچ چىشلەش بىلەنلا يوق قىلدى. ئىككى ئاكىسى ئېللاتونى ئۆيگە قايتۇرۇپ ماڭدى. ئافېنانىڭ كوچىلىرىدىكى مىڭ ـ مىڭ ئادەم، سانجاق ـ سانجاق ئېگىز بىنالار، موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار، يول بويى ئۇچراپ تۇرغان يېڭىلىقلار ئېللاتونى ئىككى كۈن بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ھاياجانغا سالالمىدى. ئىككى ئاكىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ مەقسىتىنىڭ سىر تۇتۇلۇشى بىر يامان ئىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئېللاتونىڭ كۆڭلىگە سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ ھەرقانداق قورقۇنچلۇق ئىش بولسىمۇ بىلىشنى خالايتتى، ئىككى ئاكىسىنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يەڭگىسىنىڭ مالايلىقىنى قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ بىلىپ باققۇسى كېلەتتى.

ئېللاتو ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئافېناغا قىلغان سەپەر سىر پېتى قېلىۋەردى. ئاسپاسىيەمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭغا چىراي ئاچمايۋاتاتتى.

— ئاسپاسىيە ھەدە، سەن مېنى ئافېناغا نېمىگە ئەۋەتتىڭ؟ — ئېللاتو كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ سورىدى.

ئاسپاسىيە ئېللاتوغا مەنسىتمىگەندەك مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— بىزنىڭ بۇنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش مەجبۇرىيىتىمىز يوق. مەيلى قانداق بولسۇن، سەن بىزنىڭ ئائىلىدە ئۆرپ ـ ئادەتنى بۇزغان بىر پاھىشە.

— ئاسپاسىيە ھەدە، پاھىشە دېگەن نېمە؟

— ھارامدىن بالا تاپقان ئادەم پاھىشە بولىدۇ.

— ھارامدىن بالا تېپىش دېگەن قانداق ئىش؟

— مۇشۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ دادىسى يوق بالا ھارامدىن تېپىلغان بالا بولىدۇ.

— لېكىن، تونىنو ئۇ چاغدا مۇشۇ يەردە، بىزنىڭ ئۆيدە ئىدى. دېمەكچى بولغىنىم، بالىنىڭ دادىسى بار، ئۇ تونىنو.

— ھەي تەڭرىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىگەن

بۇزۇق، بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغۇچى بولما، بۇ توغرۇلۇق گەپ ئىككىنچى بولۇنمىسۇن ... بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا ھۆرمەت بىلەن «سىز» لەپ گەپ قىل. بولدى، چىقىپ كەت، چىقىپ گۈلزارلىقتىكى چۆپلەرنى ئوتىغىن.

— ئېبلاتو يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى، ئۆزىنى تولىمۇ يېنىك ھېس قىلدى. ئۇ ئوتىغۇچنى ھەر قېتىم چۆپلەرنىڭ يىلتىزىغا ئۇرغاندا، ئېغىر تىنىپ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ قويۋاتتى:

— بۇ ئۇرۇشۇم ئانتونىئوس ئاكامغا! — ئۇ يەنە بىرنى ئۇراتتى، — ئېپىلىفسارىئوس ئاكا، ساڭمۇ بىرى كەتتى! باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئەر قۇرۇق جىسمىلا بار ئەر، رەزىل ئەر، ھاماقەت ئەر.

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ئېبلاتوغا ئوبدانلا ھاردۇق يەتتى. ئۇ پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيىگە قايتىپ چىقتى. پېنېلوپې ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى، بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ سىرىنى ئىككىسى بىرلىكتە ئاچماقچىدى. ئاپىسى ھايات ۋاقتىدا، بولۇپمۇ ئاشۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئېبلاتو بىلەن پېنېلوپې چوڭلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ بىر ئۆيدە ياتالمايتتى. ئادەمنىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىدىكى بەزى ئىشلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن، لېكىن يۈرەككە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن بەزى ئىشلار بولسا ئۆز ئەينى بىلەن ساقلىنىپ قالىدىكەن. بۇ ھەممە ئادەمگە ئورتاق تەسىرات. پېنېلوپې بىلەن ئېبلاتو ئىككىسى بىللە تونۇشۇپ قالغان بىردىنبىر ئەر، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ كامالەتكە يەتكەن، ئەڭ يېقىملىق ئەر ئۇ ئىككىسىنى مانا مۇشۇنداق تەسىراتقا كەلتۈرگەنىدى. ئاشۇ ئەرنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىگە ئەسىر بولۇپ ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلار ئېبلاتونىڭ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالتۇندەك ۋاقىت ھېسابلىناتتى. «ئېيتىپ باققىنا، تۇرمۇشتىكى ئەڭ پىنھان، ئەڭ تىرەن سىرلارنى قانداق قىلغاندا يەشكىلى بولىدۇ؟» بۇ پېنېلوپې ھەر كۈنى قويىدىغان سوئال ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان يالقۇنلار ئۇنىڭ بۇ سىرنىڭ تېگىگە ئاخىر بىر كۈنى يېتەلەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ئېبلاتو بولسا سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان خۇشاللىقى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ئەپسانىسىنى توقۇيتتى ھەمدە بۇ ئەپسانىنى مۇشۇ يىللاردىن بېرى يۈرىكىدە تىرىك ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. خۇددى قۇرۇق دەرەخ شېخى ئوچاققا تاشلانغاندەك، ئېبلاتو دەسلەپتە بارماقلىرىنىڭ كۆيۈشكە باشلىغانلىقىنى سەزدى ... ئارقىدىن ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلەن يىگىتنىڭ لەۋلىرى جۈپلەشتى، تىنىقلار توختىدى، ئىككىسى بىر - بىرىگە باغلاندى، لەۋلەردىن باشلانغان بىرىكىش پۈتۈن بەدەنگە كېڭەيدى، بۇ گويا دەرەخنىڭ شاخچىلىرىدىن كېيىن غولى كۆيگەنگە ئوخشايتتى. ئۇلار چىرمىشىپ كەتتى، ئىڭرىغاندەك بىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى، بۇ ئاۋاز ئېغىزىدىن چىقتىمۇ ياكى مۇسكۇللىرى ئارىسىدىن چىقتىمۇ، ئېبلاتو ئۈچۈن بۇ مەڭگۈلۈك سىر. بۇ چاغدا مۇھەببەت ھەيۋەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى، پۈتۈن بەدىنىگە، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يامرىدى، ئېغىر تىنىشلار، ئاچچىق چىرقىراش ... پېنېلوپې ئېسەدەپ يىغلىماقتا، ئېبلاتو بولسا قاراڭغۇلۇققا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ تۇرماقتا، ئۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ بىر ئېزناسىنى تېپىشنى، ئۇنىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كېتىشنى ئىستەيتتى.

شۇ تاپتا بۇ ئىككى قىزنى زۇلمەتلىك دۇنيا ئوراپ تۇراتتى. ئېبلاتو مەھبۇستەك سولاپ قويۇلغان ئاشۇ مېھمانخانىدىكى قورقۇنچلۇق ئۆيدە ئۇچرىغان سوغۇق مۇئامىلە ۋە ئۇنىڭغا ئوكۇل سالغان ئاشۇ ئاق خالاتلىق ئايالنىڭ تېگىدە زادى نېمە سىر باردۇ؟ ئۇ ئىشلارغا بۇ ئىككى قىزنىڭ كاللىسى يەتمەيۋاتاتتى.

ئىككىسى يەنە پايانسىز دېڭىزغا دۇچ كېلىپ قالدى، ئېبلاتو دېڭىز ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تاڭ شەپقىنىڭ سانسىز نۇر تالالىرى ئاستىدا يېيىلىپ ياتقان دېڭىز ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا سانسىزلىغان جاۋاھىراتلارنى پۇرقۇپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى دېڭىز يۈزىگە تەگمىدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئايان،

ئۇنىڭ ئاستىدا يېيىلىپ ياتقىنى سۇ، پايانى يوق
سۇ، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىنىڭ ئۇنى يېقىندىن كۆ-
زىتىپ تۇرۇش ئارزۇسى گويا مۇشۇ پايانسىز دېڭىز-
دەك ئايىغى چىقمايدۇ.

كۈندۈز بىلەن كېچە ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ،
ئاستا - ئاستا يىللارنى ھاسىل قىلىپ كېتىۋەردى.
كۈندىن - كۈنگە ھالىدىن كېتىۋاتقان بۇ ئۆيدە گويا
ھازىر ھەممە نەرسە زوۋالىدىن قالغان، كۈنلەر
شۇنداق مەنىسىز ئۆتمەكتە، يېڭىلىق دېگەن نەرسە
يوق. ۋاقىت ئالدىغا قاراپ يۇمىلاۋاتقان بىر پارچە
تاشنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنسېرى ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان خاتىرىلەر ئويۇلغان، ھازىر ھەتتا
ئۇنىڭ يۇمىلاشلىرىغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويىدى-
غان ئادەممۇ قالمىدى، بىر ئېلكىنلا ئەتىگەندىن -
كەچكىچە ئېتىز بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدا قاتراش
بىلەن ئالدىراش. ئۇنىڭدىن قالسا، ئاسباسسىيەنىڭ
توقۇش ماشىنىسىنىڭ تاقىلدىغان يېقىمسىز ئاۋا-
زى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئاسباسسىيە
كەمدىن - كەم گەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ بېلىگە باغلان-
غان يىپتا ھەرقاچان بىر توپ ئاچقۇچ ئېسىقلىق،
ئاچقۇچلارنىڭ بەزىلىرى بەكلا كىچىك، بەزىلىرى
بەكلا يوغان. ئۇ توقۇغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى
ساندۇقتا قۇلۇپلاقلىق. بۇ ئائىلىنىڭ كېلىم - كې-
تىمىمۇ ئازلاپ كەتتى. لېكىن، پېشايۋاندىكى ئىش-
كاپتا ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن تاتلىق - تۈرۈم-
لار سولاقلىق، ئۇلار ئاسان يەردىن چىقمايدىغان
شاكىلات كەمپۈت، ھەسەل قوشۇلغان تورت دېگەن-
دەك نەرسىلەر، بەزىلىرىگە يىل ئاتلاپ ئاستى پاخ-
تىلىشىپ كەتكەن. ناگان - ناگاندا بىرەر - يېرىم
مېھمان كېلىپ قالسا، ئائىلىنىڭ قائىدە - يوسۇنى
بويىچە كۈتۈۋېلىنىدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئاسباسسى-
يەنىڭ ئورۇندۇقى ئارقىسىدا تۇرغان ئېلكىن: «ئاس-
باسسىيە ھەدە، پەتنۇسنى ئېلىپ چىقمەنمۇ؟» دەپ
سورايدۇ، ئاسباسسىيە باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق
بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئېلكىن پەتنۇسقا بىر ئىس-
تاكان سۇ، بىر قۇرۇق ئەينەك تەخسىنى قويۇپ كۆ-
تۈرۈپ چىقىدۇ.

—— ئاسباسسىيە ھەدە، تەخسىگە تورت سالد-
مىزمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئاسباسسىيە ئورنىدىن تۇرىدۇ،
خۇددى سەھنىدىكى ئارتىسلاردەك ئۇششاق چامداپ
ئىشكاپنىڭ يېنىغا بارىدۇ، بېلىدىكى ئاچقۇچنى
ئېلىپ، ئىشكاپنىڭ ئوتتۇرا تارتمىسىنى ئاچىدۇ،
ھەسەل قوشۇلغان پاختىلىشىپ كەتكەن تورتنى ئا-
جايىپ بىر سالاپەتلىك ھەرىكەت بىلەن ئېلىپ
قۇرۇق تەخسىگە سالىدۇ. پاختىلىشىپ كەتكەن
تورتقا ئۇنداق - مۇنداق دېيىشكە ھېچكىمنىڭ
ھەددى ئەمەس، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى،
ئاشۇ تورتمۇ مېھماننىڭ ئالدىدىن ئېشىپ چىقماي-
دۇ. ئاسباسسىيە گويا خان جەمەتىنىڭ ئېسىلزادە
خېنىملىرىدەك سالاپەت بىلەن مېھمانغا سۇس كۈ-
لۈمسىرەپ قاراپ تۇرىدۇ.

قىش يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئەتىگەن، پې-
نېلوپې بىلەن ئېللاتو مەشنىڭ ئالدىدا كەشتە
توقۇپ ئولتۇراتتى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پا-
راڭمۇ يوق ئىدى. بىر چاغدا، ئۆچكىلەر تىلغىۋەت-
كەن گۈلزارلىقتىن بىر ئاۋاز كەلدى، بۇ ئاۋاز گۆ-
رىستان جىمجىتلىقىدىكى ئۆيدە خۇددى بۇرغىنىڭ
ئاۋازىدەك كۆچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

—— فوردنوجېۋس خانىم!

ئاسباسسىيە توقۇش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدىن
كىچىك دېرىزە ئالدىغا باردى.

—— كىم؟ —— ئۇ يېقىمسىز بىر ئاۋازدا ۋارقى-
رىدى.

ئېللاتو ئىختىيارسىز ھالدا پېنېلوپېنىڭ قو-
لىنى تۇتىۋالدى، ئىككى قولى مىخلاپ قويغاندەك
قېتىپ قالدى.

—— كەچۈرۈڭ، فوردنوجېۋس خانىم، —— ئۆزد-
نى كۆرگىلى بولمايدىغان ئادەمنىڭ خۇشاللىق
چىقىپ تۇرغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

ئېللاتو پېنېلوپېنى ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە
ئىتتەرگەچ ئالدىراتتى:

—— تېز، تېز چىقىپ قاراپ باق.

غەلىتە مەخلۇق تىۋىش چىقارماي چىقىپ
كەتتى. ئۇ ئۆزىنى پەسكە چۈشۈپ بولغان ئاسباس-
سىيەنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ تۇردى. ئاسباسسىيە
ئىشىكتىن يېرىم چىقىپ قارىدى، پېشايۋاننىڭ پە-

لەمپىيى ئاستىدا تېرىلىرى قارامتۇل بىر ئەر دوس-
تانە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ گرېك تىلىنى تەستە
يامداپ ئېغىز ئاچتى:

— ھە، مەن ئىتالىيىلىك ئۇرۇش قىلغۇچى.

— نېمە ئىشىڭىز بار؟ — ئاسباسسىيە سو-
غۇققلا سورىدى.

— ھە، مەن تونىنو بولىمەن.

— مەن سىزدىن نېمە ئىشىڭىز بار دەپ سورا-
ۋاتىمەن.

— ھە، مەن ئېيللاتونى تونۇيمەن.

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئېيللاتو دەپ بىرى يوق.

— ھە، ئەمىسە ئېيلكىن دەپ بىر ياخشى
سىڭلىم بولىدىغان، ئىككىمىز تاغدىكى پارتىزانلار-
نى بىللە ئىزدەپ چىققان.

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئېيلكىن دەپ بىرىمۇ يوق.

— مەن فوردنوجېۋس ئاپامنى ئىزدەيتتىم، ئۇ-
نىڭغا بىر ئۈزۈك ئالغاچ كەلگەن، خوتۇنۇم ئېيللاتو-
غا بېرىپ قويسىلا بولاتتى.

— بۇ يەردىن كەت، ئادەمنى بىزار قىلماي بۇ
يەردىن يوقال، بولمىسا ساقچى چاقىرىمەن. لۈكچەك،
خەقنىڭ ھويلىسىغا ئۇسۇپ كىرىۋېرىدىكىنە.

ئاسباسسىيەنىڭ بىردىنلا ئاچچىقلاپ كەتكەنلى-
كىنى كۆرۈپ، ئىتالىيىلىك كەينىگە داجىدى، خاتا
كېلىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلىدى. ئاسباس-
سىيە ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، ئۇ چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن گۈلزارلىقنىڭ تۆمۈر ئىشىك-
نى چىڭكىدە ئېتىۋالدى، ئۇنىڭ چىرايى قەغەزدەك
ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

پېنېلوپې دەرھال كەينىگە قايتىپ، ئاسباسسى-
يە قايتىپ كىرگۈچە ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقى-
ۋالدى. ئۇ چىققاندا ئېيللاتو كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا يا-
تاتتى، كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى. پېنېلوپې ئېيللاتو-
نىڭ يېنىغا تىزلاندى، كالانپاي قوللىرى بىلەن
ئېيللاتونى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ھەممىنى ئاڭلىدىم.

ئېيللاتو مىدىر قىلماي نەچچە سائەت ياتتى، ئا-
زابلىرى ئىچىگە پاتماي، ھەتتا ئاسباسسىيەنى ئۆل-
تۈرۈۋېتىش نىيىتىگىمۇ كەلدى. ئاندىن كېيىنچۇ؟
ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولىدۇ، بۇ گۇناھى ئۇچۇن تۈر-
مىدە ياتىدۇ، لېكىن شۇنداقتىمۇ جېنى ئارام
تېپىپ، يېنىكلەپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاسباسسىيە-
دىن ئۆزۈل - كېسىل قۇتۇلغان بولىدۇ. سەۋدايىلار-
چە بىر خۇشاللىق ئېيللاتونىڭ ئىچ - ئىچىدىن
ئۆرلەپ چىقتى. ھەي، زادى قانداق قىلسا بولىدۇ؟
ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ قالغان ئۆمرى تۈرمى-
دە ئۆتىدۇ، چۈنكى ئۇ سوتتا ئۆزىنى ئاقلىيالىغۇدەك
بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدۇ. ئۇ چاغدا تۈرمە ھا-
ياتىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ تۈرمىدە قانچىلىك ۋاقىت
يېتىپ كېتەر؟ قانچە يىل؟ ئون توققۇز يىل؟ بويى-
دا قالغان ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندا، ۋاي خۇدايىم، ئا-
رىدىن شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ ئادەم-
نىڭ ھاياتى ... ئادەمنىڭ ھاياتى مۇشۇنداقلا تۈگەم-
دۇ؟ ئادەم قايتا ھاياتلىققا ئېرىشەلەرمۇ؟ ئۇنداقتا
ئاسباسسىيەچۇ؟ ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۆچمە-
نى ھەقىقىي ئالغان بولامدۇ؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېگى-
لى بولمايدۇ. ئەمىسە قانداق قىلسا ئۇنىڭدىن ئەنتە-
نى ئالالىغان بولىدۇ؟ ئۇ مۇشۇنداق مەنىسىزلىك
ئىچىدە ياشاۋەرسۇن، مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي، ئۇ-
زىنىڭ سايىسىگە ئۆزى ھەمراھ بولۇپ تىكەندەك
يالغۇز ئۆتۈپ كەتسۇن، ئۇزۇن ھايات مۇساپىسىدە
ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغان بۇرۇقتۇرمىلىق
تۇرمۇش ئىچىدە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ
ئۆلسۇن. لېكىن، شۇنىڭدىمۇ دەردىم چىقىدىغاندەك
ئەمەس، ئۇ نېمىشقا ماڭا مۇنداق ئۆچلۈك قىلىدۇ؟
بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭ ئورنى نېمىشقا مۇنداق ئۈستۈن
بولىدۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا لايىق ئەمەس ئىدىغۇ. ھىم، قا-
رىغاندا مەن ھاياتىمنى باشقىدىن باشلىمىسام،
ئۇنىڭ سايىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقمىسام بولمايدىغان-
دەك قىلىدۇ. لېكىن، نەگە بارىمەن؟ بارار يېرىم
يوق، ياق، ماڭا پاناھلانغۇدەك بىر يەر چىقىدۇ.

ئۆي ئىچىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك بىر ئاۋاز ياڭ-
رىدى.

— مەن ... ئۇنى ... تاپتىم!

ئېيللاتو ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغىنىچە پەلەمپەي-
دىن ئۆزىنى ئۇرۇپ چۈشتى، ئاشخانىنىڭ ئىشىك-
دە تاش ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان ئاسباسسىيەگە
بېرىپ سوقۇلدى، ئارقىدىن پېشايۋاننىڭ پەلەمپە-

يەدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ سىرتقا يۈگۈردى، خۇددى ئۇرۇش مەيدانىدا ئاتاكىغا ئۆتكەن جەڭچىدەك توختىماي ۋارقىراپ ماڭدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە گۈلزارلىقتىن ئۆتۈپ چوڭ كوچىغا چىقتى، شۇنىڭدىلا ۋارقىراشتىن توختىدى، لېكىن چۈشتىن كېيىنكى ئادەمسىز كوچىدا يۈگۈرۈشتىن توختىمىدى. ئۇ مۇشۇ يۈگۈرۈشى بىلەن مېڭىسىدە ئۇزۇندىن بېرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان يامان چۈشتىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقاندەك ئىدى. «مەڭگۈلۈك»، «مەڭگۈلۈك» ئۇ مۇشۇ گەپنى تەكرارلايتتى ياكى ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇشۇنداق بىر سادا ئاڭلىنىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭدىكى قورقۇش، رايىشلىق دېگەن نەرسىلەر پۈتۈنلەي يوقالغان، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىدە ئەسلىدە بار پاكلىق، قەيسەرلىك، ئاقىۋەتنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان گۆدەكلەرچە روھ قايتىپ كەلگەنىدى. غەلىتە يېرى، ئۇ ئاپىسىنى ئۆزىنىڭ يېنىدا سېزەتتى، ئاپىسى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى يېتىلەپ مېڭىۋاتاتتى، ئۇنى ھەققانىيەت يولىدىن قايتماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ دۆڭلەردىن ئاشتى، تاغلاردىن ھالقىدى، ئۇ ئۈچىسىدىكى قارا كىيىم بىلەن ئادەتتىكى كۆزلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قالمايتتى.

ئاسباسسىيە ئېللاتونىڭ سوقۇشى بىلەن ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تاققىدە توختاپ قالدى، خۇددى توك سوقۇۋەتكەن ئادەمدەك قېتىپ قالدى. ئېللاتو كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ ئۇنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاسباسسىيە خېلى ۋاقىتقىچە ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ كەتتى. پېنېلوپىمۇ پەلەمپەينىڭ چوققىسىدا پەسكە قارىغىنىچە تۇراتتى، قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى تەستە بېسىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كۈلكە ئاجايىپ بىر سەلتەنەتلىك تەبەسسۇمغا ئايلىنىپ چىرايىغا تېپىپ چىققاندى، لېكىن ئۇ تەبەسسۇمنى دەرھال يىغىشتۇرۇۋالمىسا بولمايتتى. «ئېللاتو ئۇنى ئىزدەپ كەتتى، ئېللاتو ئۇنىڭ يېنىغا كەتتى» پېنېلوپى بۇ غەلىبىگە ئىچىدە تەنتەنە قىلىۋاتاتتى.

ئاسباسسىيە ئاخىر كەينىگە بۇرۇلدى، تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىدى:

— دەرھال ئېلكىننى تېپىپ كەل!

— ئۇنى نەدىن تېپىپ كېلىمەن؟ — دېدى پېنېلوپى قورقۇپراق.

— بولدى، سەن ھېچ يەرگە بارما! پەسكە چۈشۈپ ئولتۇر، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!

پېنېلوپى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە پەسكە چۈشۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزى ئېللاتو تاشلاپ كەتكەن كەشتىگە چۈشتى، ئۇنى ئېلىپ يېنىغا قويۇپ قويدى. «ئېللاتو ئۇنى ئىزدەپ كەتتى، ئېللاتو ئۇنىڭ يېنىغا كەتتى» ئۇ خۇددى ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك، بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى غەلىتە كۆكرىكىدىن چىقىرىپ غىڭشىدى. بىرپەستىن كېيىن پېنېلوپى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىنلا «ياخشىمۇسەن؟» دېگەن تاتلىق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارمارىيە قايتىپ كەلگەنىدى.

— ئوبدان قوزام، دەرھال بەرەڭگىلىككە بېرىپ ئېلكىننى چاقىرىپ كەل. بەرەڭگىلىك سان دىمىترى چېركاۋىنىڭ ئارقىسىدا.

— نېمە ئىش بولدى؟ ئاسباسسىيە ھەدە، چىرايىڭ نېمانداق تاتىرىپ كەتتى؟

— ھېچ ئىش بولمىدى، ئاپئاق قىز، ھېچ ئىش يوق. تېز بېرىپ كەل، يولدا يۈگۈرمە، باشقىلار بىر ئىش چىققان ئوخشايدۇ دەپ گۇمانلىنىپ قالمىسۇن. ئىككىڭلار بىللە قايتىپ كېلىڭلار، تېز بول.

ئۇزۇنغا قالماي، ئېلكىن بىلەن ئارمارىيە بىللە كىرىپ كەلدى.

— ئۇ كەتتى، ئېللاتو كەتتى، — دېدى ئاسباسسىيە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ يۇقىرى ئاۋازدا.

— ئاسباسسىيە ھەدە، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— مەنمۇ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، مەن قولۇمدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. ئۇ چۈش ۋاقتى بىلەن كەتتى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئولتۇرغىن. ئۇنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇپ كەتكىنىنى

قانداق بىلىسەن؟ ئېيتقىنا، ئوتتۇرىدا زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق ... ئۇ باشتا ئېلىشىپ قالغاندەك ۋارقىرىدى، ئاندىن يوگۇرگىنىچە كوچىغا چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن؟ ئۇ نېمىشقا ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ، — ئارمارىيە سەل گۇمانلىنىپ سورىدى.

— بولدى، ئارمارىيە، سەن بېرىپ دەرسىڭنى تەييارلا، ئاسباسسىيەنىڭ يېنىدا مەن بار، — ئېلكىن ئاسباسسىيەنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندى، شۇڭا ئارمارىيەنى كۆزدىن نېرى قىلغانىدى. ئۇلار ئىككىسى قالغاندا، ئاسباسسىيە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

— ماۋۇ ئىشنى! ئاسباسسىيە ھەدە، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئائىلە يىغىنى ئاچمىساق بولماپتۇ، لېكىن ھېلىقى قېتىمقىدەك، يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا ئېگىتېلىنىڭ تويي قىلىۋالغان ئىشى توغرۇلۇق ئاچقاندەك ئاچساق بولمايدۇ.

— ئۇ ئىشنى تىلغا ئالمىغىنا. ئەمدى قانداق قىلساق بولىدۇ، مۇشۇنىڭ گېپىنى قىل.

— قانداق قىلىشنى سەن بىلىسەن.

— سەن بېرىپ ئۇنى تېپىپ كەل، قەيەردىن بولسىمۇ تېپىپ مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەل.

— ئۇنى نەدىن ئىزدەيمەن؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن. بولمىسا ئاۋۋال بازارغا بېرىپ ئىزدەپ باق. ئۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرسەڭ، بىكار تەلەپتىن بىرەرى ئالدىڭغا كېلىپ، سىڭلىڭ بىلەن ئىتالىيىلىكنىڭ بىللە يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

— ئۇ چاغدا مەن نېمە دەيمەن؟ بۇ ئىشنى بىلىدىغان بولىمەنمۇ ياكى بىلمەسكە سېلىۋالىمەنمۇ؟

— ئارتۇق گەپ قىلمايسەن. ئىككىسىنى بىر يەردە ئۇچرىتىپ قېلىشىڭمۇ مۇمكىن. ئىنشىلىپ ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلسەڭلا بولدى.

— ئەگەر ئىتالىيىلىك ئۇنى تاكسىغا سېلىپلا ئېلىپ كەتكەن بولسىچۇ؟ ھەي، ھەدە، ئۇ ئېللاتو بىلەن تويي قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، سەن نېمىشقا ...

— ئۇنداق قىلىپ بەرسەم ئېللاتو تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەمدۇ، مەن مۇشۇنى ئويلاپ شۇنداق قىلدىم. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىدە، مۇقەددەس ھەم پاك فوردنوجېۋس ئائىلىسىدە، بىر ساندۇقنىڭ ئىچىدە قورسىقىنى پومپايتىۋېلىپ، بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكۈپ بولدى، ئەمدى ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەمدى ماڭغىن، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

ئىككى ـ ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن ئېلكىن سالپايغىنىچە قايتىپ كەلدى.

— ھەدە، ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدىم. ئۇنى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

— ھېلىقى ئىتالىيىلىكچۇ؟

— ئۇنىڭ خەۋىرىنىمۇ ھېچكىمدىن ئۇقۇشالمىدىم. مەن بەزى بىكار تەلەپلەر بىلەن پاراڭلىشىپمۇ باقتىم، تېخى دائىرلىنا قەھۋەخانىسىغىمۇ كىردىم، ئۇ يەردىكى ئەرلەرگە، بىزنىڭ ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغانغا ئادەم ئىزدەپ يۈرىمەن، دەپ گەپ كوچىلاپ باقتىم، لېكىن ماڭا قاراپ قويىدىغانمۇ تۇزۇك ئادەم چىقمىدى.

— ئۇلار بارىدىغان يېرىگە بېرىپ بوپتۇ، بۇنى كۆڭلۈم بۇرۇنلا تۇيۇپ بولغان. بولدى، ئۇ ئۆلگەن سىڭلىمنىڭ بىرى بولۇپ قالسۇن.

— ھەدە، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى زادى راستمۇ؟ ئىتالىيىلىكنىڭ بىزنىڭ ھويلىغا كىرگەنلىكىنى ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟

— سەن مېنى كاللىسى ئايلىنىپ قاپتۇ دەۋاتامسەن؟

— قارىسام ھېچكىم ئىتالىيىلىكنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ دەيمەنا. بىزنىڭ كەنتكە بىرەر چەت ئەللىك كېلىپ قالسا ھەممە ئادەمنىڭ تەۋرەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ. ئۇ كەلگەن بولسا بىرەرىگە ئۇچراپ قالار ئىدى.

ئاسباسسىيە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— پېنېلوپې، بۇياققا كەل!

غەلىتە مەخلۇق بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— بۇگۈن ئەتىگەن يۈز بەرگەن ئىشنى ئېلكىنغا باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەر.

— بۇگۈن ئەتىگەن؟

— شۇنداق. كىم كەلدى؟ شۇ چاغدا سەن خۇددى بىر ھايۋاندەك ئارقامغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدىڭغۇ. كىمنى كۆردۈڭ؟

— ھېلىقى ئىتالىيىلىك ساڭا ئېللاتو ۋە ئاپام بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇ چاغدا ئېللاتو قەيەردە ئىدى؟ ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدىمۇ؟ — سورىدى ئېلكىن.

— بىلمەيمەن.

— بولدى، بۇ گومۇشتىن سورىمىغىنا. ماڭ، ئۇستىگە چىقىپ كەت.

— بۇگۈن تاماق ئەتمىدىڭغۇ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

— سېنى ئۇستىگە چىقىپ كەت دەۋاتىمەن!

— ئەمدى ئارمارىيەگە نېمىمۇ دەرمىز؟

— ئەگەر ئېللاتو قايتىپ كېلىپ قالسىچۇ؟ — دېدى ئېلكىن ئىككىلىنىش ئىچىدە.

— مۇنداق ئېھتىماللىقنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت! قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى ... ھىم، ھىم، بۇ بۇزۇق ئىتالىيىلىك بىلەن بارىدىغان يېرىگە بېرىپ بولدى.

— لېكىن ئۇ ئېللاتو بىلەن توي قىلىدۇ، ئۆزى شۇنداق دەپتىكەنغۇ؟

— بولدى، مۇنداق ئەخمىقانە گەپنى قىلمىغىنا. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر پاھىشە بىلەن توي قىلمايدۇ... ئۇ ناھايىتى ئېسىلزادە ئەپەندى ئىكەن.

ئېللاتو توختىماي ماڭدى. ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆيگىلا سولىنىپ ئولتۇرغاچقا، يول مېڭىشتا قىيىنىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۇزۇن ماڭمايلا، پۇتلىرى تىكەن ئۇستىگە دەسسەپ مېڭىۋاتقاندەك سانجىپ ئاغرىپ زادىلا چىدىيالمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ مېڭىشتىن توختاپ قالمىدى، مۇشۇ تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالساملا، ئۇ تەرىپىنى بويلاپ چۈشۈپ تۈزلەڭلىككە يېتىپ بارالايمەن، دېگەن ئىشەنچ بىلەن مېڭىۋەردى، بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ ئىككى ئاكىسى بىلەن ئافىناغا كېتىۋاتقاندا مۇشۇ يەردىن ئۆتكەنىدى. ئۇ ئاشۇ يەرگە يېتىۋالسىلا، ئۇنى ھېچكىم تونۇمايتتى. تۇيۇقسىزلا قارا يامغۇر تۆكۈۋەتتى، لېكىن يامغۇر دەسلەپتە ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى، قەدەملىرىمۇ يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان كىيىملىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە توقۇلغان يوپايكىسى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى، ئىچىگە تىترەك ئولاشقىلى تۇردى. كېچە قاراڭغۇلۇقى بارغانسېرى قويۇقلىشىشقا باشلىدى. ئۇ قورام تاشلار ئارىسىدىن دالدىلانغۇدەك بىرەر يەر تېپىشنى ئويلىدى، ئۇيان - بۇيان ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇسۇپ چىققان بىر تاشنىڭ ئاستىدىن دالدىلانغۇدەك يەر تاپتى. ئۇ شۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىۋالسا بولاتتى. لېكىن، يامغۇر ھازىرلاردىن توختايدىغاندەك ئەمەس. بۇ چاغدا ئۇ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا سەزدى، ئۇچەي - باغرى غەلىيان كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆرۈۋالغان چاچلىرىغا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيى دۈمبىسىگە تامچىلىغىلى تۇردى، ئۇ چېچىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ سىقتى. يامغۇر ئارىلاش سوغۇق شامال ئۇنىڭغا يەنىلا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆرۈۋالغان چېچىنى چۇۋۇپ قويۇۋەتتى، بۇنىڭدا يېيىلىپ تۇرغان چاچ سۇنىمۇ تۇتۇۋالمايتتى، يامغۇر توختىسا قۇرۇشىمۇ تېز بولاتتى.

قىش پەسلى قەدەملىرىنى ئېغىر بېسىپ يېتىپ كەلدى. بۇ ئائىلىنى گۆرىستاندەك جىمجىتلىق ۋە سۆرۈنلۈك قاپلىغانىدى، ھەممە ياقتىن بىر شۇملۇق پۇراپ تۇراتتى. ئاسباسسىيە ئېللاتونىڭ ئاشۇ ئىتالىيىلىك بىلەن كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بولدى. ئۇ قېچىپ قۇتۇلدى، ئاسباسسىيە بولسا ئەلەم يۇتۇپ قالدى، بۇ ئىشنى ھېچ ئىچىگە سىغدۇرالمىدى. ئېلكىن ئېگىتېلىن بىلەن ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆرۈشۈپ تۇردى، ھازىر ئېگىتېلىن ئوبدانلا ئېغىرلىشىپ قالغان، ئىككىنچى بالىسىنى بوشىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئېلكىنغا مەلۇم، ئۇ بۇ ئۆمرىدە مۇنداق بەختكە ئېرىشەلمەيتتى. ئۇ ھاياتلىقنىڭ توسۇۋالغۇسىز كۈچ بىلەن داۋاملىشىپ ماڭىدىغانلىقىدىن ھەيران ئىدى، لېكىن يېرىم ئە-

سىردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئىككى قېتىملىق ئۆرۈشتىن ئىلگىرىلا يولسىز قېرى فوردنوجېۋس بېكىتىپ بەرگەن شەپقەتسىز كونا قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقمايتتى. ئېلكىن ئېگىتېلىنىنىڭ پەخىرلەنگەن هالدا قورسىقىنى پومپايتىپ مېڭىپ كېتىشلىرىگە قاراپ هەۋسى كېلەتتى، ئاياللاردا ئۆز ئارزۇسىغا ئىنتىلىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش هوقۇقى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بېكىتىپ بەرگەن كونا قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ قۇلى بولۇپ ئولتۇرغانلىقى خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى. ئېلكىندا بۇ يولدا بىر ئۆرۈنۈپ بېقىش ئىرادىسى يوق ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ گۆش بىلەن قاندىن يۇغۇرۇلغان بىر ئىنسان، ئۆز ئارزۇسىغا، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشى كېرەك ئىدى. ئاسباسىيەدەك قېرى قىز بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغىنىغا ئۇنىڭ كۆزى يېتىپ قالدى.

دەل شۇ كۈنلەردە تۇيۇقسىز بىر ئىش يۈز بېرىپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئىش ئاساسلىقى ئاسباسىيەنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئەلۋەتتە پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئىشقا پوچتىدىن كەلگەن بىر پارچە خەت سەۋەب بولدى. خەت ئىچىدىكى نام كارتوچكىسىدا ناتونۇش بىر ئىسىم تۇراتتى ــ مىنودا پاپائىر، ئىسمىنىڭ ئاستىغا «ئاساس مائارىپ باش نازارەتچىسى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. نام كارتوچكىسىنىڭ يەنە بىر يۈزىگە ئىرماش ـ چىرماش قىلىپ مۇنۇلار يېزىلغان: «ئاسباسىيە فوردنوجېۋس خانقىز، سىز بىلەن شەخسىي ئىش توغرۇلۇق بىر قېتىم كۆرۈشۈۋېلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز، ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، پەيشەنبە، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە.»

«ۋاي خۇدايىم، ئۇ مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدەيدىغاندۇ؟ــ ئاسباسىيە سەل ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى، ــ بىر كاتتا نازارەتچىنىڭ شەخسىي ئىش بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلگىنى قىزىققۇ؟»

بۇ كاتتا شەخسنى كۈتۈۋېلىش، ئۆينى رەتلىك، پاكىز تۇسكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر پۈت ـ قولىغا تەگمەي هەرىكەتكە چۈشۈپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئەڭ كېچىكىپ ئاڭلىغىنى ئارمارىيە بولدى، ئۇ پېداگوگىكا مەكتىپىدىن قايتىپ كېلىپ ئاڭلىغانىدى.

ــ ئاسباسىيە هەدە، ئۇ ئادەمنى قانداق بىلىدىغانلىقىمنى سورىمامسەن؟ ئۇ بوش ئادەم ئەمەس، بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ.

ــ ئۇنى هەرهالدا بىلىدىكەنسەن! ئارمارىيە، ئۇ بوي ـ بەستى قانداقراق ئادەم، خېلى كېلىشكەنمۇ؟

ــ ۋاي ئۇ بىر قېرى ئادەم، بويى ئوبدانلا ئېگىز، تام ـ تورۇسلارنى سۈپۈرىدىغان سۈپۈرگىنىڭ ئۆزى.

ــ ئارمارىيە، هەي ئارمارىيە، ئورۇن ـ مەرتىۋىسى يۇقىرى بىر ئادەمنى ئوخشىتىۋاتقان نېمەڭگە قارا!

ــ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلارغىچە بولغان هەممە ئادەم ئۇنى شۇنداق ئاتايدىغان تۇرسا.

ــ ئارمارىيە، بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارغا مەكتىپىڭلاردىكىلەر قائىدە ـ يوسۇنلۇق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك ئىدى.

مىنودا ئەپەندى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاسباسىيە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايلا قالدى، مەستخۇش بىر هالەتتە بىر كېچە سۆزلەپ چىقتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئارمارىيەنىڭ مۈرىسىگە پەپىلەپ قوياتتى:

ــ مانا بۇ ئادەم بىزنىڭ ئائىلىگە كۈيئوغۇل بولۇشقا دەل مۇناسىپ كېلىدۇ. ئوماق قوزام، مۇشۇنداق بىر ئەرنىڭ قولىدا بولساڭ، ئۆمۈرۋايەت راهەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۆتىسەن، يۈز ـ ئابرۇيۇڭمۇ بولىدۇ ... ساڭا هەسەت قىلىدىغانلار قان قۇسۇپ ئۆلىدۇ. كەنتتىكى هەممە ئادەم ... هە، ئەمدى قانداق قىلساق بولىدۇ؟ بىزنىڭ ئائىلە بولغاچقىلا بۇ كەنتتە بىر كاتتا ئەمەلدار پەيدا بولىدىغان بولدى، ئۇنىڭ پېشىغا ئېسىلغىنىمىز ئېسىلغان. ئەلۋەتتە، مەسلىهەتىمىزمۇ پىشۇرۇپ بولدۇق، هازىرچە بۇ ئىشنى سىرتقا داۋراڭ قىلمايمىز، سەن

ئوقۇشۇڭنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ، ئون توققۇز ياشقا توشقاندا ئاندىن سىرتقا ئاشكارىلايمىز.

ئارمارىيە بىلەن ئېلكىن چىرايىدا تەبەسسۇم، ھەدىسىنىڭ نازارەتچى بىلەن بېكىتىپ بولغان ئىشنى ھەدەپ سۆزلەشلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆيدىكىلەردىن يوشۇرۇنچە مىنودا ئەپەندى بىلەن مەسلىھەتلىشىپلا پۈتتۈرۈۋەتكەنىدى.

— ھىم، ئەگەر ھەربىر ئادەم ئاساس مائارىپ نازارەتچىسى بىلەن توي قىلالايدىغان بولسا، قانداق ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ خەپ، بىر كۈنلەر كېلىپ نېۋخوردىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچىنى ئالدىمدا باش ئۇرىدىغان قىلىۋېتەلىسەم ئىدى! قولۇمدىن كەلسە، ئاشۇ تايىنى يوق ئوقۇتقۇچىلارنى گىرېتسىيىنىڭ شىمالىغا ھەيدەيمەن، سىۋېرىيىدىكى سىڭلىمىز ئېگنېتىلىنىمۇ ئورنىدىن يۆتكىۋېتىمەن.

ئەلۋەتتە، ئېللاتونىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن ئاسباسسىيەنىڭ يۈرىكىدە پەيدا بولغان جاراھەت تېخى ساقىيىپ بولمىغانىدى. لېكىن، ھازىر ھەر قېتىم ئېللاتو ئېسىگە كېلىپ قالغاندا، ئاسباسسىيەگە بۇ ئىش بۇۋى مەريەمنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغاندەك، ئېللاتو ئېپپېتىنى ساقلىمىغاچقا، ئابرۇيلۇق فوردنوجېۋس ئائىلىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندەك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئەكسىچە، ئاسباسسىيە ئۆزىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان ئارمارىيەدىن تولىمۇ سۆيۈنەتتى. «نازارەتچى ئەپەندى، مېنىڭ سىزگە سۇنۇۋاتقىنىم بىر تال ئەتىرگۈل، ئاپئاق، پاك بىر تال ئەتىرگۈل جۈمۈك.» ئۇ نازارەتچى ئۇنىڭ قولىنى سۆيمەكچى بولۇۋاتقاندا بۇ گەپنى قىلغانىدى.

ئانتونىئوس — باللارنىڭ چوڭىدىن كەلگەن خەت ئاسباسسىيەنىڭ نېرۋىسىنى سەل چېچىپ قويدى: «ھەدە، ھەممە ئىشنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپسەن، بىراق سىڭلىمنىڭ ئېرى بولغۇچىنىڭ ياش قۇرامى توغرۇلۇق بىرنېمە دېمەپسەن، قارىسام ئۇ ئۆز خىزمەت دائىرىسىدە خېلى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ئادەم ئىكەن، يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەم بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئۇنتۇپ قالماي كېيىنكى خەتتە بۇنى ئېيتىپ بېرەرسەن.»

بولغۇسى بۇ نىكاھ توغرۇلۇق ئاسباسسىيە خېلى كۆپ سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلىدى. ئەلۋەتتە، مىنودا ئەپەندىنىڭ ئەللىك بەش ياشتا ئىكەنلىكىمۇ ئۇنىڭغا ئايان بولدى. نازارەتچى يىگىرمە ياشلىق بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ، قىز تېخى شۇنداق چىرايلىق ئىكەن، بۇنىڭ تېگىدە نېمە ئويۇن باردۇ، دېگەندەك سۆز - چۆچەكلەر ھەممە يەردە ئېقىپ يۈرەتتى. لېكىن، ئاسباسسىيە ئانتونىئوسقا يازغان خېتىدە ئېيتقىنىدەك، ئۇ مىنودا ئەپەندىنى ئۇنچە قېرى ھېسابلىمايتتى. ئۇ ئانتونىئوسقا شۇنداقمۇ ئەسكەرتتى: «بىزنىڭ مەرھۇم دادىمىزنى ئويلاپ باقمامسەن، ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەندە بىزنىڭ ئاپىمىز — ئەينى چاغدا ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا توشقان ئالفېلى بىلەن توي قىلغان، لېكىن بۇنى تاپتىن چىققان ئېللاتونىڭ ئىشىغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ.»

يامغۇر ئىككى كۈن توختىماي ياغقاندىن كېيىن ھاۋا ئېچىلدى. ھاۋا ئېچىلىشىغىلا، بىر راھىبە ئوت ئورۇپ كەلگىلى سىرتقا چىقتى، موناستىردا بېقىۋاتقان ئىككى قوي بار ئىدى. راھىبە بۇۋى مەريەم ئېسەن تۇغۇت موناستىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندە، يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان بىر ئازگالدا چىلىشىپ تۇرغان بىر پۇتقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەجەبلىنىپ ئازگالغا يېقىنلاشتى، بىر قىز قورام تاشقا قىڭغىيىپ ئولتۇراتتى، ئېسىنى يوقاتقانىدى. راھىبەنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىزلا جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىسى كېلىپ قالدى، قورققىنىدىن يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، لېكىن بىر پەستىن كېيىن ئۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ، بۇ سىرتتىن كېلىپ قالغان بىرەرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ قىز سۇرەتتەك چىرايلىق ئىدى. راھىبە ئۇ قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ پۇتىنى ئاستا ئىتتىرىپ باقتى، ناتونۇش قىز بىردىنلا ئېغىر تىنىۋەتتى، راھىبە ئېسى چىقىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ موناستىرنىڭ ئارقىسىدىكى يولنى بويلاپ يۈگۈرگىنىچە ۋارقىرىدى:

— تېز كېلىڭلار، ساينت ئاشاناسىيەنىڭ ئەرۋاھىدەك بىر ەيلەن قورام تاشلىقتا چالا ئۆلۈك بولۇپ ياتىدۇ!

ئۇنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىنى ئاڭلىغان باشقا راھىبەلەر يۈگۈرۈپ چىقىشتى، ناتونۇش قىزنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ موناستىرنىڭ پىشايۋىنى ئاستىغا ياتقۇزدى. ئاڭغىچە بىر ەيلەن باش موناستىرنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ ئاتمىش بەش ياشلاردا بار، قارىماققا ناھايىتى مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، راھىبەلەر ناتونۇش قىزنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، بەدىنىنى پاكىز سۈرتۈپ ئىسسىتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا باش موناستىرنىڭ كىيىمىنى كىيدۇردى. ناتونۇش قىز توختىماي بىر نېمىلەرنى دەيتتى، يىغلايتتى، چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتۇپ يۇلاتتى. ئۇ جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۇتتەك قىزىپ كەتكەنىدى، ئۇستىگە بەش پارچە ئەديالنى يېپىپ قويغان بولسىمۇ كار قىلمايۋاتاتتى. ئۇلار يەنە بىر كەنتتىكى دوختۇرنى چاقىرتىپ كەلدى. دوختۇر ئۇنىڭ قىزىتمىسىنى ئۆلچىدى، كۆكرەك ۋە دۈمبىلىرىگە تىڭشىغۇچنى قويۇپ تەكشۈردى.

— باش موناستىر، ئۇ كۆكرەك پەردە ياللۇغى ۋە ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قاپتۇ. ھەي، ئىگە - چاقىسىز بىچارە!

راھىبەلەر مەيدىسىدە كرېست سىزدى. تەڭرىم، بۇ دوختۇرنى كەچۈرۈۋەت، ئۇنىڭدەك مجەزلىك ئادەملەر تولىمۇ جىق، ئۇلار قانداق يەردە چاقچاق قىلىشنى، قانداق يەردە ئەستايىدىلراق بولۇشنى ئاڭقىرىپ كەتمەيدۇ.

— نېمىگە تۇخۇم بېسىپ ياتقان مېكىياندەك قاراپ تۇرىسىلەر؟ دەرھال بىرىپ ئىككى قازان سۇ ئىسسىتىڭلار، ئۇنى يوغان ئىدىشقا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ھازىردىن باشلاپ يېرىم كېچىگىچە ئۇنى ئىسسىق سۇدا ئىككى - ئۈچ قېتىم يۇيۇندۇرۇڭلار، تېزرەك بولۇڭلار.

راھىبەلەر بۇ ناتونۇش قىزنى ئىچ - ئىچىدىن ياقتۇرۇپ قالدى، چۈنكى قىزنىڭ پاكلىق جۇلالىنىپ تۇرغان گۈزەل چىرايى ئۇلارنى «مۇقەددەس» دېگەن سۆزگە باغلاپ قويغانىدى. ئۇلار قىزنىڭ ھالىدىن جان پىدالىق بىلەن خەۋەر ئالدى، ئۇنى ئەدىشتىكى ئىسسىق سۇغا چىلاپ يۇدى، قايتۇرۇپ ئاچىقىپ بىر پەس ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن يەنە يۇدى، شۇ تەرىقىدە كەچتە دوختۇر كەلگۈچە تىنىم تاپمىدى. مۆجىزە يۈز بېرىپ، قىزنىڭ قىزىتمىسى ئوتتۇز سەككىز گرادۇسقا چۈشكەنىدى.

— قېنى ئېيتىڭا، قىزچاق، — دېدى دوختۇر ئۇنىڭ مەڭزىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇپ، — سىزنى بىزنىڭ بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

قىز ئېسەنگىرەش ئىچىدە دوختۇرغا قاراپلا تۇراتتى، دوختۇرنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمىگەندەك ئىدى، لېكىن ئۇ ئەتراپىدىكى پىچىرلاشلارنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرىدۇ ... ئۇ كىمدۇ ... ياكى ئۇ يەنە بىر موناستىرغا كېتىۋېتىپ يامغۇردا يىقىلىپ قالغانمۇ ... خرىستىئان مۇرىتىمىدۇ؟ يەنە بىر موناستىردا كۆزى تۇزۇك كۆرمەيدىغان بىر راھىبە بىلەن ئۇنىڭ دوستىلا تۇراتتى...

سورىلىۋاتقان سوئاللارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىگەن ناتونۇش قىز ئىككى كۈنگىچە گاچىدەك جىملا تۇرۇۋالدى. كېيىن دوختۇرنىڭ گەپلىرى ئۇنى ئۆزگەرتتى. ئۇ دوختۇرنىڭ، ئەگەر قىزىتما ئۇنىڭ مەركىزىي نېرۋىسىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، كۆزى تۇتۇلۇپ، قۇلىقى ئېتىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۈچىنچى كۈنىگە بارغاندا، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بىر ياش راھىبەگە قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

قىز جاۋاب ئورنىدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟

ئېللاتو ئۆزى تۇرۇۋاتقان كەڭتاشا، پاكىز ئۆيگە سەپسېلىۋېتىپ سورىدى:

— بۇ قەيەر؟

— بۈۋى مەريەم ئىسمەن تۇغۇت موناستىرى، ئېگىز تاغنىڭ ئۈستى، سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟

— ئېسىمدە يوق.

راھىبە ئېللاتونىڭ چاڭگىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەن چېچىنى تەستە تارىدى، ئاغرىتىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ شۇنداق ئېھتىيات قىلدى.

— قىزچاق، قارىسام باشقا يۇرتلۇقتەك قىلىسىز، ئىسمىڭىز نېمە؟ سىزنى نېمىدەپ چاقىرساق بولىدۇ؟

ئېللاتونىڭ ئاخىرقى يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلىگۈسى يوق ئىدى: تۈنۈگۈن ھويلىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى؛ ئۇنىڭ ئاسباسسىيەگە بولغان نەپرىتى چېكىگە يەتتى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە مەڭگۈ قايتماسلىق نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، بىلىپلا قالسا، دۇئا ـ تىلاۋەت ئىشلىرى بىلەن ئايلىنىپ يۈرىدىغانلار ئاسباسسىيەنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

باش موناستىر دوختۇردىن مەسلىھەت سورىدى:

— بۇ قىزنى قانداق قىلساق بولار؟ ئۇ تېخى ياش ئىكەن، سىزنىڭچە ئۇ قەيەردىن كەلگەندۇ؟

— مەن بارغان يەرلەردە بۇ قىزنى ئۇچراتماپتىكەنمەن.

— ئەمدى ئۇنىڭغا بىز ئىگە بولۇشىمىز كېرەكمۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ دەپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرسەك بولارمۇ؟

— ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرمەي تۇرايلى! ماڭا قاراڭ، سىز ئۇنچە ئالدىراپ كەتمەڭ. قىزنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، يەر دەسسەپ تۇرالىغۇدەك بولغاندا ئاندىن بىر نېمە دېيىشەيلى ... ئۇنىڭ كاللىسى سەل سەگسە خاتىرىسى ئەسلىگە كېلىپمۇ قالار.

يەكشەنبە كۈنى، ئارمارىيە ئىمتىھاندىن تولۇق نومۇر بىلەن ئۆتتى. ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگەن ھەرقاندىقى ئۇنىڭدىن (ئاساس مائارىپ نازارەتچىسىنىڭ بولغۇسى خوتۇنىدىن) بىرەر يېرىم نومۇر تارتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. كۆك كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيگەن مىنودا ئەپەندى توي نىشانى بولغان ئىككى تال ئۈزۈكنى يېنىغا سېلىپ، ئارمارىيەنىڭ ئىمتىھاننى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردى، ئۇلارنىڭ چاي ئىچۈرگىنىگە گۇۋاھچى بولىدىغان پوپمۇ فوردنوجىۋۇس ئائىلىسىگە خېلى بۇرۇنلا كېلىپ بولغانىدى. ئارمارىيە كەلگەندىن كېيىن مىنودا ئەپەندى بولغۇسى خوتۇنى بىلەن گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ كىرىشكە ئاسباسسىيەدىن ئىجازەت ئالدى. ئۇ ئارمارىيەنى يېنىك قولتۇقلىدى، ئىككىسى گۈلزارلىقتا ئايلىنىشقا باشلىدى.

— ئارمارىيە، قېنى ئېيتىڭا، سىز شۇ تاپتا بەختلىكمۇ؟ — سورىدى مىنودا ئەپەندى ئېھتىيات بىلەن.

— تولىمۇ بەختلىكمەن، مىنودا ئەپەندى. نېۋخورى كەنتىدە مېنىڭدىن بەختلىك قىز يوق.

— نېمىدېگەن ھېسسىياتقا باي گەپلەر بۇ! ئاھ خۇدا، سىز ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە ئىكەنسىز! ئارمارىيە، قېنى ماڭا ئېيتىڭچۇ، سىزنىڭ قانداق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىز بار؟

— سىز بىلەن ئافىناغا بارغۇم بار. مېنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرگۈم، بىلگۈم كېلىدۇ، خۇددى ھەدەم ئېيتقاندەك، سىزنىڭ مۇشۇ يۇقىرى مەرتىۋىڭىزدە قولىڭىزدىن كېلىدىغان بارلىق راھەت ـ پاراغەتتىن بەھرىمەن بولغۇم كېلىدۇ.

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، ئارمارىيە، مەن خىزمىتىمنى ئافىناغا يۆتكىشىم كېرەكمۇ؟

— شۇنداق قىلسىڭىزكەن دەيمەن.

— لېكىن، بۇ مەسىلىگە كەلگەندە، سۆيۈملۈك قىزچاق، سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىز توغرا ئەمەس. ئالدى بىلەن، مۇنداق قىلساق سىزنى سۆيىدىغان ئائىلىڭىزدىن يىراقلاپ كېتىسىز، بۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— بۇنى ئويلاشنىمۇ ئويلىدىم! بىراق، توي قىلىش دېگەن تۇرمۇشتا زور ئۆزگىرىش ياساش دېگەن گەپ بولىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ئىككىمىز بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئائىلىنىڭ ئادىمى بولۇپ قالىمىز، بۇمۇ بىر زور ئۆزگىرىش ئەمەسمۇ؟ يەنە بىرى، ئافىنادا مېنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى نازارەتچىلەر دېگەن تولا گەپ، لېكىن بۇ يەردە بولسا مەن ھەممـ

نىڭ ئالدى، ئۆلكە باشلىقى، ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئېپىسكوپ دېگەنلەر بىلەن تۆردىن تەڭ ئورۇن ئالالايمەن، ھەر خىل بايرام - مۇراسىملاردا ئەزىز مېھمانلارنىڭ قاتارىدا ئورنۇم بار. ئەنە شۇنداق سورۇنلاردا ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرسىڭىز، كىشىلەر: «قاراڭلار، ئاساس مائارىپ باش نازارەتچىسىنىڭ خانىمى نېمىدېگەن چىرايلىق!» دېيىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇلاردىن سىز ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلامسىز؟

— ئەلۋەتتە بەختلىك ھېس قىلىمەن، بۇ پەخىرلەنگۈدەك ئىش.

— يەنە بىر تەرىپى، بەزىدە خىزمەت تەكشۈرۈپ سىرتلارغا چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىم بولىدۇ، ئۇنداق چاغلاردا سىز ھەدىلىرىڭىز بىلەن قالىسىز، مەنمۇ خاتىرجەم يۈرىمەن ئەمەسمۇ؟

ئارمارىيە يوپۇرماقلىرى قويۇق بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا توختىدى، ئۇ بولغۇسى ئېرىنىڭ سۆيۈپ قويۇشىنى كۈتەتتى. ئارمارىيە سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرىغا، ئەنە سىلەرگە تۇنجى قېتىم سۆيۈشۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىمەن، دەپ پو ئېتىپ قويغانىدى.

مىنودا ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى:

— قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى ... ئەمدى كېيىنمىزگە قايتايلى.

ئارمارىيە ئورنىدىن مىدىرلىمىدى، يۈزىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ يېقىنلاشتى.

— سىزنىڭ مېنى سۆيۈپ قويغۇڭىز يوقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

مىنودا ئەپەندى كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ ئېڭىشتى، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— سىز پاك، تولىمۇ پاك قىز، مەن سىزنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق پاك تۇرۇشىڭىزنى خالايمەن، — دېدى ئۇ.

ئارمارىيە ئەتىسى ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە بارمىدى.

ئېبلاتو ئەسلىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ باشقا راھىبەلەر بىلەن كۈلكە - چاقچاق قىلىپ ئۆتتۈۋاتاتتى، لېكىن ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، قەيەردىن كەلگەنلىكىممۇ ئېسىمدە يوق، دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

مىلاد بايرىمى تەبرىكلىنىۋاتقان ھەپتىسى ئادۋوكات جانى توكارس موناستىردا پەيدا بولۇپ قالدى. توكارس باش موناستىرنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى ئىدى، باش موناستىر يولۇققان ھەر خىل مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، موناستىرنىڭ مال - مۈلكى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا قانداق قىلىش كېرەك، دېگەندەك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇني مەسلىھەت بېرەتتى. مۇنداق مەسىلىلەر قوشنا كەنت كرىئونېرغا ئېلىپ بېرىلىپ بىر تەرەپ قىلىناتتى، چۈنكى توكارسنىڭ ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى ئاشۇ يەردە ئىدى.

باش موناستىر ئادۋوكاتقا مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى يۈز بەرگەن ھەر خىل ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىچىدە سىرلىق قىزنىڭمۇ ئەھۋالى بار ئىدى.

— بۇ قىزغا موناستىر مەسئۇل بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ئۇنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسەك بولارمۇ؟ — باش موناستىر ئاخىرىدا ئادۋوكاتتىن مەسلىھەت سورىدى.

— ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغاننىڭ گېپىنى قويۇڭ، — دېدى ئادۋوكات توكارس، — يوقاپ كەتكەن بىر سەھرالىق قىزغا ساقچى ئىدارىسىنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

— قەدىرلىك ئادۋوكات، ئۇ ھەرگىزمۇ سەھرالىق قىز ئەمەس، ئۇ مەدەنىيەتلىك، يەنە كېلىپ گۈلدەك چىرايلىق قىز.

— ئۇنى مەن كۆرۈپ باقاي.

ئادۋوكات ئۇنى كۆرگىلى كىرىپ، ھەيرانلىقنى ھەرقانداق قىلىپمۇ يوشۇرالمىدى. نەدىمۇ سەھرالىق قىز بولسۇن، ئۇمۇ كۆرۈپ باقمايلا تازا بىر گەپ قىپتۇ. ئېبلاتونىڭ ئۇچىسىدا پاختا رەختتىن تىكىلگەن جىگەر رەڭ راھىبەلەر كىيىمى بار ئىدى. ئالتۇن رەڭ چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلىپ چۈشكەن، كۆزىنىڭ يېغىنى يەپ پارقىرايتتى، قىز تولىمۇ مۆلايىم، نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى. ئادۋوكات

مۇنداق لاتاپەت ئىگىسىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغا-
نىدى. ئېبلاتو ئادۋوكاتقا قارىدى، كۆزلىرىدە ھېيد-
قىش دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئادۋوكات بۇلارغا
قاراپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىر نىيەتكە كەلدى:
ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش كېرەك، يەنە كېلىپ كېچ-
چىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

— قىزچاق، ئىسمىڭىز نېمە؟

— قانداق چاقىرغۇڭىز كەلسە شۇنداق چاقىر-
سىڭىز بولىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىزگە ئىسىم قويۇ-
لمىغانمۇ؟

ئېبلاتو ئادۋوكاتقا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇ بىر
كۈلكە بىلەن ئادۋوكات پۈتۈن كىبىرىدىن بىراقلا
چۈشتى.

— نېمىشقا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشمايمىز؟ —
ئادۋوكات شۇ گەپ بىلەن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ
ئەكېلىپ قويدى، ئېبلاتو ئۈستەلنىڭ قارشى تەرى-
پىدە ئادۋوكاتقا يۈزلىنىپ ئولتۇردى.

— ئەمدى ئىككىمىز ئوبدان مۇڭدىشىۋالساق
بولىدۇ ياكى ئىككىمىز باشقا بىر يەردە ... باش مو-
ناستىر سىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرۇلۇق
مەندىن مەسلىھەت سوراپ چاقىرىپتىكەن. مەن
مۇشۇ موناستىرنىڭ ئادۋوكاتى.

ئېبلاتو ئادۋوكاتنىڭ گەپلىرىنى مىدىر -
سىدىر قىلماي ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

— سىز قورقمامسىز؟

— نېمىدىن قورقىمەن؟

— ئەگەر سىزنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرسەكچۇ؟

— مەن نېمە يامان ئىش قىپتىمەن؟

— ئاددىيلا گەپ، سىز ئويۇن قائىدىسىگە
خىلاپلىق قىلدىڭىز، ئەڭ بولمىغاندا بىزنىڭ ئۆلكىدا-
ئىرىسىدىكى، يېزا - كەنتلەردىكى قائىدىنى بۇزدىڭىز.

— ئۇ قانداق ئويۇن قائىدىسى ئىكەن؟ —
سورىدى ئېبلاتو، ئۇ بۇ سۆھبەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئى-
گىلىمەكچىدى.

— بۇ ئېنىقلا گەپقۇ! بىر قىز تاغ ئۈچىگە
قېچىپ كىرگەن، ھازىر بولسا ھېچنېمىنى ئېيتىش-
گە ئالالمايدۇ، بۇ بىر تەرىپى. سىزنىڭ ئائىلىڭىز
يوقمۇ؟ ئائىلىڭىزدىكىلەر ھازىر سىزنى تەرەپ - تە-
رەپتىن ئىزدەۋاتقاندۇ؟ بۇ ئېھتىماللىقلارنى نەزەر-
دىن ساقىت قىلالامسىز؟ بىز ساقچى ئىدارىسى
بىلەن ئالاقىلەشسەكلا، بۇ ئىشلارنى بىردەمدىلا بى-
لىۋالالايمىز. سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەرمۇ
سىزنىڭ ئىشىڭىزنى بۇ چاغقا چوقۇم ساقچىغا
مەلۇم قىلىپ بولدى. سىز قۇرامىڭىزغا يەتكەنمۇ؟

— مەن ئوتتۇز ياشتىن ئېشىپ بولغان ئادەم.

— ھە، سىز يېشىڭىزنى ئەسلىيەلىگەنكەن-
سىز، دېمەك بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى! مەن كې-
يىنكى قېتىم كەلگۈچە ئىمكان بار كۆپرەك ئىش-
لارنى ئەسلەشكە تىرىشىپ باقارسىز.

ئادۋوكات توكارىس ئەتىسى ئەتىگەندىلا موناس-
تىردا يەنە پەيدا بولدى.

— بىزنى يەنە يوقلاپ كەپسىز - دە! — دېدى
باش موناستىر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ. توكارىس ئە-
پەندىنىڭ قىزىقىشى ھازىر مەستانىلىككە ئايلانغان،
ئۇ ئەلۋەتتە موناستىرنى ياكى موناستىردىكى باشقا
بىرىنى دەپ كەلگەن ئەمەس.

ئادۋوكات توكارىس جاۋاب ئورنىدا كىچىكلىك-
دىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېغىزىنى پۈرۈشتۈ-
رۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، بۇ ھەرىكىتى ئۇنىڭ چى-
رايىنى تېخىمۇ سۆرۈن كۆرسىتىپ قويدى.

— بۇ ياققا كېلىڭ، — دېدى باش موناستىر
ئادۋوكاتقا، — قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، سىز ئۇ
قىزنىڭ ئىسمىنى قانداق ئويلاشتىڭىز؟

— ئۇنى سەھرادىن كەلگەن دېگەن خىيالنى
كاللىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىش كېرەك ... ئۇ
نىڭدا بىر خىل نازاكەت بار.

— گۈزەللىكىگە قوشۇلۇپ كەلگەن دەڭ.

— دەل شۇنداق! ئۇ ھەرقانداق ئەۋلىيانىمۇ
ئازدۇرۇۋېتەلەيدۇ. قىسقىسى، ئۇ ناھايىتى زېرەك،
سوغۇق قان ئىكەن، لېكىن ئۇ بەزى ئىشلارنى يو-
شۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەمسىز؟

— كۆرۈشىمەن، كۆرۈشمەيدىغان، ئۇنىڭ
بىلەن كۆرۈشۈپ بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىمىسەم
بولمايدۇ.

ئادۋوكات ئېبلاتو تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كىردى.
ئېبلاتو ئۇ بىرىنچى قېتىم كۆرگەن چاغدىكىدەك

ھالەتتە ئولتۇراتتى. ئېللاتو ئادۋوكاتقا بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— قانداق، بىرەر ئىشنى ئېسىڭىزگە ئالالىدىڭىزمۇ؟

— باش موناستىرنىمۇ چاقىرتىپ كىرەيلى، — دېدى ئېللاتو، — ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە ئولتۇرسۇن.

باش موناستىر كىرگەندىن كېيىن، ئېللاتو ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئېغىز ئاچتى:

— بەزى ئىشلارنى سىز بەلكىم ئويلاپ يەتمىدىڭىز، مەسىلەن، مەن ئۆزۈمنى خۇدا يولىغا بېغىشلاشنى ئويلايمەن، ئائىلەمدىكىلەر بولسا بۇنىڭغا قارشى.

— بۇ تەرىپىنىڭ كاللامغا كەلمىگىنى راست، — دېدى باش موناستىر بوينىغا ئېلىپ.

— ئائىلىڭىز قانداق ئائىلە؟ — ئادۋوكات توكارس تۇيۇقسىزلا گەپ قىستۇردى.

— مەن قۇرامىمغا يېتىپ بولغانىكەنمەن، ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا ئائىلەمدىكىلەرمۇ مېنى توسۇيالمايدۇ. ئادۋوكات ئەپەندى، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— قىزچاق، چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ سىز راستىنلا راھىبە بولۇپ كەتمەكچىمۇ؟

— راھىبە بولسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مەن چۆچەكلەردىكى مەلىكە ئەمەس، نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش مەنمۇ بىر سەھرالىق ...

— ئۇنداقتا، قارا يامغۇردا بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ قورام تاشلىقتا يېقىلىپ قاپسىز، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ — ئادۋوكات ئۇنىڭدىن قىستاپ سورىدى.

— مەن بۇ يەرگە ئۆزۈم خالاپ كەلگەن. مەن موناستىرنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيتتىم، موناستىرغا يېقىنلاپ قالغانلىقىمنىمۇ بىلمەيتتىم ... قاتتىق يامغۇر ھالىمدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ.

— سىز بىزدىن بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋاتىسىز، — دېدى ئادۋوكات توكارس ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ.

— مەن روھىمنى يوشۇرۇپ قالدىم شۇ ... ئۇ مېنى خۇداغا ئۇلاشتۇرىدىغان ھەم ئۆز ئىختىيارىمدا بولغان بىردىنبىر نەرسە، مەن خۇدادىن باشقىغا ئىشەنمەيمەن.

باش موناستىر بىلەن ئادۋوكات ئورنىدىن تۇردى.

— مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىز يەنە پاراڭلىشىمىز، — دېدى ئادۋوكات ئېللاتوغا.

— ئەگەر زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارىسىڭىز، ئىختىيارىڭىز.

ئىككىسى ئايرىم قالغاندا، باش موناستىر ئادۋوكاتتىن سورىدى:

— ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنەمسىز؟

— بىرىگىمۇ ئىشەنمەيمەن! ئۇنىڭ راھىبە بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

— قانداقسىگە ئۇنداق دەيسىز؟

— چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن!

— توكارس، نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتىسىز. ئۇ دېگەن كىچىك بىر قىز، سىز بولسىڭىز قىرىق بەش ياشقا كىرىپ قالغان ئادەمغۇ؟

— بولدى! سىز نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، مۇنداق قىزنى مىڭ يىلدىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، خۇدا ئىشىمنى ئوڭ قىلار. ئۇ شۇنداق مەسۇم، ئاسماندىكى ئاپئاق بۇلۇتلارغا ئوخشايدۇ ... ئۇ ئەسكى بىر ئەرنىڭ قولىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئايال بولسىمۇ، مەن كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمەيمەن.

باش موناستىر ئادۋوكاتنىڭ گەپلىرىنى جىمىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ئوغلۇم، بۇ ئىشتا ئويدانراق ئويلىنىپ باققىنىڭىز ياخشى. راست، ئۇ ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەن قىز ئىكەن. مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم، ئەگەر ئۇ ئۆز گۈزەللىكىنى ...

— توختاڭ، سىز بىر نەرسىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ئۇ بەزى ئادەملەرگە ئوخشاش ياسالمىلىق قىلمايدىكەن، ئۆزىنى تەڭداشسىز گۈزەل دەپ قارىمايدىكەن ...

تويدىن كېيىن مىنودا ئەپەندى خانىمنى ئېلىپ شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن ئافېناغا باردى، ئۇلار ئۆملۈك مەيدانىنىڭ مەركىزىدىكى گيارت مېھمانسارىيىغا چۈشتى. ئارمارىيە يېڭى پوسۇندا سېلىنغان بۇ تۆت قەۋەتلىك بىنانى ئاغزى-

ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. پەرداز تەكچىسى ئۈستىگە قويۇلغان تېلېفون ۋە ئىككى كارىۋات ئوتتۇرىسىدىكى شامالدۇرغۇچ ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئەڭ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر ئىدى. ئۇلار يېڭى توي قىلغان، خانىمىنىڭ كىملىكىدىكى ئىسمىنى ئېرىنىڭ فامىلىسىگە ئۆزگەرتىشكە ئۈلگۈرمىگەچكە، مېھمانسارايىنىڭ تىزىملىتىش ئورنىدا خېلى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلدى. كۈتكۈچى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بويىچە بۇ ئەر ـ خوتۇنغا ئەگىشىپ ياتاققا كىرىپ، ئىككى كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان تومپۇچكىنى ئېلىۋېتىپ، ئىككى كارىۋاتنى جۈپلەپ بەردى. كۈتكۈچى خېلى ۋاقىت بېزىرىپ تۇرۇپ بېقىپ، ئازراقمۇ تاپان ھەققى ئالالماي، ئاخىر ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ياتاقتا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قېلىشى بىلەنلا، ئوتتۇرىدا قانداقتۇر تەمتىرەش پەيدا بولدى. ئارمارىيە چامادانىنى ئېچىپ، پاختا رەختتىن تىكىلگەن كېچىلىك كىيىمىنى ئالدى، بۇنىمۇ ئاسباسسىيە ھەدىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ئېلىۋالغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ياتاقنىڭ چەت ـ چۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى، تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك بۇ ئۆيدە كىيىم يۆتكىگۈدەك خالىي يەر يوق ئىدى. ئۇ ئامالسىز ئېرىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— خاپا بولماي، مەن كىيىملىرىمنى يۆتكەپ يۇيۇنۇۋالغۇچە سىرتتا تۇرۇپ تۇرالارسىزمۇ؟

— سۆيۈملۈكۈم، ئەلۋەتتە بولىدۇ، — مىنودا ئەپەندى ئوچۇق چىراي بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئارمارىيە ناھايىتى تېزلىكتە سىرتقى كىيىملىرىنى سالدى، بەدىنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىچ كۆڭلىكى بىلەن كۆكسىنى چىڭگىدە تۇتۇپ تۇرىدىغان باغىردىقىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن كېچىلىك كىيىمىنى كىيدى. ئۇ كىيىمىنى يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن كارىۋاتتىكى يوتقاننى قايرىۋېتىپ، ئىككى قاتلانغان بىر كىرلىكنى ئەسلىدىكى كىرلىكنىڭ ئۈستىگە تۈجۈپلەپ سالدى. مۇشۇنداق قىلىشنى ئاسباسسىيە ھەدىسى ئالاھىدە تاپىلىغان، تويىنىڭ تۇنجى كېچىسى چوقۇم شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىكەن، لېكىن ھەدىسى بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمىدى. لېكىن، ئارمارىيە بۇنىڭ ئىچىدىكى گەپنى چۈشىنىدىغان يەردە، چۈنكى ئۇنىڭ دوستى خېرشاس ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە بىر كىتابنى بەرگەن، ئۇ «قىزلار تۇنجى توي كېچىسى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار» دېگەن كىتاب ئىدى.

مىنودا ئەپەندى ئىشىكنى ئەدەپ بىلەن چېكىپ كىردى، ئارمارىيەنىڭ يوتقانغا كىرىپ يېتىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ چىراغنى ئۆچۈردى. بۇ ياتاق ئىككىنچى قەۋەتتە، ئۆملۈك مەيدانىدىكى چىراغلارنىڭ يورۇقى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇراتتى.

ئارمارىيە يوتقاننى ئېگىكىگىچە تارتىپ چىڭگىدە ئورىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئېرىگە شاللاق قىزلاردەك تەسىرات بېرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئارمارىيە ئېرىنىڭ ئۆزىگە دۈمبىسىنى قىلىپ كىيىملىرىنى سېلىۋاتقانلىقىنى دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان يورۇقتا ئېنىق كۆردى. ئېرى كاستۇمىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تولىمۇ ئورۇق كۆرۈنۈپ كەتتى، كەڭ كۆڭلەك ئىچىدە ئۇنىڭ بەدىنى كولدۇرلاپلا قالغانىدى. ئۇ كېچىلىك كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئىككىسى مۇشۇ ھالەتتە تورۇسقا قاراپ بىرنەچچە سائەت ياتتى، ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىردا يەنىلا ئارمارىيە پەس ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— ماڭا يېقىنىراق ياتسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، سۆيۈملۈكۈم، سىزلا خالىسىڭىز. سىزنى ھەرقانداق ئىشقا زورلاشنى خالىمايمەن.

— بۇ كۈنگە كەلگەندە نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز! بۈگۈننىڭ قانداق كېچە ئىكەنلىكىنى بىلىسىزغۇ! — ئارمارىيە قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنى يېنىغا تارتتى، — مېنى سۆيۈپ قويۇڭ، — ئارمارىيە شۇ گەپنى قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى. مىنودا ئەپەندى سۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئىڭىكىگە سۆيۈپ قويدى. ئارمارىيە ئۇنىڭ ياغاچتەك قېتىپ قالغان قولىنى تارتىپ ئەكېلىپ قورسىقى ئۈستىگە قويدى، ئۇنىڭغا بەكرەك چاپلىشىپ ياتتى، لېكىن مىنودا ئەپەندىنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى — بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يوتقاننىڭ تېشىغا قېچىپ، كارىۋاتنىڭ قىرغىنىلا بېرىپ قالغانىدى. ئىككىسى يەنە مۇشۇ ھالەتتە خېلىغىچە جىممىدە يېتىپ

كەتتى، بىر چاغدا ئارمارىيە كالتە ئىشتىنىنى پەسكە سىيرىدى، ئۇنى ئاستا پۇتلىرىدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىبرىنىڭ بىر قولىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا تارتىپ ئاپاردى. ئارمارىيە ئاستا - ئاستا، لېكىن تولىمۇ قەتئىيلىك بىلەن بەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇردى. شۇ ئارىدا، ئۇ ئىبرىنىڭ سەل كۆتۈرۈلۈپ، تەمتىرىگەن ھالدا كېيىمىنىڭ ئىچىدىن نېمىنىدۇر ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، لېكىن بىرەر نەرسە ئالغىنىنى كۆرمىدى. ئەر تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقتى، غەلىتىلا بىر ھەرىكەتنى ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلاش بىلەن توختاپ قالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بەدىنى قىزنىڭ بەدىنى بىلەن ھەقىقىي ئۇچراشمىغانىدى، خوتۇنى بىلەن نەق ئۇچرىشالمىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خوتۇنىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ياتتى.

— سۆيۈملۈكۈم، سىز بەختلىكمۇ؟ — سورىدى ئۇ خوتۇنىدىن.

ئارمارىيە يا مىدىرلاپ قويمىدى، يا گەپ قىلمىدى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان، غۇۋا يورۇپ تۇرغان تورۇسنى تېشىۋېتىدىغاندەك تىكىلگەنىدى. ئۇ غودۇرىغاندەك بىر ئاۋازدا: «ياخشى چۈش كۆرۈڭ!» دېدى - دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، كارىۋاتنىڭ ئۆزى ياتقان تەرىپىدىكى قىرىغا سۈرۈلدى.

ئون كۈنلۈك شېرىن ئاي ساياھىتى ئاخىرلاشتى. يېڭىياچە ئەر - خوتۇنلار ئۆيگە كېلىشىگىلا، ئاسباسسىيە ئۆزى ئالاھىدە تەييارلاپ ئۆز قولى بىلەن چامادانغا سېلىپ بەرگەن ھېلىقى كىرلىكنىڭ ئەھۋالىنى ئارمارىيەدىن سورىدى. ئارمارىيە سوغۇقلا قىلىپ: «ئىشلەتمىدۇق» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ھەدە بولغۇچى بۇنىڭ سەۋەبىنى كوچىلاپ سوراپ بېقىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئاسباسسىيە ئۇنىڭ يۈزىنى ئاياپ سورىمىدى. ئۇ سورىمىغاندىن كېيىن، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا ئارمارىيەنىڭمۇ ئېغىزى بارمىدى.

كۈن چۈشتىن قايرىلىشىغا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بۇ يېڭى ئەر - خوتۇننى مۇبارەكلەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئارمارىيە ئەتىگەن ئۆيگە يېڭى كەلگەن چاغدىكى ئارمارىيە ئەمەس، ئاجايىپ بەختلىك يېڭى كېلىن قىياپىتىدە، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدۇ. ئاسباسسىيەنىڭ كۈتىدىغىنى دەل مۇشۇ ئىدى. ئارمارىيە ھەدىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە مەغلۇبىيەتكە ۋە بەختسىزلىككە ئورۇن بولماسلىقى كېرەك، ئارمارىيە مەڭگۈ بەختلىك خانىم بولۇشى، ئاساس مائارىپ باش نازارەتچىسى ئەپەندىنىڭ بەختلىك خانىمى بولۇشى، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ، بۇ ئۆيدىكى ھەدىلىرىنىڭ ھەسىتى قوزغالغۇدەك بەختلىك بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئارمارىيە قىز ساۋاقداشلىرىنىمۇ ئەنە شۇنداق بەختلىك كۈلكىسى بىلەن كۈتۈۋالدى. ھەدىسى ئاسباسسىيە ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرگەچكە، ئۇنىڭغا ساۋاقداشلىرى بىلەن بەزى سىرلىق ئىشلار ئۈستىدە كۇسۇر - كۇسۇر قىلىشىۋېلىشقا پۇرسەت بولمىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىدە بىر خىل سىرلىق، كۆڭۈلدىلا بىلىشكە بولىدىغان، دېيىشكە بولمايدىغان مەنىلەر بار ئىدى.

ئۇلار شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھۆكۈمەت سوت مەھكىمىسىنىڭ قوشنا ناھىيىگە يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، شۇ ئىش بىلەن بىللە، ئاساس مائارىپ باش نازارەتچىلىك ئورنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. ئارقىدىنلا مىنودا ئەپەندى كارېېنسقا بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئاسباسسىيەگە بۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. «ئىسمىم نېمىشقىمۇ ئاسباسسىيە بولۇپ قالغاندۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەپ، — مېنىڭ يېنىمدىن بېرىكلېس[1] كەتتى، ۋېنىزېلوسمۇ[2] كەتتى.» كەنتتە ئەمەلدار ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بولمىسا، كەنت ئاھالىلىرى پەس-

① بېرىكلېس — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە قەدىمكى ئافىنادا ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيون ۋە ھەربىي ئاتامان، ئاسباسسىيە ئاشۇ دەۋردىكى ئافىنادا نامى مەشھۇر بولغان پاھىشە، ئۇ ھۆسن - جامال، بىلىم ۋە زېرەكلىكتە كامالەتكە يەتكەن، كېيىن بېرىكلېسنىڭ خانىمى بولۇپ قالغان.

② ۋېنىزېلوس — 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا گرېتسىيىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيون، دىپلومات، كرېتى ئارىلىدا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمىمۇ ئاسباسسىيە.

كەشلىشىپ كېتىدۇ، نېۋخورى يېزىسىنىڭ نامىمۇ
بارغانسېرى سۇسلىشىدۇ. بۇ ئاسباسسىيەنىڭ قارد-
شى، ئۇنىڭ يۇرىكىنى ئاغرىتىدىغان نەرسىمۇ دەل
مۇشۇ.

ئارمارىيە ھەدىسىنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلىد-
غاندەك ئىدى، لېكىن ئېرىنىڭ يۆتكىلىشىدىن
رازى ئىدى. ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كەنتنى
ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ، دې-
يىشكىمۇ بولىدۇ. پۈتۈن كەنت دوپپىامچىلىكلا بار،
ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە چاپلاپ دېگۈدەك سېلىنغان،
ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە قارانچۇق، ھېچقانداق
ئىشنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئارمارىيە ئافې-
ناغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، شەھرا تۇرمۇشى-
نىڭ ئادەمنى بالدۇرلا ئىسكەتىدىن كەتكۈزىۋېتىد-
غانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئېنىقكى، كارىبىنس
ئافېناغا خېلى يېقىن، دېمەك ئۇ نېۋخورى كەنتى
ۋە ئادەمنى سىزغان سىزىقىدىن چىقارماي ئىچىنى
سىقىدىغان ئاسباسسىيەدىن يىراق تۇرىدۇ. زادى
نېمە سەۋەبلەردىن مۇشۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغان-
لىقىغا ئۇ ئۆزىمۇ بىرنېمە دەپ بېرەلمەيدۇ، ئېشقى-
لىپ، ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ قالاق يەردىن
مەڭگۈلۈك قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ.

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى —— مەلۇم بۇۋى مەريەم
موناستىرى

پېنېلوپې، جېنىم ھەدە، تۇنۇگۈن ئۈچ بەت
كۈندىلىك خاتىرە يازغاندىن كېيىن ئىچ ـ قارنىم
خېلى بوشاپ قالدى. ئۆيدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئىچ
سىرىمنى تۆككۈدەك بىرەر سىرداش تاپالمىدىم، دې-
مەكچى بولغىنىم، مېنى چۈشىنىدىغان، مېنىڭ بې-
شىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىلىدىغان بىرەرى يې-
نىمدا يوق. ئاشۇ ئۆيىمىزدە، مۇنداقچە ئېيتقاندا
ئاشۇ قەپىسىمىزدە، تەنھالىق، غېرىبلىق ئىچىدە
ئۆتكەن ئۇزاق كۈنلەردە، بىكارچىلىقتا ئىچىمىز
سىقىلغان ئاشۇ ۋاقىتلاردا، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن
كاللام ئىشلەپ سېنىڭ خەت ساۋاتىڭنى چىقىرىپ
قويۇش خىيالىغا كېلىپ قاپتىكەنمەن، ئۇنىڭ بىر
كۈنلەر كېلىپ ئىككىمىزنىڭ خەت ئارقىلىق
سىردىشىشىمىزغا ئەسقىتىپ قېلىشىنى كىم ئوي-
لىغان. شۇ چاغدىكى ئىشلار ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا
تۇرۇپتۇ.

تۇنۇگۈنكى خېتىمدىن بىلىپ بولدۇڭ، مەن
ئۆزۈمنىڭ راھىبە بولۇشۇمنى، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى
مۇشۇ موناستىرغا سولىنىپ ئۆتكۈزۈشۈمنى خىيا-
لىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. مېنىڭ ئۆز ئائىلە-
دىكى كۈنلىرىمنىڭمۇ ئەركىن ـ ئازادە ئۆتكىنى
چاغلىقۇ، لېكىن ئىلگىرى مېنىڭ يۈرىكىمدە
ھامان بىر ئۈمىد بار ئىدى، ھاياتىمدا بىرەر ئۆزگىرىش-
نىڭ بولۇشىنى كۈتەتتىم، تۇنىنونىڭ تۇيۇقسىزلا
پەيدا بولۇپ قېلىشى شۇنداق ئىش ئەمەسمۇ! مەن
ئاشۇ كۈننى ساق ئون توققۇز يىل كۈتتۈمغۇ!

ساڭا دېگەن بىر گېپىم ئېسىڭدىمۇ؟ ئاپام
مېنى بەختكە ئېرىشەلەيسەن دەپ كېسىپ ئېيتقان-
دى. ئۆپكە ياللۇغى بىلەن جېنىمدىن ئايرىلىپ قال-
غىلى تاس قالغان بولسامىمۇ، مەن ھازىر شۇ گەپكە
يەنىلا ئىشىنىمەن. مەن ئاغرىپ قوپقان ئىشىمنى
ئالدىنقى بەتلەردە يازغانىدىم. بۇ گەپكە ئىشىنىشىم-
دىكى سەۋەب، مەن ناھايىتى كىچىك ۋاقتىمدىلا مۇ-
ھەببەتكە ئېرىشكەن، ئۇ يىگىت مېنىڭ بارلىقىم
ئىدى. مانا بۇ ھەقىقىي بەخت تۇيغۇسى. سەن كۆڭ-
لۈڭنى ئۇتالايدىغان بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ
قالغىنىڭدا، ئۆزۈڭنى رازىلىقىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بې-
غىشلىغىنىڭدا، سەن باشقىلار مەڭگۈ تارتىۋالالمايد-
غان خۇشاللىق مەنبەسىگە ئېرىشكەن بولىدىكەنسەن.

مەن كارىۋاتتىن چۈشكۈدەك بولۇپ، سالامەتلى-
كىم خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالغاندا، موناستىردا
ئويلاپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى! موناستىرنىڭ
قېرى ئادۋوكاتى جانى توكارس ماڭا توي قىلىش تە-
لەپپى قويدى. مېنىڭ قانچىلىك ھەيران قالغانلى-
قىمنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلەمسەن؟ توكارس ئۆ-
زىنىڭ توي قىلىش تەلىپىنىڭ چىن ۋە رەسمىي
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ تەلەپنى ماڭا
باش موناستىرنىڭ ئالدىدىلا قويدى. سەن مەن
ئۈچۈن خۇشال بولما. ئۇنىڭ دوكلۇقى باشتىلا ماڭا
سەت كۆرۈنگەنىدى. مەن مۇنداق قارايمەن، پېنېلو-
پې، مۇھەببەت ياشلىق باھارىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ ئې-
رىشكەن سوۋغات گۈزەللىك بولۇشى كېرەك، ياش-
لىقنىڭ قانىتىلا ئۇنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرالايدۇ.

بىزنىڭ چوڭ ھەدىمىز مۇشۇنداق بىر ياخشى سوۋغاتنى شۆھرەتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىۋەتتى، لېكىن ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈلگىسى دەپ قارايدۇ. ئۇ ياشلىق باھارىنى ئۆزىنىڭ تويلۇق نەرسىلىرىنى توقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى، لېكىن ئۆزىگە كۆڭۈلدىكىدەك بىر ھەمراھ تېپىۋېلىشنى بىلمىدى، تېخى كىم ئۆزىگە ئوخشاش يول تۇتمىسا، ئۇ شۇنىڭغا زەھىرىنى چېچىپ كەلدى. ھازىر ئۇنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ بولدى، ئەمدى بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ ئۆتكەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ.

بىلسەڭ، مەن ھازىر تولىمۇ تەس كۈندە قالدىم، ئۇنداق بولۇشى، قارىسام مەن ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان باش موناستىر تېزرەك بىر قارارغا كېلىشىمنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمگە غەيرەت تېپىپ توكارسىنىڭ تەلپىنى رەت قىلدىم.

— سىز مېنى قىلچە چۈشەنمەيسىز، — دېدىم ئۇنىڭغا.

لېكىن، ئۇ تولىمۇ ئۈمىدۋار چىقىپ قالدى.

— چۈشىنىشىۋېلىشىمىزغا ۋاقىت كۆپ، — دېدى ئۇ، — گەپ ئىككىمىزنىڭ خالاش - خالىماسلىقىدا.

بۇ گەپ بەك تېرىۋامغا تەگدى.

— مېنى سىز بىلەن چۈشىنىشىشنى خالايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگىنىنى بىلەمسەن؟ ئۇ مۇنداق دەيدۇ قارا:

— ھېچقىسى يوق! ئىشقىلىپ، مەن خالىسام بولدى، كېيىنچە ئېيتالايمەنكى، مەن مەقسىتىمگە يەتمەي قويمايمەن!

مېنىڭ قورققىنىم، ئۇ مۇشۇنداق قىستاۋەرسە، تۇرمۇشۇمدىكى سىرنى ئېيتىپ سېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

— ھىم، خاتا ئويلاپ قاپسىز، — دېدىم ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش يولى ئۆزىگە مەنسۇپ. مېنىڭ سىزنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭىزنى قاندۇرۇش مەجبۇرىيىتىم يوقتۇ؟

— ھايۋاندىن ئېشىپ چۈشىدىغان بۇ ئادەم ئىشەنچ بىلەن كۈلۈپ قويدى. مەن بەك كەسكىن بولالمىغاچقىلا، ئۇ مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا پېتىنىۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشكەن قىز ئىكەنلىكىمنى بىلىپ بولغانىدى.

— سىز نېمىمۇ قىلالايسىز؟ — دېدى ئۇ، — سېزىپ بولدۇم، سىز ئۆيدىن قېچىپ چىققان، ئۇ يەرگە مەڭگۈ قايتىش خىيالىڭىز يوق. ئۇنداقتا، بۇنىڭدىن كېيىن كۈنىڭىزنى قانداق كۈن ئېتىسىز؟

— ھە، ئەمدى بىلدىم، سىز مەن ئېغىر كۈندە قالغان مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېنى ئۆزىڭىزگە باش ئەگدۈرمەكچىمۇ؟ بۇ مەقسىتىڭىزگە يېتەلمەسسىزمىكىن!

— لېكىن مەن سىزنى سۆيىمەن، بۇنى سەزمىدىڭىزمۇ؟

ئۇ باش موناستىرنىڭ ئالدىدىلا مۇشۇ گەپنى ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ دەۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

مەن ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم. باش موناستىر يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى، لېكىن مەن يىغىدىن ئۆزۈمنى توختىتالمىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ قىلچە كۆڭلى يوق بۇ ناتونۇش ئەرنىڭ ئالدىدا ئۈمىدسىز ۋە يار - يۆلەكسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. ئۇ مەن ئۈچۈن سوغۇق تەلەت، ئاتام كۆرمىگەن، ئاتام كۆرمىگەن بىر يات ئادەم ئىدى، ئۇنىڭدىن يىرگىنەتتىم. مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، مەندە يەنە نېمە ئامال بار؟ ئۆيگە قايتىپ كېتىپ يەنە ئاسباسسىيەنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرەمەنمۇ؟ پېنېلوپى، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، مەن ئۆيگە ھەرگىز قايتمايمەن. مېنى كەچۈرگىن، پېنېلوپى، راست، سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن، سېنى شۇنچىلىك سېغىنىدىم، لېكىن ئاشۇ ئۆيگە قايتقىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىشەنچىمنى يەنىلا مۇشۇ زېرەك ئايالغا — باش موناستىرغا باغلىدىم. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا شۇنداق بىر تەمكىن ھالەتتە ئولتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پۈتۈن ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم: مەن ئىلگىرى تولىمۇ بەختلىك بىر قىز ئىدىم، بۇ دۇنيادا تېپىلغۇسىز، مېھرى ئىسسىق بىر ئائىلىنىڭ باغرىدا چوڭ بولدۇم؛

مەن ئۆز ۋاقتىدا مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغاندەك بىر بالا ئىدىم، بىر بالا تۇغقاندىن كېيىنمۇ شۇنداق ئىدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقتا مۇخالىپ ئىش قىلغانلىقىمنى، گۇناھقا پېتىۋاتقانلىقىمنى ئەسلا بىلمەيتتىم، بۇ گۆدەك بالىلىقنىڭ نىشانى ئەمەسمۇ؟ لېكىن، ئاشۇ ھەممىنى كۆتۈرۈشلۈك ئايال — بىزنىڭ ئاپىمىز مېنى سۇنماس قاناتلىرى ئاستىغا ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ قارغاش ۋە تاپا ـ تەنىلىرىدىن ساقلاپ قالدى. ئاپامدا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە ئىنسانكارلىق روھى بولغاچقىلا، مېنى ماينىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ساقلاپ قالالىدى، مەندە قانداقتۇر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تۇيغۇ بولمىدى. ئاپام ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سايىسىنىڭ ھەر ۋاقىت ماڭا ھەمراھ ئىكەنلىكىنى ھامان بىر كۈنى چۈشىنىدىغانلىقىمنى، مېنىڭ ئاخىرىدا ئالىي پەزىلەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىدىغانلىقىمنى بۇرۇنلا بىلگەن.

پېنېلوپې، ئوبدان ھەدە، ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىسىپ ئۆتكەن يوللىرىمىزنىڭ مەلۇم قىسمىنى باردۇ دەپ ئويلايمەن، چۈنكى بىز بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاپىمىز ئالفېلىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدۇق. يەنە كېلىپ، ساڭا ئېيتسام، بىزنىڭ ئىنسانكار بولۇشىمىزغا ئاپام تۈرتكە بولدىمىكىن دەپ ئويلايمەن. ئادەم بۇ ئۆمرىدە مۇكەممەل ئادەمدىن نەچچىنى ئۇچرىتالايدۇ؟ مېنىڭ ئاپامنى ئىنسانكار روھقا ئىگە دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئەۋلىيالار ۋە خۇدا ئىنسانلارغا يات تەلەپلەرنى قويىدۇ، لېكىن ئاپىمىزچۇ؟ ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى شۇنداق چۈشىنىدۇ، ئۇ ھېچقانداق سەۋەنلىكسىز ئۆتكەن ئادەمنى نورمالسىز ئادەم، دەپ قارايدۇ.

گېپىمگە ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، مەن ئۇنچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغان ئاشۇ ئايال — باش موناستىر مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندا، ماڭا خۇددى ئاپىمىزغا ئوخشاش شۇنداق دىلكەش، شۇنداق ئىشەنچلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مېنى ئادۋوكات بىلەن توي قىلىشقا سايە قىلدى، چۈنكى ئۇ ئۆز خىيالىدا ئادۋوكاتنى مېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ، خۇدا ياش ھەم چىرايلىق بىر قىزنى مۇنداق يەرگە مەھكۇم قىلىپ قويالمايدۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئەمەس، دېگەن گەپتە چىڭ تۇرىۋالدى، سىز راھىبە بولۇپ ئايىغىغا ئېلىپ چىقالمايسىز، دەپ كېسىپلا ئېيتتى.

— مەن باشقا بىرىگە ياخشى خوتۇن بولالىشىممۇ ناتايىن، ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى تەقدىر ـ قىسمەت دېگەن مانا شۇ. بىز ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدنىمىز ئۈزۈلگەندىلا ئاندىن خۇدادىن پاناھلىق تىلەپ بۇ يەرگە كېلىمىز. ئوخشاشلا، — باش موناستىر گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەگەر سىز قالغان ياشلىق باھارىڭىزنى ئاشۇ ئىنسان قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان، باغرى تاش ھەدىڭىز ئاسباسسىيەنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزسىڭىز، بۇ سىز ئۈچۈن ئەڭ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

مەن باش موناستىرغا، تونىنونى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتەلمەيدىغانلىقىمنى، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىتگەن بۇ ياشانغان ئەپەندىگە كۆڭلۈمنى بېرەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشەندۈردۈم. باش موناستىر مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەندى، شۇنداقتىمۇ ماڭا نەسىھەت قىلدى:

— تونىنومۇ سىز كۆرگەن چاغدىكىدەك مەڭگۈ ياش تۇرىۋەرمەيدۇ. ئۇمۇ ھازىر ئادۋوكات توكارسىنىڭ يېشىغا بېرىپ قالغاندۇ. يەنە بىرى، سىز مېنىڭ ۋە ئاپىڭىزنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ، سىز مۇشۇنداق چىقىش يولى تاپالماي قالغان قىيىن ئەھۋالدا، ئاپىڭىز سىزگە باشقىچە قارايتتىمۇ؟

مەن ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم:

— ئاھ، ئاپام ھازىرمۇ ھايات بولغان بولسىچۇ! ئۇ مېنى يەنە قانىتى ئاستىغا ئېلىپ قوغدىماسمىدى!

شۇنداق، پېنېلوپې، لېكىن بىز ئاپىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالدۇق.

ئافېنا، 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

قەدىرلىك پېنېلوپې، مەن ئاخىرىغا بېرىپ بۇۋى مەريەم ئىسمىن تۇغۇت موناستىرىدا يەنە ئاشۇ

توكارس ئەپەندى بىلەن توي قىلدىم. ئەلۋەتتە، مەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى باش موناستىرنىڭ نەسىھىتى بويىچە توكارس ئەپەندىگە ئائىلىمىزدىكى ئەھۋاللارنى، يەنە ئائىلىمىزنىڭ يېڭى خوجايىنى بولغان، مۇھەببەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان قېرى قىز ئاسباسسىيە بىلەن پەقەتلا چىقىشىپ ئۆتەلمىگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. پەقەت مۇشۇلارنىلا سۆزلەپ بەردىم، باشقا ئىشلار توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىم.

توكارس ئەپەندى مېنىڭ شور پېشانىلىكىمنى تۇتۇۋېلىپ، گويا مېنى قۇتۇلدۇرغۇچى نىجاتكار ئورنىغا چىقتى، مەنلا بولىدىكەنمەن، بۇ ئىشلار سىز ئۈچۈن بىر قاباھەتلىك چۈش بولۇپ قالىدۇ، دەپ پو ئېتىپ چۈشتى.

ئۇ مېنى كىنفىسىيىدىكى تەنها چوقچىيىپ تۇرغان بىر مېھمانسارايغا ئېلىپ باردى. قارىسام، ئۇ مېھمانسارايدا توكارس ئەپەندى ئىككىمىزدىن باشقا مېھمان باردەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، مەن مۇشۇنداق جىمجىت يەردە ئارام ئېلىشىم كېرەك ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ موناستىردا ئارام ئېلىۋاتقىنىمغا ئۈچ ئاي بولغانىدى.

قەدىرلىك ھەدە، سۆيۈملۈك غەلىتە مەخلۇق، ھەي، نېمە دېسەم بولىدۇ، مەن بەختى قارا ئادەم ئىكەنمەن. توكارس مېنىڭ ئېرىم بولۇپ قالدى، ئۆپكىسى تۆگەپ، كانىيى قالغان بۇ ئادەم مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، خۇدايىم كۆرسەتمىسۇن، ئەر ـ خوتۇنچىلىق تۇرمۇشقا ئۇنىڭدەك ئۆزىنى ئۇرىدىغان ئادەم بولماس دەيمەن. ئۇ ماڭا قوپاللىق بىلەن يېپىشقىنى يېپىشقان، مېنىڭ تېنىمنىڭ ئۆزۈمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. ئەگەر، مۇنداق ئىش ئىلگىرى بېشىمدىن ئۆتۈپ باقمىغان بولسا، بەلكىم ئىشنىڭ يولى مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، دەپ يۈرۈۋەرگەن بولار ئىدىم. ئۇ كۆزەينىكىدىن ئايرىلىپ قالسا قارىغۇنىڭ ئۆزى ئىدى، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قىلمىغىنى قالمايتتى. مېنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن خۇشاللىقىمنى ھەرقانداق نەرسە، پېنىلوپې، ھەرقانداق نەرسە ئويغىتالمايتتى، ھەقىقىي خۇشاللىق، لەززەت ماڭا ئاشۇ ساندۇق ئىچىدىلا نېسىپ بوپتىكەن.

زورلۇق بىلەن بولۇۋاتقان بۇ ئىشلار مېنىڭ تونىنوغا بولغان قايناق ھېسسىياتىمنى يەنە داۋالغۇتۇۋەتتى. راست، ساڭا كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، مەن ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاسباسسىيەنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمدىن ئەنسىرەپلا، خۇددى ساراڭلاردەك ئۆيدىن ۋارقىراپ چىقىپ كەتكەنىدىم. ئاشۇ كۈنى ئۆيدە تۇرۇپ تونىنونىڭ مېنى سورىغان ئاۋازىنى، ئاسباسسىيەنىڭ ئۇنى قوپاللىق بىلەن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئاڭلىغان مىنۇتتىن باشلاپلا، مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنى ــــ بىزنىڭ چوڭ ھەدىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتى پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، كۆزۈمگە خۇددى ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان تاش تامدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ چاغدا كۆزۈم ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر كالتەككە چۈشتى. شۇ چاغدىكى ساراڭلىقىمدا كالتەك بىلەن مېڭىسىگە بىرلا قويۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىش مەن ئۈچۈن تەس ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ «بىزنىڭ بۇ يەردە ئېللاتو دېگەن بىرى يوق» دېگەن سۆز چىققان ئېغىزىنى قان يالىتىۋېتەتتىم، ئۇنىڭ روھتىن ئايرىلغان تېنىنى ...

خەتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئېللاتو ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئاڭغىچە ئادۇۋكات توكارس ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى. ئۇ ئاجايىپ بىر خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن ئېللاتونىڭ بېشىغا ئېڭىشىۋېتىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم بىلەن ئوچۇق تۇرغان خاتىرىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى.

ــــ بۇ نېمە؟ ــــ ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ خاتىرىگە قولىنى ئۇزاتتى، ئېللاتو دەرھال ئۈستەل ئۈستىگە يېتىپ دېگۈدەك ئېڭىشىپ خاتىرىنى توسۇۋالدى. ئېللاتونىڭ كۆزلىرىدىكى ھودۇقۇش، ئۇنىڭغا تىنچلىنىپ قارىيالماسلىقى توكارسنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ ئېللاتونىڭ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ قولىنى كەينىگە قايرىدى، ئاندىن ئۇنى ئورۇندۇق بىلەن قوشۇپلا كەينىگە قاراتتى. ئادۇۋكات ئولتۇردى، ئېللاتونىڭ قارشى تەرىپىدىكى ساپادا ئولتۇرۇپ، خاتىرىنى باشتىن تارتىپ ئوقۇشقا

باشلىدى. خەتنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلىدى، ئاخىرىغا بېرىپ چىرايى كۆكەردى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى.

— ئەگەر ئوتتۇرا ئەسىردە ياشاپ قالغان بولساق، — دېدى ئۇ، — مۇشۇ ئىقرارلىرىڭنىڭ ئۆزىلا سېنى دارغا ئېسىشقا ياكى تىرىك پېتى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشكە يېتىپ ئاشاتتى. سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بولسا كېرەك، ئوتتۇرا ئەسىردە قىزلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلاش ئىشى قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن. هازىر مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى پەقەت تالاق قىلىپ خېتىڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇش، لېكىن بىر مەزگىل ساقلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. شېرىن ئايىنى تولۇق ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىكىمىزنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سەن قالغان يىگىرمە كۈندە يەنىلا مەن بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرىسەن. ئاندىن مەن سېنى ۋولوسقا ئاپىرىپ قويىمەن، ئۇ يەردە تۇرمۇشلۇق بولغان بىر هەدەم بار، شۇ يەردە ئىككى ئاي تۇرىسەن، ئاندىن مەن ئاجرىشىش ئىلتىماسى سۇنىمەن.

ئېللاتو ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە، ئۇنىڭ گەپلىرىنى جىممىدە ئاڭلىدى. يەنە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟ ئۇ ئۆزىنى بىر پارچە تاشقا ئايلىنىپ قالغاندەك هېس قىلدى، لېكىن ئۇ ياخشى تاش ئىدى.

— سېنىڭ مۇقەددەس ئاناڭ ئۇ هاراملىقىڭنى نەگە ئاپىرىۋەتتى؟ بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ ياكى گۈلزارلىقىڭلارغا كۆمۈۋەتتىمۇ؟ هە راست، قىزلىق پەردەڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئىشنى ئەجەب خەتتە تىلغا ئالماپسەنغۇ؟ قانداق قىلغانلىقىڭنى مەنمۇ بىلىۋالمايتتىممۇ! ئۇنى كىم ئوڭشاپ بەرگەن؟

ئېللاتو ئۇنىڭ زادى نېمىنى سوراۋاتقانلىقىنى پەقەت ئاڭقىرالمىدى.

— كىمنى ئوڭشاپ بەردى دەپ سوراۋاتىمەن!

— نېمىنى دەيسىز؟

— قىزلىق پەردەڭنىچۇ! قېنى ئېيتقىن، راستىنى سۆزلىگىن.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز؟

— قەيەردە ئوڭشاتقان؟ كىم ئوڭشاپ قويغان؟ قاچان ئوڭشىغان؟ يۈزى ئېچىلمىغان قىزلاردەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېنى كولدۇرلاتقىنىڭنى قارا!

— لېكىن مەن قىز ئەمەسقۇ.

— لېكىن قىزلىقىڭنى مېنىڭ ئالغىنىم ئېنىققۇ، بۇ قانداق ئىش؟

— مەن سىزنىڭ مەندىن زادى نېمىنى بىلمەكچىلىكىڭىزنى هېچ بىلەلمىدىم.

توكارىس ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

بۇ كۆزلەر شۇنداق مەسۇم، شۇنداق سەمىمىي، باشقىلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن چۆچۈپ تۇرغان هالەتتە. ئادۋوكات خاتىرىنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئاپا، ماڭا ياردەم قىلغىن! ماڭا ياردەم قىلغىن، ئاپا!

كاربېنس دېگەن بۇ يەر ئارمارىيەگە ئاجايىپ هېسسىيات ۋە هاياجانلارنى ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن هەر ۋاقىت بىللە يۈرىدىغان ياشانغان ئېرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ هەربىر سورۇن ۋە يىغىلىشلارنىڭ گۈلى بولۇپ قالاتتى، ماختاش، ئۇچۇرۇشلارغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى، تەبىئىي هالدا ئەڭ جازىبىدار خانىملار قاتارىدىن ئورۇن ئالاتتى.

ئۇلار كاربېنسقا 12 - ئاينىڭ باشلىرى كەلدى، كېلىپ ئېپى - جېپىنى تېپىپ بولغۇچە مىلاد بايرىمى يېتىپ كېلىپ قالدى، تەكلىپنامىلەر ئارقا - ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى. بىر كۈنى، مىنودا ئەپەندى تولىمۇ پەخىرلەنگەن هالدا ئۆلكە باشلىقى ئەۋەتكەن تەكلىپنامىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئارمارىيە تەكلىپنامىنى ئېلىپ مەيدىسىگە باستى، ئېرىشىۋاتقان بۇ شان - شەرەپلىرى ئۈچۈن چوڭ هەدىسى ئاسباسسىيەگە رەھمەت ئېيتتى، چۈنكى ئۇ ئارمارىيەنى مۇشۇنداق تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشكە ۋەدە قىلغانىدى. ئارمارىيە تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئېرىگە قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى، ئېرىچۇ، خۇددى بۇ تېخى ئىشلارنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلماقچى بولغاندەك، يانچۇقىدىن ئىككىنچى تەكلىپنامىنى چە

قاردى، بۇ تەكلىپنامە ئاچ يېشىل رەڭدە ئىدى. ئارمارىيە ئىبرىدىن تەسىرلىنىپ مەستخۇش ھالەتكە كەلدى.

— يەنە بىرى بار دەڭ تېخى؟ — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي.

— كىم بىلەن تاماقتا بىللە بولىدىغانلىقىمىزنى خىيالىڭىزغا ھەرگىز كەلتۈرەلمەيسىز!

— كىم بىلەن؟ ئېيتىڭا، كىم بىلەن؟ مىنۇدا، ئېيتىپ بېرىڭا!

— قاتناش ترانسپورت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بىلەن، ئۇ تېخى يېقىندا ساقچى باشلىقىنىڭ نىكاھ گۇۋاھچىسى بولماقچى.

— قەدىرلىكىم، بۇلارغا راستتىنلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ! — ئارمارىيە ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئاسباسىسىيەگە يازغان خېتىدە مۇشۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى.

— مەن بىرقۇر كىيىم ئالمىسام بولمىغۇدەك.

— تويلۇق كىيىمىڭىز بارغۇ.

— قەدىرلىكىم، ئۇنى ھازىر كىيسەم بولمايدۇ. ئۇ دېگەن ئاق رەڭلىك، يازلاردا كىيىدىغان كىيىم.

ئارمارىيە سورۇندا ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان دەرەختەك قېرى ئېرىنىڭ يېنىدا گويا يۇمران مايسىدەك كۆرۈنەتتى. دەسلىپىدە ئۇ كەم سۆزلۈك قىلدى، باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ سورۇنلىرىغا ئوخشاش، ئۆلكە باشلىقىنىڭ سورۇنىدىكى پاراڭلارمۇ تۆۋەندە يۈز بەرگەن ھەر خىل ئىشلاردىن تارتىپ، كاۋافىس[①] ، گامۇس قاتارلىقلارغىچە بېرىپ يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. رومانتىزمچى ئەدىبلەر ۋۇرانىسنىڭ[②] ئەسەرلىرىدىن، تەرەققىيپەرۋەر ئەدىبلەر بولسا فەنناریسنىڭ[③] «يوقالغان كىشىلەر» دېگەن ئەسىرىدىن بەكرەك ھۇزۇرلىناتتى. ئارمارىيەگە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەردىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئەڭ ھېس قىلدۇرغان نەرسە — ئۇ ئافېنادا كەڭ دائىرىدە تارقىتىلىدىغان، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۆلاپ ئېلان قىلىدىغان بەزى ژۇرناللاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

— سىز، سىزمۇ «ئەلچى»نى كۆرۈپ تۇرامسىز؟ — بىرەيلەن ئارمارىيەدىن شۇنداق سورىدى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، ئارمارىيە گېزىت، ژۇرنال ۋە شېئىر توپلاملىرىنى ئوقۇشقا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. ئۇنى ئۆزىگە ئەڭ تارتقىنى رومانتىكىغا تويۇنغان بىر ئۆلانما رومان بولدى، ئەسەردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسلەرنىڭ تەسۋىرى، بولۇپمۇ پارىژلىقلارنىڭ تەسۋىرى ئۇنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. لېكىن، ئۇ ئۆزى ئۇچراشقان ئەدىبلەرنىڭ بۇ ئەسەرنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. كېيىن ئارمارىيە بىر قىسىم ئەدىبلەرنى بىر يىغىلىش ئۇيۇشتۇرۇپ تەكلىپ قىلىپ، ئۆلاپ ئېلان قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى زامان ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ ياققىنى كوستىنونىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ يازغۇچى پارىژدا تۇرغان، تۇرغان ۋاقتى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بولۇشى كېرەك، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە مۇشۇنداق يېقىملىق فرانسۇزچە ئىسىمنى تاللاپ چىقالىغان. ئارمارىيەنىڭ قاراشلىرىنى ھەممە ئادەم بىردەك قوللىدى، چۈنكى ئەرلەر مۇنداق چىرايلىق قىزلارنىڭ قاراشلىرىنى ھەر ۋاقىت قوللاپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ سەھرادىن كەلگەن، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى تاشقىنلاپ تۇرىدىغان مۇنداق رىقابەتچىگە يول تېخىمۇ ئوچۇق.

ئەدىبلەرنىڭ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشلىرى ئارمارىيەنىڭ قىزىقىش ـ ھەۋەسلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى، ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا كوستىنو ئەپەندىگە خەت يازدى، خېتىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قانچىلىك ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇ بۇ خەتنى يەنە بىر نۇسخا

① كاۋافىس ( 1868 — 1933) گرېتسىيىلىك شائىر.
② ۋۇرانىس ( 1890 — 1953) گرېتسىيىلىك يازغۇچى.
③ فەنناریس ( 1884 — 1975) گرېتسىيىلىك شائىر.

كۆچۈرۈپ ھەدىسى ئاسباسسىيەگە ئەۋەتىپ بەردى،
ھەدەم مېنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەن
ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلسە پەخىرلىنىدۇ،
ئاندىن ماڭا ساپ يىپەكتىن ئون ئىككى دانە
كىرلىك توقۇپ ئەۋەتىدىغان ۋەدىسىنىمۇ ئورۇنلاي-
دۇ، دېگەن خىياللاردا ئىدى. ئارمارىيە تەبىئىي
ھالدا ئۇ يازغۇچىدىن جاۋاب خەت كېلىشىدىن
ئۈمىد كۈتمەيتتى، لېكىن ئىجتىمائىي ئالاقە سو-
رۇنلىرىدا، ئۇ ھەمىشە چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرت-
مەي تۇرۇپ: «مەن كوستىنو ئەپەندى بىلەن دائىم
خەت ـ ئالاقە قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن» دەپ چۈشەتتى.
چۈنكى، ئارمارىيەنىڭ مەستخۇشلۇقى كۈندىن ـ
كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتاتتى، يازغان خەتلىرىمۇ مەپ-
تۇنلۇققا تويۇنۇپ باراتتى. پۇرسەت ئاخىر كەلدى،
ئارمارىيەنىڭ يۈرىكىگە يېڭىباشتىن ئوت تۇتاشتى.
مىنودا ئەپەندى ئافېناغا بېرىپ مەزى بېزى ئوپېرات-
سىيىسى قىلدۇرماقچى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ قانداق
كېسەللىك ئىكەنلىكىنى ئارمارىيەنىڭ بىلگۈسى
بار ئىدى، لېكىن ئېرى چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەر-
نى دەپلا يوق قىلدى. ئارمارىيە ئافېناغا بارىدىغانلى-
قى، ئۆزى چوقۇنىدىغان يازغۇچى بىلەن بىۋاستە
كۆرۈشىدىغانلىقى، تونۇشىدىغانلىقىنىڭ ئوتىدا
كۆيۈپ يۈرگەچكە، ئېرىنىڭ ئوپېراتسىيىسىگە
ئۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمىدى. ئېرىنى ئوپېرات-
سىيە قىلىدىغان كۈن بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئار-
مارىيە يازغۇچى كوستىنو ئەپەندىگە خەت يازدى، بۇ
ئۇنىڭ ئەللىكىنچى پارچە خېتى ئىدى.

*مېنىڭ پىنھاندىكى قىممەتلىك دوستۇم،*
*مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئۇلۇغ ئارزۇيۇم ئاخىر ئەمەلگە*
*ئاشىدىغان بولدى، سىز بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ*
*تونۇشۇش پۇرستى مانا ئاخىر يېتىپ كەلدى.*
*مۇنداق كۆرۈشۈشلەر سىز ئۈچۈن چوڭ ئىش ھې-*
*سابلانمىسىمۇ، لېكىن سىزگە ئازراق بولسىمۇ خۇ-*
*شاللىق ئاتا قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ، دەپ ئويلاي-*
*مەن. مەن 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ياكى 12 ـ كۈنى*
*سىزنىڭ گېزىتخانىڭىزغا بارىمەن. سىزگە ئۆزۈمە-*
*نى قىسقىچە تونۇشتۇرسام، يىگىرمە بەش ياشقا*
*كىردىم، كۆز قارىچۇقۇم ئاچ قوڭۇر رەڭدە، ئوتتۇرا*
*بويغا كىرىمەن. مەن سىزگە يۈزتۇرا مىننەتدارلى-*
*قىمنى بىلدۈرمەكچىمەن، چۈنكى سىزنىڭ ئەسەر-*
*لىرىڭىز مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتتى.*
*سىزگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگۈچى*
*ئارمارىيە*

كوستىنو ئەپەندى كاربېنسىنىڭ پوچتا تامغى-
سى بېسىلغان كونۋېرتنى ئادەتتىكى كونۋېرتلارنى
ئاچقاندەك پەرۋاسىزلا ئاچتى. بۇ سەھرالىق ئايال
ئۇنىڭغا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان خەتلەرنى
قاردەك ياغدۇرۇۋاتقان بىردىنبىر ئايال ئەمەس،
مۇنداق خەتلەر ئۇنىڭغا گرېتسىيىنىڭ ھەممە يېرى-
دىن كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق ئاياللارنى بەش
قولدەك چۈشىنىدۇ، ئۇلار ئۆز ئەرلىرىدىن زېرىك-
كەن، ئەرلىرى خۇددى ھەر كۈنى ئاشخانىدا كۆرۈپ
تۇرىدىغان كونا قازاندەك كۆرۈنىدۇ، ئۆزىنى تارتقۇ-
دەك يېرى يوق. كوستىنو ئەپەندى ئۇلارنىڭ مىنى-
نەتدارلىق بىلەن تولغان پاساھەتلىك سۆزلىرىدىن
ھۇزۇرلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ مەنىۋى
جەھەتتىكى ئېنتىلىشلىرىگە ھېسداشلىقمۇ قىلى-
دۇ. ئۇ كاربېنستىن كەلگەن خەتتە ئېيتىلغان ۋا-
قىتنى ئۈستەل كالېندارىغا خاتىرىلەپ قويۇپ، يې-
نىغا «كاربېنس» دېگەن ئىسمىنى يېزىپ قويدى،
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەت-
تى. 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، كوستىنو ئەپەندى دەر-
ۋازىۋەنگە تاپىلىدى:

— سانەنىش، بۈگۈن بىر خانىم كەلمەكچى،
سەن ئۇنى تونۇمايسەن، ھەتتا مەنمۇ تونۇمايمەن. ئۇ
كەلگەندە مېنىڭ ئىشخانامغا باشلاپ قوي.

— خاتىرجەم بولۇڭ، كوستىنو ئەپەندى، —
دېدى دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى چىمچىقلى-
تىپ قويۇپ.

كوستىنو ئەپەندى تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ،
ئايرىپ رەتلىك تارالغان چاچلىرىنى كۆزىدىن
بىرقۇر ئۆتكۈزۈۋەتتى. «ياش خانىم، — دېدى ئۇ
ئەينەكتىكى ئەپتىگە قاراپ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ، —
ئەپسۇس، مەن قېرىپ قالدىم! لېكىن، بىر ئاماللار-
نى قىلىپ سىنى كۆڭۈلسىزلىك، غېرىبلىق ئىچى-
دىن تارتىپ چىقالىسام، ساڭا خۇشاللىق بېرەلى-
سەم، مەن مەقسىتىمگە يەتكەن بولىمەن... ئەلۋەت-
تە، بۇ سوقچاق چىرايىم بىلەن سىنى ھەرگىزمۇ
ئۆزۈمگە قارىتالمايمەن، لېكىن ئامال يوق، بارىم
مۇشۇ.»

كوستىنو ئىشخانىسىغا سائەت تۆت يېرىملار بىلەن قايتىپ كەلدى. دەرۋازىۋەن ئىشىكنى مەنەلىك هالدا رىتىملىق چەكتى، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ خانىمنى ئىشخانىغا باشلىدى. خانىم ئىشخانا ئىچىگە قەدەم ئېلىپلا توختىدى، ئاندىن كوستىنوغا ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇردى. كوستىنو شۇنداق بىر كۆز يۈگۈرتۈپلا، سەپەر هاردۇقى يەتكەن هەرقانداق بىر سەهرا ئايالىغا خاس بەلگىلەرنى بايقىۋالدى: ئۇنىڭ چېچى ئېگىز قىلىپ بانتىكلانغان، تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ؛ ئۇچىسىدىكى كىيىملەر كۆكۈچ رەڭدە؛ قولىدا كونا پاسوندىكى كىچىك سومكا؛ پۇتىدا پارقىراق خۇرۇمدىن تىكىلگەن يۇمشاق پاشنىلىق ئاياغ. كوستىنو ئورنىدىن تۇرۇپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتتى، ئاندىن خۇددى مەلىكىنى قارشى ئالغاندەك، ئالدىغا سەل ئېگىلدى. ئۇ خانىمنىڭ تىترەپ تۇرغان مۇزدەك قولىنى سۆيۈپ قويدى. ئۇ سەزدى، خانىمنىڭ مۇنداق ئالاقزادە بولۇپ تۇرۇشىغا يۈزىگە سۈرتكەن ئۇپا سەۋەبچى بولغان، چۈنكى ئۇپا ئۇنىڭ يۈز تېرىسىنى كۆۋەجتىۋەتكەن، ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىنى ئېچىۋەتكەنىدى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى كوستىنو، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇردى.

ئارمارىيەنىڭ تىترىشى ئىشىكتىن كىرىشىگىلا مېڭىسىگە ئۇرۇلغان خىلمۇخىل تەسىراتلار تۈپەيلىدىن بولغان. كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ ئەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا قەغەز يۈزىدىلا ئەسرا ئىدى، تەسەۋۋۇرىدىكى ئادەم شۇ تاپتا كۆز ئالدىدا تۇراتتى، ئۇ شۇنداق جانلىق، ۋۇجۇدىدىن بىر خىل شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرغاندەك ئىدى. بۇ تەرىپى ئارمارىيەنى قاتتىق هەيران قالدۇردى. يەنە بىر تەرىپى، خۇددى يازغۇچى ئۆزى باشقا ئاغىنىلىرىگە سۆزلەپ بەرگەندەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقىلارغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر كارامەت بار ئىدى. «هەي يىراق سەهرالاردا يۈرگەن بىچارىلەر، رومانتىك هېسسىياتقا تويۇنغان بىر هېكايە ئۇلارنىڭ هېسسىياتىنى چىرمىۋالغان، ئۇلار ساڭا هېچقانداق نەرسىگە قەرزدار ئەمەس، بەلكى سەن ئۇلارغا قەرزدار، چۈنكى ئۇلارنىڭ شېرىن خىياللىرىنى جانلاندۇرۇپ، كېيىنكى تۇرمۇشىنى هېكايە ئىچىگە باشلاپ كىرگەن ئادەم سەن» بۇ يازغۇچىنىڭ دوستلىرىنىڭ قارشى.

— مېنىڭ ئۈمىدىم، — كوستىنو قېلىپلىشىپ كەتكەن سۆز بىلەن ئېغىز ئاچتى، — ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىشى سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويمىغاي.

— چاقچاق قىلماڭ، — ئارمارىيە سەل تەمتىرەپ قالدى، شۇنداقتىمۇ پەس ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى، — راستىمنى ئېيتسام، مەن تېخى تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز شۇنچىلىك چىرايلىق ... كەچۈرۈڭ، نېمىدەپ ئاتايمەن، خانىم ياكى خانقىز؟

— خانىم. مەن ئېرىم بىلەن بىللە كەلگەن، ئۇنىڭ مەزى بېزىنى تۈنۈگۈن ئوپېراتسىيە قىلدى، — ئارمارىيەنىڭ جاۋابلىرى تۈپتۈزلا كەتكەنىدى.

— هە، تېزرەك ساقىيىپ كېتەر. ۋاقىت، قاراڭ، ۋاقىت نېمىدېگەن رەهىمسىز ... لېكىن سىز يەنىلا شۇنداق ياش ...

— راست دەيسىز، ئېرىم مېنى هەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ قىزىدەك كۆرىدۇ.

— تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. دوستۇم، سىزنىڭ ئىسمىڭىز ...

— ئارمارىيە.

— هە، ئېسىمگە كەلدى، سىزنىڭ گۈزەل لاتاپىتىڭىز ئالدىدا كاللامنى سەل يوقىتىپ قويدۇم ... ئەپسۇس، قارىماسىز، گېزىتخانىنىڭ ئىشخانىسى كۆڭۈل سىردىشىشلىرىغا تازا ماس كەلمەيدۇ. ئىككىمىز ئۆگۈنلۈككە يەنە بىر كۆرۈشۈپ، سەيلە قىلغاچ مۇڭداشساق بولماسمۇ؟

— هەي، بولمايدۇ. ئەتە بىر كۈنلا ۋاقتىم بار. ئۆگۈنلۈككە ئېرىم دوختۇرخانىدىن چىقىدۇ، كارىبىنىسقا قايتىمىز ...

— ئۇنداقتا ئەتە كۆرۈشەيلى.

— بۈگۈنكىدەك بالدۇرراق كۆرۈشسەك.

— بالدۇرراق! بولىدۇ، بالدۇرراق كۆرۈشىمىز! بىرەر يەرگە بېرىپ قۇياشنىڭ ئولتۇرۇشىنى بىرلىكتە تاماشا قىلساق بولىدۇ. ئەمىسە ئەتە سىزنى ساقلايمەن - هە؟ — ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن سەل خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئارمارىيە ئورنىدىن تۇردى.

— سىزگە ۋەدە بېرەي، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆمرۈمدە قۇياشنىڭ ئولتۇرغان چاغدىكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ باقمىغان.

كوستىنو ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى، ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەكچى بولغاندەك قولىنى ئۇزىتىپ بېرىپ، ئەمەلىيەتتە ئارمارىيەنى بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— سىزگە «ئېغىز ئاچتى» قىلىپ قوياي، — كوستىنو ئارمارىيەنىڭ لەۋلىرىگە ئىشقى بىلەن سۆيدى.

— كوستىنو ئەپەندى، نېمە قىلىۋاتىسىز! — ئارمارىيەنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە، كوستىنونىڭ قولى ئۇنىڭ كۆكسىگە يامىشىپ بولدى، كۆكسى شۇنداق تولغان، كوستىنوغا باشقىچە ھۇزۇر بېغىشلىدى، — چىدىيالماي قالدىم، كوستىنو ئەپەندى. ئاھ، خۇدا!

كوستىنو ئەپەندى ئارمارىيەنى يۆلەپ تىك تۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى:

— ئەتە سائەت بەشتە مۇشۇ يەرگە يېقىن كۇلوكىرتكو مەيدانىدا كۆرۈشەيلى.

ئوتتەك تەلپۈنۈش ۋە ئېغىر مەنىۋى ئېچىرقاش ئىچىدە يىراق كاربېنىستىن كەلگەن ئارمارىيە ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەتىسى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت تولىمۇ كېچىكىپ كەلدى. كوستىنو ئۇنى مېزىي رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا باشلاپ، قوۋۇرغا كاۋاپ ۋە پىۋىلارنى بۇيرۇدى، بەرەڭگە قەلەمچىسى سوغۇق، پىۋا بولسا ئىسسىق ئىدى. كوستىنو ئەپەندى گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك ئىدى. تەلىيىگە ئارمارىيە ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ ئۇنى بۇ يۈكتىن قۇتۇلدۇردى.

— مەن تۈنجى قېتىم ئېرىمگە يالغان ئېيتىپ سىرتقا چىقتىم. تۈنۈگۈن كېچە گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك بىئارام بولۇپ چىقتىم، — دېدى ئارمارىيە.

— گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك؟ لېكىن، مۇھەببەتتە گۇناھلىق ئىش بولمايدۇ، سۆيۈملۈكۈم، — كوستىنو ئۇنى سۆيۈپ قويدى، ئارمارىيەنىڭ لەۋلىرى بۇگۇن ئىششىمىغانىدى. ئۇ جاۋابەن كوستىنونى مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويدى، كوستىنو ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق كۆكسىگە قول ئۇزاتقاندا، ئۇ كايىغان تەلەپپۇزدا دېدى:

— سىزگە كۆڭۈل قايتۇرسام، نېمە قىلىۋاتىسىز ئەمدى؟

— مۇھەببەت ئىلاھى ئافرودىتىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتىمەن.

ئارمارىيە ئۇنىڭ قوللىرىنى كۆكسىدىن يىراقلاشتۇردى، لېكىن بۇ قوللار ئەمدى ئۇنىڭ يوتىسىغا قاراپ سوزۇلدى.

— ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، مەڭگۈ بولمايدۇ، — ئارمارىيە ئۇنىڭ قولىنى بىر يانغا ئىتتەردى.

— پەرىشتەم، مەندە گۇناھ يوق، سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز مېنى جىم تۇرغۇزمايۋاتىدۇ.

— قاراڭ، كوستىنو ئەپەندى، ئاسمان قىزىللىقتا پۈركەندى، قۇياشنىڭ ئولتۇرۇشى نېمىدېگەن گۈزەل ... — ئارمارىيە گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدى، كوستىنونىڭ لەۋلىرى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە چاپلاندى. ئارمارىيە تولىمۇ ھۇزۇرلاندى، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىگە كۆنۈپمۇ قالدى. كوستىنو بوش قالغان بىر قولىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا يەنە ئۇزاتتى، ئۇنىڭ قولى ئارمارىيەنىڭ ئىشتان بېغىغىچە باردى. ئارمارىيە نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى، كېيىن ئۇنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتى. كوستىنونىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى، ئۇ ئارمارىيەنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، بۇ كۆزلەردىن ئېچىرقاش چىقىپ تۇراتتى. ھۇجۇمنى باشلاش كېرەك، پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، دەپ ئويلىغان كوستىنو ئەپەندى ئارمارىيەنى باغرىغا باستى. ئارمارىيەنىڭ بەدىنىنىڭ ئۈستۈن تەرىپى ئۇنىڭ قالايمىقان سىلاشلىرى ئاستىدا قالغانىدى.

— مەن چىدىيالمىدىم، مەن چىدىيالمىدىم! — ئارمارىيە يامغۇردەك سۆيۈشلەر ئاستىدا ئىڭرايتتى. كوستىنو ئۇنىڭ تولغان يوتىسىغا قولىنى يەنە ئاپاردى، لېكىن ئۇنىڭ قولى ئىچكىرىلەپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقاندا، ئارمارىيە جاھىللىق بىلەن توستى:

— ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ.

كوستىنونىڭ پەيزى ئۇچتى.

— گۈزەللىك ئالدىدا ئادەم سەل چەكتىن ئېشىپ كېتىدىكەن، — دېدى كوستىنو ئەپەندى ئارىسالدىلىق ئىچىدە. ئۇ گالستۇكىنى ئوڭشاپ، مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرغان چاچلىرىنى تاردى، ئاندىن كۇتكۇچىنى چاقىردى، — ھېساباتنى قىلىۋېتىڭ!

ئارمارىيە ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇ كوستىنو ئەپەندىنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئىشقا ئۇرۇنمايدىغانلىقىنى، بىراقلا بولدى قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئاستا، لېكىن ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېغىز ئاچتى:

— زورلۇق بىلەن بىر ئىش قىلسىڭىز قانداقكىن، بىلمىدىم.

كوستىنو ئەپەندى خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى:

— مەن ساڭا زورلۇق قىلىمەن، پەرىشتەم، مەن ئەلۋەتتە ساڭا زورلۇق قىلىمەن!

ئۇ ئارمارىيەنى ئالدىغا تارتتى، يوپكىسىنى قايرىۋېتىپ قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ھاسىراپ يۇرۇپ پۇتلىرى ئارىسىغا كۈچەپ قىستۇرۇلدى. ئارمارىيەنىڭ ئىچى - ئىچىدىن «ۋايجان» دېگەن بىر ئاۋاز ئېتىلىپ چىقتى، بېشى كوستىنونىڭ مۈرىسىگە چۈشتى. كوستىنو مەستخۇش ھالەتتە ئۆزىنى تاشلاپ تۇرغان ئارمارىيەنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە قان يۇقۇپ قالغانلىقىنى كۆردى، ئارمارىيەنىڭ يوپكىسىنى قايرىپ، ئۇنىڭدىمۇ قان ئىزى بارلىقىنى بايقىدى. ئۇ دەرھال قولياغلىقىنى پىۋىغا چىلاپ، كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى سۈرتتى.

— ئارمارىيە، ئارمارىيە، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ بىئارام بولمايۋاتقانسەن؟

ئارمارىيە ئاخىر كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— بىئارام بولمىدىم، — دېدى ئۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا، — نېمىشقا بىئارام بولاتتىم.

— ۋاي خۇدايىم، مەن سېنىڭ قىزلىقىڭنى بۇزۇپ قويدۇممۇ؟

— شۇنداق بولدى.

— سەن توي قىلغىلى قانچە يىل بولغان؟

— بەش يىل.

*4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ۋولوس*

قەدىرلىك پېنېلوپې، مېنىڭ بىردىنبىر ياخشى ھەدەم، پاسخا بايرىمىنىڭ ئالدىدىكى بىر ھەپتىنى قانداق ئۆتكۈزسەك بولار؟

ئىيسا كرىستقا مىخلانغان ئۇلۇغ كۈننى قانداق ئۆتكۈزەرمىز؟ مەنچۇ، پېنېلوپې، ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغان كىم بار؟ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى بېسىپ كەتكەن پاسكىنىچىلىقنى كىم ئادالايدۇ؟ مېنىڭ پەسكەشلىكىم ئىچىدىكى گۆدەك، پاكلىقىمنى كىم ئايرىپ بېرەلەيدۇ؟ جېنىم ھەدە، بىز پەسكەش ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى، ئادەملەرنىڭ ھايۋانىي خاراكتېرىنى تونۇپ يېتىشتىن ئىلگىرى، بىز ھەممىمىز پاك ئىدۇق، بىر كۈنلەر كەلدى، بىز باشقىلار چىقىرىۋەتكەن ئەخلەت - چاۋارنىڭ ئىچىگە غەرق بولدۇق ...

ئاشۇ كۈنى خېتىم كەلگەن يېرىدە ئۈزۈلۈپ قالدى، توكارىس كىرىپ يېزىۋاتقان خېتىمنى تارتىۋالدى. ئۇ شېرىن ئاي ۋاقتىمىزنىڭ ئوتتۇردا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مېنى ئۆزى بىلەن يىگىرمە كۈن بىللە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئادۋوكات بىز ئاددىي ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە مەدەنىيەتلىك ئادەم، لېكىن توكارىس دېگەن بىرنېمە ئەمەلىيەتتە بىر جاللات ئىدى. بىر دېھقان ئۆزىنى يەر شارىنىڭ ئوقى دەپ قاراپ ئايلىنىۋاتقاندا، ئەگەر ئۇنى ئۇنىڭ يەنە بىر يېرىمى بولغان خوتۇنىدىن ئاجرىتىۋەتسە، ئۇ دەرھال يەر شارىنى ئايلاندۇرۇشتىن توختاپ قالىدۇ، كىشىلەر ئالاقزادە بولۇپ، يەر شارى ئايلىنىشتىن نېمىشقا توختاپ قالدى، دەپ سورىشىدۇ. بۇ چاغدا زېمىنىدىن شۇنداق كۈچلۈك بىر سادا كېلىدۇ: «توكارىس ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى، ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتكەن ئادەم توكارىس»

پېنېلوپې، مەن ياشاپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەندە، قەلبىمدە تۇنجى قېتىم نەپرەت تۇغۇلدى. مەن ئەرلەردىن نەپرەتلىنىمەن، ئەرلەرنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئاياللاردىن نەپرەتلىنىمەن؛ مەن چۆچەك ۋە قار مەلىكىدىن نەپرەتلىنىمەن؛ مەن بارلىق ساختا نەرسە ۋە ئۇنىڭ سايىسىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان تۇرمۇش ۋە توقۇپ چىقىلغان ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن نەپرەتلىنىمەن، ئاشۇ نەرسىلەر بىزنى گۆدەكلىككە باشلاپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن توي قىلغۇلۇق، ئاشۇ ھايۋان سۈپەت ئادەملەر بىلەن بىللە بولساق بەختلىك بولىمىز، دەيدىغان كېچىككە يېتەكلەپ قويغان. توكارىس مېنى ياتاققا يىگىرمە كۈن سولاپ قويدى، ماڭا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى. پېنېلوپې، ئىچىمگە سىغدۇرالمىغاچقا ساڭا بۇ گەپلەرنى ئېيتىۋاتىمەن. ئۇ ھەۋىسى قوزغىلىپ

قالسىلا، كېچە ـ كۈندۈز دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي ماڭا زورلۇق قىلىدۇ، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ ھەۋەسىنىڭ ئۆزلۈكسىز قوزغىلىپ تۇرۇشلىرىچۇ! ئۇ مېنى توختىماي ئازابلايتتى، ئۆزىنىڭ ئاشۇ پاسكىنا نىمىسىنى يالاشقا قىستايتتى. كۆنمىسەم، چاچلىرىمدىن تارتىپ يەردە سۆرەپ ئوينايتتى. ئۇ ماڭا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شەكىللەر بىلەن زورلۇق قىلاتتى، مەن ئازابقا چىدىماي ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرايتتىم. ئۇ ئاخىر بولماي ماگىزىنىدىن كەڭ پلاستىر ئەكىرىپ ئاغزىمنى چاپلاپ قويدى ...

پېنېلوپې، مەن مۇردىغا ئايلىنىپ بولدۇم، مەنلا ئەمەس، مېنىڭ قەلبىمدىكى تونىنومۇ مۇردىغا ئايلىنىپ بولدى. مېنىڭ روھىم ئاياغ ئاستى قىلىنغان تېنىمنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. مەن ئانامنىڭ بىر تېمىم ئوغۇز سۈتىنى بولسىمۇ ئىمىپ باقمىغان، سەن بىلەن گۈلزارلىقتا ئويناپ باقمىغان، مۈشۈكۈم بىلەنمۇ ئوينىشىپ باقمىغان، مېنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىم ھەرگىز قايتا كەلمەيدۇ، چۈنكى مەن ئىلگىرىكى مەن ئەمەس. مەن بىر پىنھان جاي تاپسام، ئۆزۈمگىلا مەنسۇپ بىر باقىي ماكان تاپسام، مېنى يەرگە قارىتىدىغان تەرەپلىرىمنى ئۇ يەرگە دەپنە قىلىۋەتسەم، دەپ ئويلايمەن. پېنېلوپې، سەن ماڭا ياردەم قىلغىن، مېنى باقىيغا ئۇزىتىپ قويغىن، بۇ قۇرۇق تېنىم ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىنى تاپسۇن، لېكىن بالىلىق دەۋرىم، ياشلىق باھارىمدىكى مۇھەببىتىم ئۆزۈمگە قالسۇن. مەن ئاسىباسىيەنى كەچۈرۈۋېتەلمەيمەن، چۈنكى مېنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان خورلۇقلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ يېنىدا تارتقان ئازابلىرىمدىن بىخلانغان.

مەن بۇ يەردە، ۋولوستا توكارسىنىڭ ھەدىسى بىلەن يەنە بىرنەچچە كۈن بىللە تۇرۇشۇم كېرەك. توكارسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ھەدىسى ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ. مېنى سولاپ قويغان ئۆيدە كىتاب بار، مەن ئۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇۋالدىم. كېلەر چارشەنبە كۈنى مەن ئەركىنلىككە چىقىمەن. لېكىن، مېنىڭ ئېرىشكىنىمنى قانداقمۇ ئەركىنلىك دېگىلى بولسۇن؟ مەن پاكلىقىنى يوقاتقان بەدىنىمنى ۋە توكارسىنىڭ تىلغا ئالغۇسىز رەزىللىكلىرىنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ ياشايمەن. ئەجەبا، مۇشۇنىمۇ ئەركىنلىك دېگىلى بولامدۇ؟ پاك قەلب ئىگىسىنىڭ كۆزىگە بۇ دۇنيادىكى رەزىللىكلەر كۆرۈنمەيدۇ، ئەنە شۇنىڭدىلا ئۇنى ئەركىنلىك ئىگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

مەن پويىزغا ئولتۇرۇپ ئافېناغا بارماقچى، ئاندىن توكارس ھەدىسىگە قالدۇرۇپ قويغان پۇلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇ يەردىن يا پاراخوتقا، يا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كرىتى ئارىلىغا قايتىمەن. مېنىڭ يۈرىكىمگە ئۆچمەس تامغىلارنى باسقان ئاشۇ كرىتى ئارىلىغا يەنە بارىمەنمۇ؟ بىراق، مېنىڭ مەينەتچىلىكتىن خىرەلەشكەن كۆزلىرىم ئۈچۈن نەگىلا بارسام ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ مەن كىشىلەر بىلەن يۈزلەنگەندە، ئۈستۈمگە ئارتىپ يۈرگەن كىر ـ مەينەتنى ھەرقانداق ئادەم بايقىۋالالايدۇغۇ؟ مېنىڭ سەن بىلەنلا كۆرۈشكۈم بار، غەلىتە مەخلۇقۇم، ھەر قېتىم يىغا تۇتقاندا، ئەسلەيدىغىنىم پەقەت سەن. مەن ئاشۇ باغرى تاش ھەدەم بىلەن كۆرۈشۈپ قالارمەنمۇ؟

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

مەن ھازىر ئىلگىرى بىز بىلىدىغان ئىبللاتو ئەمەس، مەن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتىم. مەن بۇرۇن ئۆزۈمنى ئادەملەرسىز ياشىيالمايمەن، دەپ قارايتتىم، ھازىر بولسا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالدىم. مەن ئادەملەردىن قورقىدىغان كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالدىم، يەنە كېلىپ، بۇ كېسەللىك ئېغىرلىشىپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. توكارسىنىڭ ھەدىسى بۈگۈن ماڭا تۇنجى قېتىم گەپ قىلدى. ئۇ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيۈمگە چىقتى، بۇ مەن ساق ئىككى ئاي سولىنىپ ياتقان ئۆي ئىدى. ئۇ مەندىن قاچان قايتىدىغانلىقىمنى مۇلايىملىق بىلەن سورىدى. مەن ئۇنىڭغا قارىيالمىدىم، چۈنكى پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋاي خۇدايىم! — ئۇ ۋارقىرىۋەتتى، — ساڭا نېمە بولدى؟ سەت تىترەپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟

مەن يۈزۈمنى ئالقانلىرىم بىلەن ئەتتىم،

تۇنجى قېتىم ياۋايى هايۋانلاردەك ئەسەبىيلەرچە ۋار-
قىرىۋەتتىم، ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە مۇنداق ۋارقى-
راپ سالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم. مەن
خىجالەت بولۇپ قالدىم، بەلكىم ئۇ مېنىڭ ئاۋازىم-
نى ئاڭلاپ ئادەم سۈرەتلىك بىر تېكىنى كۆز ئالدى-
غا كەلتۈرگەندۇ. ھە راست، توكارىس چېچىمنى كې-
سىۋەتكەن ئىشنى تېخى ساڭا دېمەپتىمەن. ئۇ
كىچىك قايچا بىلەن چېچىمنى ئۇزۇن - قىسقا
قىلىپ كېسىپ شۇنداق سەتلەشتۈرۈۋەتتى. چېچىم-
غا قاراپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ تۇرسام، ئۇ زەھەر-
خەندىلىك بىلەن نېمە دەيدۇ دېمەمسەن؟ «ئوبدان
كۆرۈۋال، فرانسىيىلىكلەر ئىشغالىيەتچىلەر بىلەن
ئاپاق - چاپاق بولغان بۇزۇق خوتۇنلارغا مانا مۇشۇن-
داق بەلگە سېلىپ قويىدۇ» دەيدۇ! مېنى ھازىر
كۆرسەڭ تونۇيالمايسەن. مەن تېخىمۇ دەھشەتلىك
ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن، ئۇنىڭ ھەتتا يۈزۈمگە
خەت چېكىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، چۈنكى ئۇ
ماڭا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەندى.
ئۇ مېنىڭ كىيىملىرىمنىڭ بىرىنى قويماي سالدۇ-
رۇۋېتىپ، كارىۋاتقا ياكى يەرگە ياتقۇزاتتى، ئاندىن
مېنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىمگە سەپسىلىپ قارىغىنى-
چە تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بەدىنىمنىڭ
يەنە قايسى يەرلىرىگە ئىز سېلىشنى ئويلىشىۋاتسا
كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، ئۇ ھەرھالدا ئىش-
لارنى بەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلال-
مايتتى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان خورلاشلىرى
ئۈستىدىن كېيىنچە ئەرز قىلىپ قېلىشىمدىن
قورقسا كېرەك. بىلەمسەن، ئۇ مېھمانسارايدىكى
كۈتكۈچىلەرنىڭ بىرەر نورمالسىزلىقنى سېزىپ
قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە چۈشتە
ئىككى كىشىلىك تاماق بۇيرۇيتتى، كۆپ ھاللاردا
يەنە بىر ئىستاكاندىكى قەھۋەنى ئۆزىنىڭ ئىستاكا-
نىغا ئىلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغىنىنى
ئەۋرەزگە تۆكۈۋېتەتتى.

پېنېلوپې، يۈرىكىمنى مىتە قۇرتتەك يەپ كې-
تىۋاتقان ئۆچمەنلىكنى قانداق باساي؟ دېگىن دولقۇ-
نىدەك داۋالغۇپ تۇرغان قەلبىمنى قانداق تىنچلاندۇ-
راي؟ ئىست، ئاپام ھايات بولۇپ قالغان بولسىچۇ!
مېنىڭ ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن قان - زەردابلارنى،
بېسىپ بولمايدىغان ئۆچمەنلىكلەرنى پەقەت ئاپاملا
ئادالىيالايتتى. مەن ھازىر كىمدىن پاناھلىق تىلىيە-
لەيمەن؟ ھېلىقى مەۋقەسىز، بىچارە ئىككى ئاكىمىز-
دىنمۇ؟ ئۇ ئىككىسى مېنى ئافېناغا ئېلىپ بارغان
ئىش ئېسىڭدىغۇ، ئۇ شۇنداق بىر سىرلىق سەپەر
بولغان، مەن ھېچنېمىنى ئۇقمايتتىم. ئۇلارنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىش —
قىزلىق پەردەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيە-
سى توكارىسنىڭ مېنى خورلىشىغا بىر دەستەك
بولۇپ بەردى. مانا بۇ ئۇلار قىلغان ياخشى ئىش. مەن
بۇ ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە مانا ئەمدى چۈ-
شەندىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسباسسىيەنىڭ ئويۇ-
نى. يەنە كىمدىن ئۈمىد كۈتۈشۈم مۇمكىن؟ بىر ئېگ-
تىبلىن ھەدەملا بار. لېكىن، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈ-
شۈشتىن قورقىمەن. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى
ئۇلارغا قانداق سۆزلەپ بېرىمەن؟ بۇ ئۇزۇن - قىسقا
چاچلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا قانداق كىرىمەن؟
مەن توكارىسنىڭ ھەدېسىدىن بىرەر ساتىراشنى چاقى-
رىپ چېچىمنى ياسىتىۋالسام بولىدىغان - بولمايدى-
غانلىقىنى سورىدىم. مەن توكارىسنىڭ ھەدىسىگە نې-
مىلەرنى تاپشۇرغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ
ھەدىسى مېنىڭ ئالدىمدا بىر گاچا ئىدى، لېكىن ئۇ
بۇ قېتىم ماڭا جاۋاب بېرىپ قالدى:

— توكارىس پۇل ئىشىدا بەك زىغىرلايدۇ، ئۇ
بەرگەن پۇلنى مىڭ تەستە يەتكۈزۈۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا، سىز پۇلنى ئەڭ ئېھتىياجلىق
يەرلەرگىلا ئىشلىتىڭ، — دېدىم مەن، — مېنىڭ
كارايىتىم چاغلىق.

مەن ھازىرلا تۇغۇلۇپ تۇغۇپ كاتىكىدىن چىققان
مېكىيانغىلا ئوخشاپ قالغاندىم، ئامالسىز توكارىس-
نىڭ ھەدىسىدىن بىر ياغلىق ئېلىپ، سەتلىشىپ
كەتكەن چاچلىرىمنى ياپتىم. ئىشقىلىپ، مۇشۇ
يەردىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا، باشقىسى مەن
ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. مەن ھازىر نىشاندىن ئاداشقان
بىر ئادەم، نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن. ئىشلىرىم
كۈلكىلىكمىكەن؟ نەگە بېرىشىمنى ئۆزۈم بەلگىلەي-
مەن دەيمەن، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە نەگە بېرىشىم-
نى بىلمەيمەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinbumu - İST.



# ئۆي ھايۋانلىرى ئورمىنى



ئىتارو كارۋىنو (ئىتالىيە)

تەلئەت ئەخەت تەرجىمىسى

چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە ئورمان ئىچى خۇددى ئاۋات بازاردەك قىزىپ كەتتى. تاغ ئىچىدىكى چىغىر يولنىڭ سىرتىدىكى چاتقاللىق ۋە دەرەخلەر ئارىسىدا سىيىر ۋە موزايلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى، ئۆچكە يېتىلەۋالغان مومايلارنى ۋە غاز كۆتۈرۈۋالغان قىزلارنى ھەر ۋاقىت ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇنى دېمەي تۇرايلى، بەزىلەر تېخى قېچىش ئالدىدا ئۆيىدىكى توشقاننى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىغانىدى.

مەيلى قەيەر بولسۇن، كاشتان دەرىخى قانچە قويۇق يەردە سېمىز، قاۋۇل ئۆكۈز ۋە قورسىقى يوغان سىيىرلار شۇنچە كۆپ ئىدى، ئۇلار تىك قىيالارغا كەلگەندە پۇتلىرىنى نەگە ئېلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ كېتەتتى، ئۆچكىلەر بولسا مۇنداق يەرلەردە يايراپ كېتەتتى، لېكىن قېچىرلارنىڭ خۇشاللىقىغا ھېچنېمە يەتمەيتتى، ھەرھالدا ئۇلارغا ئېغىر يۈك ئارتماي ماڭىدىغان مۇشۇنداق كۈنلەرمۇ بولىدىكەن، تېخى كېتىپ بېرىپ دەرەخ غوللىرىنى غاجاپ قويۇشىغىمۇ شارائىت بار ئىدى. چوشقىلار يەرنى تۇرتۇپ يۈرۈپ، كاشتان قاسىراقلىرىنى بۇرۇنلىرىغا يېپىشتۇرۇۋالغانىدى. مېكىيانلار شاخلارغا قونۇۋېلىپ، تىيىنلارنىڭ ئېسىنى ئالدى. ئۇزۇن يىل ئۆيدە بېقىلىپ ئۇۋا كولاشنى ئۇنتۇپ قالغان توشقانلار دەرەخ كاۋاكلىرىغا كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى، بەزىدە چاشقانلارغا ئۆزىنى چىشلەتكۈزۈۋالدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن، يۇئا ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدە ئوتتۇن كېسىۋاتاتتى، كەنتتە بولۇۋاتقان قىيامەتتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن كەچتىلا كەنتتىن چىقىپ كەتكەن، بۈگۈن سەھەر تۇرۇپ ئازراق گۈمبەمەدەك تېرىۋېلىش ئۈچۈن، كۆزدە كاشتان قورۇتۇشقا تەييارلاپ قويغان ئۆيدە قونۇپ قالغانىدى.

ئۇ قورۇپ قالغان بىر توپ دەرەخنى پالتىسىنى ئويىنىتىپ تازا كېسىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ھايۋانلارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويىدىغان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ تولىمۇ ھەيران بولدى، قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، ئەتراپقا قۇلاق سالدى، قوڭغۇراق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى.

ــــ ھەي ... ــــ ئۇ ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى.

يۇئا پاكار، دوغىلاق ئادەم ئىدى، قارامتۇل يۇمىلاق يۈزىنىڭ تېگى ـ تېگىدىن قىزىللىق چىقىپ تۇراتتى، بېشىدىكى قېلىن شىلەپىسىگە خوراز پېيى قىستۇرۇۋالغان، ئۇچىسىغا دۇگىلەك گۈللۈك سارغۇچ كۆڭلەك، ئۇنىڭ سىرتىغا جىلىتكە كىيىۋالغانىدى، قورسىقى دومبىيىپ چىققان، يېشىل رەختتىن نۇرغۇن يېرىگە ياماق چۈشكەن ئىشتىنىنى قىزىل بەلباغ بىلەن باغلىۋالغانىدى.

ــــ ھوي ... ــــ ئۇنىڭغا جاۋاب ئاۋاز كەلدى. ئۇنىڭغىچە مۇخ بىلەن قاپلانغان قورام تاشنىڭ ئارقىسىدىن چىغ قالپاق كىيگەن، كۆتمەك بۇرۇت

قويغان بىر دېھقان چىقىپ كەلدى، يۇئا بىلەن بىر مەھەللىلىك ئادەم ئىدى، ئاپئاق ساقىلى يەلپۈنۈپ تۇرغان بىر ئۆچكىنى يېتىلىۋالغانىدى.

— يۇئا، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەن؟ — دېدى ئۇ، — نېمىس ئالۋاستىلىرى كەنتكە باستۇرۇپ كىردى، ئۆيمۇئۆي قاتراپ يۈرۈپ مال - چارۋىلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتىدۇ!

— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ چاتاقنى كۆرۈڭ! ئۇلار مېنىڭ سىيىرىم «چىپار خېنىم» نى ئېلىپ كەتمىگىيدى! — دېدى يۇئا ۋارقىراپ.

— دەرھال بېرىپ باققىن، ئۇنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇشقا ئۈلگۈرۈپمۇ قالارسەن، — دېدى مەھەللىلىكى ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، — نېمىسلارنىڭ تاغ ئېغىزىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا، بىز دەرھال قېچىپ چىقتۇق. ئۇلار تېخى بەلكىم سېنىڭ ئۆيۈڭگە يېتىپ بارغۇدەك بولمىغاندۇ.

يۇئا ئوتۇن، پالتا، گۈمبەمەدەك تېرىدىغان سېۋەت - پېۋەتلىرىنى تاشلاپلا يۈگۈردى.

ئۇ ئورمان ئىچىدە بار كۈچى بىلەن يۈگۈرەيتتى، توپ - توپ ئۆردەكلەر قاناتلىرىنى قېقىپ ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئاران قېچىپ قۇتۇلاتتى، توپ - توپ ئۆچكىلەر ئۇنىڭغا يول بەرمەي ئاۋارە قىلاتتى. بىر كىچىك بالا بىلەن بىر موماي ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— نېمىسلار مادونېتاغا بېرىپ قالدى، كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇۋاتىدۇ! مەن ئۇلارنىڭ كەنت ئېغىزىغا بېرىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

يۇئا كالتە پۇتلىرىنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتى، دۆڭلەردىن چۈشكەندە توپتەك دومىلىدى، دۆڭلەردىن چىققاندا ھاسىراپ دېمى سىقىلدى. ئۇ يۈگۈردى، يۈگۈرگەندىمۇ توختىماي يۈگۈردى، ئاخىر بىر بەلدىن ئاشقاندا كەنت كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. تاغ ئارىسىغا جايلاشقان كەنتنىڭ ئەتىگەندىكى ھاۋاسى ساپ ۋە يېقىملىق ئىدى. تاشلاردىن قوپۇرۇلۇپ ياسالغان كۆرۈمسىز ئۆيلەر شۇنداق غېرىب كۆرۈنەتتى. كەنتتە بىر جىددىيچىلىك بار، نېمىسلارنىڭ ۋارقىراشقان ۋە ئىشىكلەرنى مۇشتلىغان ئاۋازلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— ئاپلا! نېمىس ئالۋاستىلىرى كەنتكە كىرىپ بوپتۇ - دە!

يۇئانىڭ پۇتۇن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. بىر تەرەپتىن، ئۇ هاراقنى كۆپ ئىچكەچكە، خېلى بۇرۇنلا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيادا بىردىنبىر مۈلكى بولغان «چىپار خېنىم»نى ئېلىپ كەتكەنمىدۇ، دېگەن ئەندىشە ئۇنىڭ تىترەكلىرىگە تىترەك قوشۇۋەتكەنىدى.

ئۇ ئۈزۈم تەكلىرىنىڭ دالدىلىرى بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ ئېتىزلىقتىن ئۆتتۈۋالدى، كەنتكە ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئۆيى كەنتنىڭ ئارقا قاتارىدا، مەھەللە بىلەن كۆكتاتلىقنىڭ پاسىلىدا ئىدى، ئۆينىڭ ئەتراپىنى ياپيېشىل كاۋا پېلەكلىرى ئوراپ تۇراتتى. نېمىسلار ئۇ يەرگە تېخى يېتىپ بارالمىغاندەك قىلاتتى.

يۇئا ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ مېڭىپ كەنتكە كىرىۋالدى، بىر ئۆينىڭ دوقمۇشىدىن يەنە بىر ئۆينىڭ دوقمۇشىغا ئۇلىشىپ ئىلگىرىلەۋەردى. كوچىدا ئادەم دېگەننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، پەقەت قۇرۇغان ئوت - چۆپ ۋە ئات ئېغىلىنىڭ ھىدىلا بۇرۇنقىدەك دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ مەركىزىدىن ياۋايىلارچە ۋارقىراش ۋە مىخلىق ئاياغلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مانا ئۇ ئاخىر ئۆيىگىمۇ يېتىپ كەلدى، ئىشىكلەر ئېتىك، مەيلى كالا ئېغىلىنىڭ ئىشىكى بولسۇن ياكى ئەسكى پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكى بولسۇن، ھەممىسى ئېتىك. ئىشىك ئالدىدىكى كونا قازانغا توپا تولدۇرۇپ تېرىپ قويغان رەيھانگۈلمۇ ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ.

— مۆ ... — ئېغىل ئىچىدىن تۇيۇقسىز ئاۋاز كەلدى، «چىپار خېنىم» نىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئىگىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مۆرىگەنىدى. يۇئانىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا، تۇيۇقسىز ئەگمە ئىشىك تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. يۇئا دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، قورسىقىنى بار كۈچى بىلەن ئىچىگە تارتتى. كەلگەن ئادەم بىر دېھقان چىراي نېمىس ئەسكىرى ئىدى، ئۇنىڭ كالتە فورمىسى ئۇزۇن

قوللىرىنى ۋە بوينىنى ياپالمىغان، پۇتلىرىمۇ
شۇنداق ئۇزۇن ئىدى، ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ
ملتىق كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ئازراق ئۇلجىغا ئېرىد-
شىش تەمەسىدە ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانى-
دى. بۇ مەھەللە تونۇش نەرسە ۋە تونۇش پۇراقلارنى
ئۇنىڭ ئېسىگە سالغان بولسا كېرەك، ئۇ بۇرنىنى
تارتىپ ئەتراپتىكى پۇراقنى ھىدلاپ قوياتتى، تۇز
ھەربىي شەپكە ئاستىدىكى چوشقىنىڭكىدەك
سارغۇچ يۈزى ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا
ھەرىكەت قىلاتتى.

—— مۆ ... —— «چىپار خېنىم» يەنە مۆرەپ
سالدى، ئىگىسىنىڭ يېنىغا كەلمەيۋاتقانلىقىدىن
ئىچى پۇشقان بولسا كېرەك. نېمىس ئەسكىرى بۇ
ئاۋازنى ئاڭلاپ بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، ئالدىراپ
كالا ئېغىلى تەرەپكە ماڭدى. يۇئا جىددىيلىشىپ
نەپەسمۇ ئالالماي قالدى.

ئۇ نېمىس ئەسكىرىنىڭ ئىشىكنى بار كۈچى
بىلەن تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى، ئىشىكنىڭ
ئاسانلا ئېچىلىپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. يۇئا
ئۆينىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قورۇق ئوت-
چۆپ قويىدىغان لاپاسقا كىردى - دە، چۆپنىڭ ئارد-
سىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ يەردە كونا پاسوندى-
كى قوش ئېغىز ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئوقدان بار
ئىدى. ئۇ ياۋا توڭگۇز ئاتىدىغان ئوقتىن ئىككىنى
مىلتىققا بېسىپ، ئوقداننى بېلىگە باغلىدى،
ئاندىن مىلتىقنى چىڭ تۇتۇپ، ئېغىل تەرەپكە
قاراپ ئاستا ماڭدى.

نېمىس ئەسكىرى سىيىرنى يېتىلەپ سىرتقا
ماڭدى. ئۇ ئۇستىخىنى چىرايلىق، قارا چىپار
سىيىر ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا «چىپار خېنىم» دەپ
لەقەم قويۇپ قويغانىدى. سىيىر ناھايىتى رايىش،
يەنە ۋاقتى كەلگەندە ناھايىتى جاھىل ئىدى. ئۇ بۇ
ناتونۇش ئادەم بىلەن ماڭغۇسى كەلمەي تىرەجەپ تۇ-
رۇۋېلىۋاتاتتى. نېمىس ئەسكىرى ئامال قىلالماي
ئۇنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىشكە باشلىدى.

تامنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يۇئا
مىلتىقنى توغرىلاپ قارىغا ئالدى. بىلىنىشىكىز كې-
رەككى، ئۇ كەنت بويىچە ئەڭ يارىماس ئوۋچى،
توغرا قارىغا ئېلىش قولىدىن كەلمەيدۇ، ياۋا توشقان-
نىڭغۇ گېپىنى قىلماي تۇرايلى، ئۆمرىدە تېيىن
چاغلىق بىرەر نەرسە ئېتىپ باققان بەندە ئەمەس.
ئۇ دەرەختىكى قۇشلارغا ئوق چىقارسا، ئۇنى بىلىپ
كەتكەن قۇشلار ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمايدۇ.
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىشتىن ھەممە ئادەم
قاچىدۇ، چۈنكى ئۇ پىتىرانى يېنىدىكى ھەمراھلى-
رىغا تەگكۈزۈشكە ئۇستا. ئۇ ئەسلىدىلا قوللىرى
تىترەپ قارىغا ئالالمايتتى، ئەمدى ھازىرقىدەك تەم-
تىرەش ئىچىدە نېمە بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئول-
تۇرمىساقمۇ ئۆزلۈكىدىن مەلۇم. ئۇ قارىغا ئېلىشقا
قانچە كۈچىگەنسېرى، تىترەۋاتقان قوللىرىدىكى
مىلتىقنىڭ ئۇچى ھاۋادا شۇنچە ئويناپ كېتىۋاتات-
تى. ئۇ نېمىس ئەسكىرىنىڭ دەل كۆكرىكىنى قارد-
غا ئالماقچى بولاتتى، لېكىن قورول سىيىرنىڭ
سۆڭگىچىگە توغرىلىنىپ يۈرەتتى. «ھەي خۇدايىم!
ئەگەر مەن نېمىس ئەسكىرىنى ئۆلتۈرىمەن دەپ،
ئەكسىچە ‹چىپار خېنىم› نىڭ بېشىغا چىقسام
قانداق قىلىمەن؟» يۇئا شۇنداق ئەندىشىلىك خىيال
بىلەن ئوق چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

نېمىس ئەسكىرى ئىگىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى
ئاڭلاپ تارتىشىپ ماڭمايۋاتقان سىيىرنى سۆرەپ دې-
گۇدەك كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ كەتتىن
چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا بايقاپ قالدى، بۇ
جاھىل سىيىرنى تارتىپ ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشقا
ئالدىرىدى. يۇئا مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن كېتىۋاتاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ۋادەك ۋە
پاكار تاملارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ نېمىس ئەسكىرد-
نى قارىغا ئېلىپ باقاتتى، لېكىن قانداقلا قىلسۇن،
مىلتىق ئۇنىڭ قولىدا ئويناپ توختىمايۋاتاتتى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېمىس ئەسكىرى بىلەن سىيىر-
نىڭ ئارىلىقى شۇنداق يېقىن تۇرسا، ئۇ ئوق چىقى-
رىشقا قانداقمۇ پېتىنالىسۇن! توۋا، ئۇ مۇشۇنداق
قىلىپ يۈرۈپ سىيىردىن ئايرىلىپ قالارمۇ؟

نېمىس ئەسكىرى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتى-
ۋاتقان ھەمراھلىرىغا يېقىن يول بىلەن مېڭىپ يې-
تىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئورمان ئىچىگە ماڭدى. مانا
ئەمدى قويۇق دەرەخ شاخلىرى دالدا بولۇپ بەرگەچ-
كە، يۇئانىڭ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈشىگە ئاسانلىق
تۇغۇلدى. ئەمدى نېمىس ئەسكىرى سىيىردىن يى-

راقراق ماڭسا، ئۇنى ئېتىۋېتىشكە پۇرسەتمۇ چىقىپ قالار.

ئورمان ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن سىيىر ئۇنچە تىرەجەپ تۇرۇۋالمىدى. ئەكسىچە، ئورمان ئىچىدىكى چىغىر يوللار بىلەن قىلچە تونۇشلۇقى بولمىغان نېمىس ئەسكىرىنى ئۆزى خالىغان يوللار بىلەن باشلاپ مېڭىۋەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، نېمىس ئەسكىرى چوڭ يولغا چىقىدىغان يېقىن يول بىلەن مېڭىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كالا ئىككىسى يولدىن ئادىشىپ قالغانىدى.

يۇئا نېمىس ئەسكىرىنىڭ كەينىدىن قالماي كېتىۋاتاتتى، نېمىس ئەسكىرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ بۇرۇنلىرىنى تىكەنلەر جىجىۋەتكەن، پۇتلىرى پاتقاقلارغا پاتقانىدى، شاخسانغۇچلار ئايىغى ئاستىدىن پۇرقىراپ ئۇچاتتى. قويۇق ئورمان ئىچىدە بىر نەرسىنى قارىغا ئېلىش تېخىمۇ تەس ئىدى، دەرەخ شاخلىرى نىشاننى توسۇۋېلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىيىرنىڭ ساغرىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئويناپ تۇرۇۋېلىشچۇ تېخى.

قويۇق ئورمان ئىچىدە نېمىس ئەسكىرى كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئورماندىن قانداق چىقىپ كېتىش ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. تۇيۇقسىز، مىرىكا دەرەخلىرى ئارىسىدىن شار ـ شۇر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تۆكلىرى قىزغۇچ چىرايلىق بىر توراي[1] چىقىپ كەلدى. نېمىس ئەسكىرى ئۆز يۇرتىدا چوشقىلارنىڭ ئورماندا پېتىراپ يۈرگىنىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ سىيىرنىڭ ئارغامچىسىنى تاشلاپ، تورايىنى قوغلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئەركىنلىككە ئېرىشكەن «چىپار خېنىم» ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ قالدى، ئۇ تەرەپتە ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەمراھلىرى بار ئىدى.

مانا ئەمدى يۇئاغا تازا ياخشى ئوق چىقىرىش پۇرسىتى كەلگەنىدى. نېمىس ئەسكىرى پالاقلاپ يۈرۈپ تورايىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى، لېكىن توراي ئۇنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

يۇئا نېمىس ئەسكىرىنى ئوبدان قارىغا ئېلىپ، تەپكىنى ئەمدى باساي دەۋاتقاندا، يېنىدىلا ئىككى بالا پەيدا بولۇپ قالدى، بىرى ئوغۇل، بىرى قىز، باشلىرىغا بۆك، پۇتلىرىغا ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. ئۇلار كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

— يۇئا، ياخشى قارىغا ئالغىن، ئەگەر بىزنىڭ تورايىنى ئۆلتۈرۈپ قويساڭ، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ!

يۇئانىڭ قولىدىكى ئوۋ مىلتىقى يەنە تارانتېللا ئۇسسۇلىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق ئىدى، ۋۇجۇدىنى بىر خىل ھاياجان چىرمىۋالغانىدى، بۇ ھاياجان نېمىس ئالۋاستىسىنى ئۆلتۈرۈش پۇرسىتى چىققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئىككى ئوماق بالىنىڭ تورىيىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغانىدى.

نېمىس ئالۋاستىسى قوچىقىدا توختىماي چىرقىراپ تېپىرلاۋاتقان تورايىنى باشقۇرالماي ئېگىز ـ پەس دەسسەپ كېتىۋاتقاندا، تورايىنىڭ چىرقىرىشىغا جور بولغاندەك «مە ...» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تاغ ئۆڭكۈرى ئىچىدىن بىر قوزا يۈگۈرۈپ چىقتى. نېمىس ئەسكىرى ئەمدى تورايىنى تاشلاپ قوزىغا ئېتىلدى، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە مەرەۋاتقان قوزىنى بىر پۇتىدىن كاپپىدە تۇتۇپ، چارۋىچىلارغا خاس چەبدەسلىك بىلەن مۇرىسىگە لىككىدە ئالدى ـ دە، ئالدىغا قاراپ ماڭدى. يۇئا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېھتىيات بىلەن كېتىۋېتىپ ئويلىدى: «ئەمدى قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، ئوبدان پۇرسەت كەلدى.» ئۇ تەپكىنى ئەمدى باساي دەپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز بىر قول پەيدا بولۇپ مىلتىقىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئاپئاق ساقىلى يەلپۈنۈپ تۇرغان مالچى بوۋاي ئىدى. ئۇ ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ تۇرۇپ يۇئادىن ئۆتۈندى:

— يۇئا، قوزامنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىن، نېمىس ئالۋاستىسىنى ئاتىمەن دەپ، قوزامنى ئېتىپ سالمىغىن، ئوبدان قارىغا ئېلىپ ئات.

يۇئا تەمتىرەپ كەتتى، مىلتىق تەپكىسىنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالدى.

نېمىس ئەسكىرى ئورماندا نەگە مېڭىشىنى بىلەلمەي ئايلىنىپ يۈرەتتى، كۆز ئالدىدىكى ھەربىر

[1] توراي ـــ چوشقىنىڭ بالىسى.

نەرسە ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى: چۈجىلەر دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان، دېڭىز چوشقىسى دەرەخ كامېرلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ قاراپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرە ئادەمگە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى① ئەسلىتەتتى. قاراڭ، قارىغاي شېخىدا بىر كۈركە توخۇ قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ. نېمىس ئەسكىرى ئالدىراپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتقاندى، كۈركە توخۇ لىككىدە سەكرەپ ئۈستۈنكى شاخقا چىقىۋالدى، قاناتلىرى يەنىلا يېيىق ھالەتتە ئىدى. نېمىس ئەسكىرى قولىدىكى قوزىنى قويۇۋېتىپ، دەرەخكە يامىشىشقا باشلىدى، ئۇ ھەربىر شاخقا ياماشسا، كۈركە توخۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى شاخقا ئۆرلەپ قوناتتى، ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ تۇراتتى، قاناتلىرىنى ياپمايتتى.

يۇئانىڭ بېشىنى قويۇق شاخلار يېپىپ تۇراتتى، مۈرىسى بىلەن مىلتىقمۇ شاخلارنىڭ دالدىسىدا ئىدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدى. بۇ چاغدا، بېشىغا قىزىل ياغلىق چىگكەن سېمىز بىر قىز يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— يۇئا، — دېدى ئۇ، — گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، ئەگەر بۇ نېمىس ئالۋاستىسىنى ئۆلتۈرەلىسىڭىز، مەن سىزگە تېگىمەن، ئەگەر مېنىڭ كۈركە توخۇيۇمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولسىڭىز، بويىنىڭىزنى تولغاپ ئۈزۈۋېتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، لېكىن ھازىرغىچە ئۆيلىنەلمەي يۈرگەن تارتىنچاق يۇئا خىجىللىقتىن بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، قولىدىكى مىلتىق كۆز ئالدىدا خۇددى كاۋاپ زىخىدەك پىرقىرىدى.

نېمىس ئەسكىرى ئەمدى يۇقىرىغا قاراپ يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى، دەرەخلەر بارغانسېرى شالاڭلاپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى بىر شاخ سۇنۇپ پەسكە دومىلىدى، يۇئانى ئۇرۇپ دومىلىتىۋەتكىلى تاس قالدى، يۇئا بۇ قېتىم چاققانلىق قىلىپ، ئۆزىنى شارتتىدە چەتكە ئېلىۋالغانىدى. ئۇنى نىقابلاپ تۇرغان شاخلارمۇ بىر يەردە قالدى. نېمىس ئەسكىرى يۇمشاق يەرگە يىقىلغاچقا ھېچنېمە بولمىدى.

نېمىس ئەسكىرى يىقىلىپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، چىغىر يولدا تۇرغان بىر توشقاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ياۋا توشقاندەك قىلمايتتى، تۈپتەك يۇملاق، ياۋا توشقاندىن سېمىز ئىدى، ئادەمنى كۆرۈپ قېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئورنىدا جىممىدە ياتاتتى. ئەسلىدە ئۇ قولدا باققان توشقان ئىدى. نېمىس ئەسكىرى كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىدىنلا تۇتتى، چىرقىراپ تېپىرلاۋاتقان توشقاننى كۆتۈرۈپ يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردى، توشقاننى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئورماننىڭ ئىچىدە كالىلارنىڭ مۆرىگىنى، قويلارنىڭ مەرىگىنى، توخۇلارنىڭ قاقىلدىغىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەر قەدەمدە بىر يېڭىچە ھايۋان ئۇچراپ تۇراتتى، بىر شاتۇتى ئېلىكس دەرىخىدە قونۇپ تۇراتتى، ئۈچ تال قىزىل بېلىق بۇلاق سۈيىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى.

يۇئا بىر قېرى دەرەخنىڭ ئېگىز شېخىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ، توشقان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان نېمىس ئەسكىرىنى كۆزىدىن يىتتۈرمەي قاراپ تۇراتتى. توشقان ئۆزىنى ئۇياق - بۇياق ئېتىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ قورۇلىغا چۈشۈپلا تۇراتتى. يۇئاغا بىرى جىلتىكىسىنىڭ پېشىنى تارتىۋاتقاندەك بىلىندى، بۇرۇلۇپ قاراپ، چاچلىرىنى چىرايلىق قىلىپ ئۆرۈۋالغان، يۈزىنى سەپكۈن باسقان كىچىك بىر قىزنى كۆردى.

— يۇئا، — دېدى قىز، — توشقىنىمنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭ، ئۇنى بەربىر نېمىس ئالۋاستىسى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى.

نېمىس ئەسكىرى قورام تاش ۋە مۈخلار بىلەن قاپلانغان بىر يەرگە كەلدى، ئەتراپتا بىرنەچچە تۈپ قۇرۇپ قالغان قارىغايلا بار، ئالدى تەرەپ ھاڭ

① نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى — «ئىنجىل»دا خاتىرىلىنىشىچە، خۇدا ئىنسانلارنى جازالاش ئۈچۈن توپان ئاپىتى ياغدۇرغاندا، نوھ ئائىلىسى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ، ئادالەتنى ياقلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېمىگە ئولتۇرۇپ، بىر قىسىم ھايۋانلارنى ئېلىپ پاناھلىنىشىغا يول قويغان. كېيىن غەرب ئەدەبىياتىدا «نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى» پاناھلىنىدىغان جاينىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

ئىدى، بىر مېكىيان قارىغاي تۇۋىدە دانلاپ يۈرەتتى. نېمىس ئەسكىرى ئالدىراپ مېكىياننى قوغلىدى، قولىدىكى توشقان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بوشىنىپ قېچىپ كەتتى.

بۇ تۈكلىرى چۈشۈپ قوتۇرلىشىپ كەتكەن بىر قوتۇر مېكىيان ئىدى، ئۇنىڭدىن قېرى، ئۇنىڭدىن ئورۇق مېكىياندىن يەنە بىرنى بۇ جاھاندىن ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كەنت بويىچە ئەڭ نامرات گلۇمىنا مومايىنىڭ مېكىيىنى ئىدى. نېمىس ئەسكىرى ئۇنى قىيىنالمايلا تۇتۇۋالدى.

يۇئا قورام تاشلارنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە جايلاشتى، تاشلارنى تىزىپ مىلتىقىغا قونداق ياسىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ تاشلارنى ئۆزىگە دالدا بولىدىغان قىلىپ تىزغانىدى، ئالدىدا قارىغا ئالغۇدەكلا تۆشۈك قالدۇرغانىدى. مانا ئەمدى نېمىس ئەسكىرىگە قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئوق ئۈزسە بولىدۇ. قېرى مېكىيانغا ئوق تېگىپ كەتسىمۇ كارايىتى چاغلىق.

دەل شۇ چاغدا، ئۇچىسىغا قارا يېپىنچا ئارتقان گلۇمىنا موماي يېتىپ كەلدى. ئۇ يۇئاغا قايىل قىلارلىق مۇنداق بىر گەپنى قىلىپ سالدى:

— يۇئا، نېمىس ئالۋاستىسى توخۇيۇمنى ئېلىپ كەتتى، ئۇ مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىردىنبىر بايلىقىم ئىدى، مۇشۇ دەردىمۇ مەن ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدۇ، ئەگەر توخۇيۇمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويساڭ، مەن ئۇ دەردنى كۆتۈرەلمەي تىرىككىدە ئۆچۈپ كېتىمەن.

مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، يۇئانىڭ ئەسلىدىنلا تىترەپ تۇرغان قوللىرى ئۆزىنى پۈتۈنلەي باشقۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ بوش يەردە ئەمەس ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ تەپكىنى بېسىۋەتتى.

ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، نېمىس ئەسكىرى قولىدىكى توخۇغا قاراپ قۇيرۇقىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئىككىنچى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندا، توخۇنىڭ بىر قانىتى كۆزدىن غايىب بولدى. قىزىق ئىش، بۇ مېكىياندا سېھرىي كۈچ بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ قولىدا مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۆزى پارتلىتىپ غايىب بولۇپ كېتەرمۇ؟ يەنە بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندا، مېكىياننىڭ بار - يوقى ئازغىنە پېيىمۇ پۈتۈنلەي سوپۇرۇلۇپ چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ قىيقاسلاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قازانغا شۇنداقلا تاشلىسا بولغۇدەك ھالەتكە كەلگەنىدى. ھودۇقۇپ كەتكەن نېمىس ئەسكىرى مېكىياننىڭ بويىنىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىنى تۈزلەپ تۇردى. يۇئانىڭ تۆتىنچى پاي ئوقى مېكىياننىڭ بويىنىنىڭ سەل تۆۋەن تەرىپىگە تەگدى، نېمىس ئەسكىرىنىڭ قولىدا توخۇنىڭ بېشىلا قالدى. ئۇ توخۇ بېشىنى تاشلىۋېتىپ بەدەر قاچتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى يول قالمىغانىدى. ئالدى تەرەپ ھاڭ ئىدى، ھاڭنىڭ قىرىدا قويۇق كاروب دەرەخلىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى، ئۈستىدە يوغان بىر مۈشۈك ياتاتتى.

ھازىر نېمىس ئەسكىرى ئورماندا ھەرقانداق ئۆي ھايۋىنىنى كۆرسىمۇ ئەجەبلەنمەيدىغان بولغانىدى. ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ مۈشۈكنى سىلاپ باقتى، مۈشۈكتىن خورۇلدىغان ئاۋاز چىقسىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بولاتتى.

بىلسەڭلار، بۇ ئورماندا ئۇزۇندىن بېرى بىر قانخور ياۋا مۈشۈك ياشاپ كېلىۋاتاتتى، مەخسۇس ئورمان جانىۋارلىرىنى تۇتۇپ يەيتتى، ئېخى كەنتكە كىرىپ توخۇ كاتەكلىرىگە تېگىش قىلىدىغان چاغلىرىمۇ بار ئىدى. مۈشۈكنىڭ يېقىملىق خورۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلايمەن، دەپ ئويلىغان نېمىس ئەسكىرى ئۇ قانخور مەخلۇقنىڭ تۈكلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، يۈز - كۆزلىرىنىڭ مۈشۈك تىرنىقىدا تىتما - تالاڭ بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بولدى، ئادەم بىلەن مۈشۈك قۇچاقلاشما جەڭ قىلغان پېتى ھاڭدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، يارىماس مەرگەن يۇئا پۈتۈن كەنتتە ئەڭ ئۇلۇغ پارتىزان ۋە ئوۋچى سۈپىتىدە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. كىشىلەر پۇل يىغىش قىلىپ گلۇمىنا مومايغا بىر كاتەك چۆجە ئېلىپ بەردى.

(خەنزۇچە «كارۋىنو ئەسەرلىرى توپلىمى» دىن)



# قىمار

جامېس خايېك (ئامېرىكا)

ئابدۇقەييۇم سايىم تەرجىمىسى

نىك سومكىسىدىن بىر مىليون دوللار نەق پۇلنى ئېلىپ قىمار ئۈستىلىگە قويدى.

— قارا رەڭگە تىكتىم، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.

— بولىدۇ، ئەپەندى، — دېدى مەشغۇلاتچى بېشىنى لىڭشىتىپ.

نىك ئۇچىسىغا بىر يۇرۇش بۇيرۇتۇپ تىكتۇرگەن كىيىم كىيگەن، تەنهەرىكەتچىدەك بەستلىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ تۇردى، ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ھەدېسىلا بىر مىليون دوللار ئېلىپ كېلىپ قىمار ئوينايدىغان كەسپىي قىمارۋازغا ئوخشايتتى.

لېكىن، ئۇ ئىچىدە ئىلتىجا قىلماقتا...

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ، — بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالسۇن، ماڭا ئامەت نېسىپ قىلغىن. ئىلاھىم، قارا ئۇرۇق چىقىپ قالسىدى...

تەكشۈرگۈچىلەر ئەتە نىكنىڭ ئىشخانىسىغا بارىدۇ. نۇرغۇن پۇل نىك دىجورنىلىق قىلغان كۈنى يوقاپ كەتتى. بۇ قېتىمقى قىمار ئۇنىڭ شۇ پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشىدىكى بىردىنبىر پۇرسەت، قىماردا ئۇتتۇۋالسىلا جازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

— باشلاندى، — دېگىنىچە مەشغۇلاتچى قىمار تاختىسىنى ئايلاندۇردى.

«ئېھ، پەرۋەردىگارىم، — نىك سۈكۈت ئىچىدە ئىلتىجا قىلدى، — ماڭا كەڭچىلىك قىل، سەن بىلىسەن، مەن يەنە پۇل ئوغرىلاپ چىقىپ دوغا تىكىۋاتىمەن، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەزىز پەرۋەردىگارىم، ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالسۇن، ماڭا ئامەت نېسىپ قىلغىن، ياردىمىڭنى ئايىمىغىن، شىركەتتىن ئالغان بارلىق پۇللارنى قايتۇرۇۋېتەي، قەسەم قىلاي، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ياخشى دادا، ياخشى ئەر، سەممىي خىزمەتچى بولىمەن. پەقەت مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇتۇشقا نېسىپ قىلغىن، قارا ئۇرۇقنى چۈشۈرۈپ بەرگىن.»

مەشغۇلاتچى قىمار تاختىسىغا قويغان كۈمۈش رەڭلىك شارىك تاختىنىڭ قىرىدا چۆرگىلەپ، لەرزان سەكرىمەكتە ئىدى.

«مەن چوقۇم خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلىمەن، — دېدى نىك ئىچىدە يەنە داۋاملىق، — مەن خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگىنىم بىلەن، نۇرغۇن ياخشى قوشنىلىرىم بار. چېركاۋغا بارسام بولامدىكىن؟ يېقىن ئەتراپتا بىرقانچە چېركاۋ بار، مەن ھەتتا چېركاۋ خىزمەتچىسى بولۇپ، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىئانە توپلاشقا قاتناشسامۇ بولىدۇ.»

شارىكنىڭ سەكرەش رىتىمى ئاستىلىدى. قارا، قىزىل، قارا، قىزىل، قارا، قىزىل، قارا... نىكنىڭ بۇرۇتىدىن تەر تامچىلىرى تەپچىرىدى.

— ئېھ، پەرۋەردىگارىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، قارا، قارا، قارا، — دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ، — چوقۇم قارا، قارا.

قىمار تاختىسى ئاستىلاپ، شارىكمۇ توختىدى. نىك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى، پەقەت تومۇرلىرىدىكى قان ئادەتتىن تاشقىرى تېز ئاقماقتا ئىدى. ئۇ دەھشەت بىر سۈر ئىچىدە مەشغۇلاتچىنىڭ ھۆكۈمـ

نى ئاڭلىدى:

— ئون ئۈچ، قارا!

ئولىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئويۇن باشلىغۇچى بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى نىكنىڭ دوغا تىككەن پۇلى ئۈستىگە قويدى. نىك ناتونۇش كىشىلەرنىڭ تەبرىكلىرى ئىچىدە مەستخۇش ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى، قوللىرى قىمار ئۈستىلىنىڭ قىرىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى، پۈتۈن بەدىنىدىكى قانىنىڭ مېڭىسىگە قاراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

« مەن ئۇتتۇم! — دەپ ئويلىدى ئۇ، — قېنى، ئويلاپ باقاي، ئاۋۋال يەتتە يۈز ئەللىك مىڭ دوللارنى ئىشلىتىۋالغانىدىم، يەنە بىر مىليون دوللارنى بۇ يەردە قىمار ئويناشقا ئىشلەتتىم، دېمەك شىركەتكە بىر مىليون يەتتە يۈز ئەللىك مىڭ دوللار قايتۇرۇشۇم كېرەك. ھازىر ئالدىمدا ئىككى مىليون دوللار بار، شۇڭا ... ئېشىپ قالغان ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ دوللار ...»

نىك ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، بۇنداق كۈلۈمسىرىمىگىنىگە خېلى زامانلار بولغانىدى. ئۇ ھازىر ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلىش جىنايىتىدىن قۇتۇلۇپلا قالماستىن، يەنە بىردىنلا چارەك مىليونېرغا ئايلاندى.

«ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ دوللار، مەن بۇ پۇل بىلەن ... ھەئە، ئاز بىر قىسمىنى خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا ئىئانە قىلاي، بەلكىم بىرەر چېركاۋغا ئىئانە قىلىشىم مۇمكىن، ئاندىن خوتۇنۇم دوروتى بىلەن بالىلىرىمنى ئېلىپ ساياھەتكە چىقاي، — ئارقىدىنلا ئۇ ئويلىنىپ قالدى، — دوروتىغا نېمە دەيمەن؟ ئۇ گۇمانلىنىپ قالامسۇ؟ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشنى خالىمايمەن... بىراق شېررىل خانقىز، يەنە بىر تەرەپتىن...»

ئون توققۇز ياشلىق شېررىل نىكنىڭ خىزمەتدىشى ئىدى، دائىم ئۇنىڭغا قاش ـ كۆزىنى ئويناتىپ يۈرەتتى، نىكنى بۇزغىنىمۇ دەل شۇ شېررىل ئىدى. نىك خوتۇنى بىلەن تېلېفونلىشىۋاتقاندا، شېررىل نىكقا ئۆزىنىڭ ئاپپاق كۆكسىلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن نىك يۈرىكىنى توم قىلىپ ئومۇمنىڭ پۇلىغا چېقىلدى، پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى شېررىلغا خەجلەپ بەردى، يەنە ئىشخانىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا شېررىلغا يۈرۈشلۈك ياتاق ئىجارە ئېلىپ بەردى.

ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ دوللار ھارام پۇل بار بولدى، ئەمدى نىك شېررىل بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇ پۇلنى دوروتىغا ئېيتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، پۇللارنىڭ ھەممىسىنى شېررىلغا خەجلەپ بەرسە بولىدۇ. دوروتىغا ئىلگىرىكىدەكلا خىزمەتتىن كېيىن قايتىمەن ياكى ھازىر سودا ئىشى بىلەن سىرتتا، دەپ قويسىلا بولىدۇ. دوروتى ئادەتتە بالىلىرىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ئالدىراش، بۇنى سەزمەيدۇ...

تۇيۇقسىز، قۇلاقنى يارغۇدەك بىر ئاۋاز نىكنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى.

— يىگىرمە بەش، قىزىل!

ئەتراپتىكى كىشىلەر خورسىنغىنىچە ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ كەتتى. بىرقانچە ئادەم كېلىپ نىكنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى. بىر ناتونۇش كىشى نىكقا :

— ھەي، ئەپسۇس! — دەپ قويدى.

ئارقىدىنلا مەشغۇلاتچى ئۇنىڭ ئىككى مىليون دوللىرىنى ئېلىپ ماڭدى.

— ھەي، — ۋارقىرىدى نىك، — پۇلۇمنى نەگە ئاپىرىسەن؟

— كەچۈرۈڭ، ئەپەندى، — مەشغۇلاتچى نىكنىڭ ھېلىقى پۇللىرىنى رەتلىگەچ دېدى، — غەيرىتىڭىزگە تولىمۇ قايىلمەن، لېكىن كېيىنكى قېتىملىق قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويدىڭىز.

— كېيىنكى قېتىملىق قىمار؟ — ۋارقىرىدى نىك، — ياق، ياق، مەن يەنە ئويناشنى ئويلاپ باقمىغان، مەن پەقەت بىردەم شېرىن خىيالغا غەرق بولۇپ، پۇلۇمنى يىغىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — نىك سۆزلىگەچ پۇللىرىنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ قوللىرىنى سوزدى.

مەشغۇلاتچى نىكنى بىلىكىدىن سىلكىۋەتتى:

— پۇلۇڭ قىمار ئۈستىلىدە بولسىلا، ئويناشنى ئويلىغان ياكى ئويلىمىغان بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، سېنىڭ داۋاملىق ئويناۋاتقانلىقىڭنى

بىلدۈرىدۇ، بۇ دېگەن قائىدە، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، ئارقىدىن ھېسداشلىق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قوشۇپ قويدى، — ئەلۋەتتە، بار پۇلۇڭىزنى ئۇتتۇرۇپ قويدىڭىز، ئەگەر خالىسىڭىز، بىرەر ۋاق غىزالانغۇدەك پۇلنى...

— لازىمى يوق... ماڭا پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر! — نىك مەشغۇلاتچىغا قاراپ ۋارقىراپ ئېتىلىپ كەلدى.

تالاش - تارتىشتا پۇللار يەرگە چېچىلىپ كەتتى. بەستلىك ئىككى مۇھاپىزەتچى كېلىپ، نىكنى قولتۇقىدىن سۆرىگىنىچە دەرۋازىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

— بۇ يەرگە قايتا كەلگۈچى بولما! — نىك يول بويىغا يىقىلىپ قالغاندا قىمارخانا خوجايىنى ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى، — مەڭگۈ كەلگۈچى بولما.

نىك بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ياقىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، جىلىتكىسىنى تارتىپ، مورىسىنى ئېتىپ قويدى.

«ھەي، بىر مىليون، ئىككى مىليون، — ئۇ ئويلىدى، — بۇنىڭ زادى پەرقى بارمۇ؟ بېشىمغا كەلگەن بالا ھەسسىلەپ ئاشارمۇ ئەمدى؟»

نىك خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، كۆڭلى پاراكەندە بولدى: «ھەي، تەقدىرىمگە تەن بېرەي ئەمدى!» ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتى تەرەپكە ماڭدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئالدى بىلەن خوتۇنىغا يالغان ئېيتىپ قويىدۇ، ئاندىن مەشۇقى بىلەن خوشلىشىدۇ، ئارقىدىن خوجايىنىنى تېپىپ ھەممە مەسئۇلىيەتنى بويىنىغا ئالىدۇ، سوتقا تارتىلىپ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا تۈرمىدە بىر ئۆمۈر تۆۋا قىلىپ چىقىدۇ.

(خەنزۇچە «تەرجىمىلەردىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 2 - سانىدىن)

★ يېڭى يول تۇتقانلار مۇۋەپپەقىيەت قازانماي تۇرۇپ، باشقىلار ئۇنى كۆپ ھاللاردا خىيالپەرەس دەپ قارايدۇ.

— مارك تۋېن (ئامېرىكا)

★ تۇرمۇشتا ھەرگىزمۇ ئىككى خىل تەبىئەتلىك بولما، ئۆزىنى قەستەن نۇقسانسىز قىلىپ كۆرسىتىش ياكى كەچۈرگۈسىز گۇناھكار قىلىپ كۆرسىتىشلەرنىڭ ھەممىسى ساختىلىق.

— ۋىلدې (ئەنگلىيە)

★ پۇقرالاردا ئەخلاق بولمىسا، جەمئىيەت ھالاك بولىدۇ؛ ھەربىر شەخستە ئەخلاق بولمىسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

— رۇسسېل (ئەنگلىيە)

★ ئەقىل - ئىدراكنىڭ ھېسسىياتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى خۇددى بىر يۇمشاق باش ئەرنىڭ بىشەم خوتۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ.

— سەئدى (پېرسىيە)

★ ھېسسىيات ئالدى ئىشىكتىن كىرگەن ھامان، ئەقىل ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

— ت.فۇللېر (ئەنگلىيە)

★ ھەقىقىي مۇھەببەت ئۆزىنى بېغىشلىغان چاغدا ئەڭ بېيىيدۇ، ئەگەر ئۇنى قۇربان بېرىش دەپ قارىسا، ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ھېسابلانمايدۇ.

— گېبېر (گېرمانىيە)

★ كونتروللۇقنى يوقاتقان مۇھەببەت ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ، ئۇ رومكىدىكى پېۋىدەك كۆپۈكلىنىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يوقىلىدۇ.

— تاگور (ھىندىستان)



# سەيشەنبە كۈنى چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتىدا

گارسىيە ماركوز (كولومبىيە)

ئەلى توختى تەرجىمىسى

پويىز قىزغۇچ سىرىق تاش بىلەن ئورالغان تەشمىنى تىترىتىپ چىقىپ، ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان، ئىككى تەرەپكە ئوخشاش تەڭ يېيىلغان بانانزارلىققا كىردى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەمخۇش، دېڭىز شامىلىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن ئادەمنى تۇنجۇقتۇرىدىغان كۆمۈر ئىسىنىڭ ھىدى پات - پات كىرىپ تۇراتتى. تۆمۈريولغا يانداش تار يولدا ياپيېشىل بانان باسقان بىرنەچچە كالا ھارۋىسى كېتىپ باراتتى. تۆمۈريولنىڭ يەنە بىر تەرىپى تاقىر بوشلۇق ئىدى، ئۇ يەرگە شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلغان ئىشخانا، قىزىل خىشتا سېلىنغان گازارما ۋە بەزى تۇرالغۇ ئۆيلەر چۈشكەن، ئۆيلەرنىڭ بالكونىنى چاڭ - توزان باسقان پالما دەرەخلىرى ۋە ئەتىرگۈللەر ئوراپ تۇراتتى، بالكونغا ئاق رەڭلىك بىرنەچچە ئورۇندۇق ۋە بىر كىچىك شىرە قويۇلغانىدى. بۇ چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىر بولغان مەزگىل، ئاپتاپ ئۇنچە قىزىق ئەمەس ئىدى.

— دېرىزىنى ئېتىۋەتكىنىڭ ياخشىمىكىن، — دېدى بىر ئايال، — بولمىسا ئۇستىبېشىڭنى كۆمۈر كۈلى بۇلغىۋېتىدۇ.

قىزچاق دېرىزىنى يېپىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن دات بېسىپ كەتكەن بولغاچقا ھەرقانچە قىلىپمۇ مىدىرلىتالمىدى.

ئۇلار ئۈچىنچى دەرىجىلىك بۇ ئەسكى ۋاگوندىكى بار - يوقى ئىككىلا يولۇچى ئىدى. پاراۋوزنىڭ ئىسى دېرىزىدىن توختىماي كىرىپ تۇراتتى. قىزچاق ئورنىنى ئالماشتۇردى، قولىدا ئېلىۋالغان نەرسىلىرى — يېمەكلىك سېلىنغان بىر سۇلياۋ خالتا، گېزىتكە ئورالغان گۈلنى دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا قويدى، ئۆزى دېرىزە يېنىدىن ئايرىلىپ، قارشى تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئاپىسى بىلەن يۈزمۇيۈز قارىشىپ ئولتۇردى. ئانا - بالا ئىككىلىسى كونا قارىلىق كىيىمى كىيگەنىدى.

قىزچاق ئون ئىككى ياشقا كىرگەن، تۇنجى قېتىم يىراق سەپەرگە چىقىشى ئىدى. ئايال قاپىقىنىڭ كۆك تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان، پاكار، ئاجىز ئىدى، بەدىنى باشتىن - ئاخىر تۈپتۈزلا چۈشۈپ كەتكەن، ئۇچىسىدىكى كىيىمى تاغار كىيدۈرۈپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى، ئۇنى مۇشۇ قىزچاقنىڭ ئاپىسى دېيىش سەل قېرىلىق قىلاتتى. پۈتۈن سەپەر داۋامىدا ئۇ ئورۇندۇقتا تىككىدە ئولتۇرۇپ كەلدى، قوللىرىنى تىزى ئۈستىدىكى ئاقىرىپ كەتكەن خۇرۇم سومكىغا قويۇۋالغانىدى، چىرايىدىن شۈكۈرچان ئادەملەرگە خاس سالماقلىق، خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى.

سائەت ئون ئىككى بولغاندا ئاپتاپ قىزدۇرۇشقا باشلىدى. پويىز قاقاس بېكەتتە ئون مىنۇت توختاپ سۇ قاچىلىدى. ۋاگون سىرتىدىكى بانانزارلىقنى بىر خىل سىرلىق تىمتاسلىق قاپلىغان، دەرەخ سايىلىرىنىڭ ئاستى ناھايىتى پاكىز كۆرۈنەتتى، لېكىن ۋاگون ئىچىنى ئاشلىمىغان تېرىنىڭكىدەك

بىر خىل سىبىسىق پۇراق قاپلىۋالغانىدى. پويىز بىر خىل سۇرئەتتە كېتىپ بارىدۇ، بىر ـ بىرىگە بەكلا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى بازاردا توختاپ ئۆتتى، بازاردىكى ياغاچ ئۆيلەر قىنىق رەڭدە سىرلانغانىدى. ئايال بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇيقۇغا تەڭكەندى. قىزچاق ئايىغىنى سېلىۋېتىپ تازىلىق ئۆيىگە كىردى، سولىشىپ كەتكەن گۇلنى سۇغا چىلىدى.

قىزچاق قايتىپ كەلگەندە، ئاپىسى ئۇنى تاماقتا ساقلاپ تۇرغانىدى. ئاپىسى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پارچە پىشلاق، يېرىم پارچە قوناق قاتلىمىسى ۋە بىرنەچچە تال پىرەنىك قويدى، سۇلياۋ خالتىدىن ئۆزىگىمۇ يېمەكلىك ئالدى. ئۇلار تاماق يەۋاتقاندا، پويىز بىر تۆمۈر كۆۋرۈكتىن، يەنە بىر بازاردىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بازارمۇ ئالدىنقى ئىككى بازاردىن ئۇنچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، پەقەت بازارنىڭ مەيداندىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەنلا پەرقلىنەتتى. كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئاپتاپتا بىر مۇزىكا ئەترىتى شوخ بىر مۇزىكىنى ئورۇنلاۋاتاتتى. بازارنىڭ يەنە بىر تەرىپى سۇسىزلىقتىن يېرىلىپ كەتكەن يەر ئىدى، بانانزارلىق بۇ يەرلەرگە سوزۇلالمىغانىدى.

ئايال بىر نەرسە يېيىشتىن توختىدى.

— ئايىغىڭنى كىيىۋال! — دېدى ئۇ قىزچاققا.

كۆرۈنۈپ تۇرغىنى يەنىلا شۇ قاقاس دالا ئىدى. پويىز مۇشۇ يەردىن باشلاپ يەنە سۇرئىتىنى تېزلەتتى. قىزچاق يەپ بولالمىغان پىرەنىكلەرنى خالتىغا سېلىپ، ئالدىراپ ئايىغىنى كىيىشكە باشلىدى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا تارغاقنى ئۇزاتتى.

— چاچلىرىڭنى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈۋال، — دېدى ئۇ.

قىزچاق چېچىنى تاراۋاتقاندا، پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئايال بويىنىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، مايلىشىپ كەتكەن يۈزىنىمۇ ئېرتتى. قىزچاق چېچىنى تاراپ بولۇشىغا، پويىز يەنە بىر بازارغا كىردى. بۇ بازار ئالدىنقى بىرنەچچە بازارغا قارىغاندا چوڭراق، لېكىن بەكرەك غېرىب كۆرۈنەتتى.

— ھەرقانداق ئىشىڭ بولسا ھازىر دەرھال پۈتتۈرۈۋال! — دېدى ئايال، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇسساپ ئۆلسەڭمۇ ئىچىدىغان سۇ يوق، يىغلىشىڭغا ھەرگىز بولمايدۇ.

قىزچاق بېشىنى لىڭشىتتى. قۇرغاق ئىسسىق شامال پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى بىلەن ئەبجەق ۋاگونلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرىنى ئېلىپ ۋاگون دېرىزىسىدىن كىردى. ئايال ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەر سېلىنغان سۇلياۋ خالتىنى ئوراپ خۇرۇم سومكىغا سالدى. بۇ چاغدا، ۋاگون دېرىزىسىدىن بۇ كىچىك بازارنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدى. بۇ ئاۋغۇستنىڭ بىر سەيشەنبە كۈنى ئىدى، قۇياش بازارغا ئۆز نۇرىنى تولۇق چېچىپ تۇراتتى. قىزچاق گۇلنى ھۆل گېزىتتە يۆگەپ، دېرىزىدىن سەل يىراقلاشتى، ئاندىن ئاپىسىغا قارىدى. ئاپىسىمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدە قارىدى. گۈدۈك ئاۋازى توختىغاندىن كېيىن پويىز سۇرئىتىنى ئاستىلىتىپ، ئۇزۇنغا بارمايلا توختىدى.

بېكەتتە ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى. چوڭ يولنىڭ قارشىسىدىكى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ سايىسىگە جايلاشقان بىليارتخانىنىڭ ئىشىكىلا ئوچۇق تۇراتتى. كىچىك بازار تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئانا ـ بالا پويىزدىن چۈشتى، سۆرۈن بېكەتتىن ئۆتتى. بېكەتنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان گۈللۈك خىشلار ياۋا ئوتلارنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى بىلەن چاك كېتىشكە باشلىغانىدى. ئانا ـ بالا ئىككىسى چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان پىيادىلەر يولىغا چۈشتى.

سائەت ئىككى بولۇپ قالغانىدى. بۇ بازاردىكى كىشىلەرنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتى ئىدى. سائەت ئون بىردىن باشلاپ ماگىزىن، ئىدارە ـ ئورگان ۋە مەكتەپلەر تاقىلىشقا باشلايتتى، سائەت تۆتلەرگە يېقىنلىشىپ، پويىز قايتقاندىلا ئاندىن ئېچىلاتتى. پەقەت بېكەتنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مېھمانساراي، ئۇنىڭ قاۋاقخانىسى ۋە بىليارتخانا ھەمدە مەيدان يېنىدىكى تېلېفون ئىدارىسىلا تىجارەتتىن توختىمايتتى. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى بانان شىركىتىنىڭ ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئىشىكلىرى ئىچىدىن تاقىلاتتى، دېرىزىلىرى تولىمۇ تۆۋەن ئېلىنغانىدى. بەزى ئۆيلەر بەك ئىسسىپ كېتىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر چۈشلۈك تاماقلىرىنى ھويلىدا يەيتتى، يەنە بەزى كىشىلەر ئورۇندۇقلىرىنى يول بويىدىكى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ سايىسىگە قويۇپلا ئۇيقۇغا تېگەتتى.

ئانا ـ بالا ئىككىسى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ سايىسى بىلەن مېڭىپ بازارغا ئاستا كىردى، چۈشلۈك

ئۆيقۇدىكى ئادەملەرنى ئويغىتىۋەتمەسلىككە تىرىشتى. ئۇلار ئۇدۇل پوپنىڭ ئۆيىگە باردى. ئايال قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشىككە تارتىلغان دەرپەردىنى چەكتى، سەل ساقلاپ بېقىپ يەنە چەكتى. ئۆي ئىچىدىن شامالدۇرغۇچنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، لېكىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانمايتتى. يەنە بىردەمدىن كېيىن ئىشىكنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، دەرپەردىلىك ئىشىككە يىراق بولمىغان يەردىن بىرەيلەننىڭ «كىم؟» دېگەن پەس، ئىنچىكە ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايال گەپ قىلغان ئادەمنى كۆرۈش ئۈچۈن دەرپەردىدىن ئىچىگە بويۇنداپ قارىدى.

— مەن پوپنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، — دېدى ئۇ.

— پوپ ئۇخلاۋاتىدۇ!

— جىددىي ئىشىم بار ئىدى، — ئايال چىڭ تۇردى.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن سالماق، لېكىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئىشىك ئاستا قىيا ئېچىلىپ، پاكار ھەم سېمىز ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كۆرۈندى. ئۇنىڭ تېرىلىرى تاتىراڭغۇ، چاچلىرى كۆكۈچ رەڭدە ئىدى، كۆزىگە قېلىن ئەينەكلىك كۆزەينەك تاقىغان، كۆزلىرى بەكلا كىچىك كۆرۈنەتتى.

— كىرىڭلار! — دېدى ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ.

ئۇلار گۈل ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان مېھمانخانىغا كىردى، ئىشىك ئاچقان ئايال ئۇلارنى ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇققا باشلاپ، ئولتۇرۇشقا قولى بىلەن شەرەتلىدى. قىزچاق ئولتۇردى، لېكىن ئاپىسى خورۇم سومكىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتقىنىچە ئۆرە تۇراتتى. ئۆي ئىچىدىن شامالدۇرغۇچنىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

ئىشىك ئاچقان ئايال مېھمانخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى.

— ئۇ سىلەرنى سائەت ئۈچتىن كېيىن كەلسۇن دەيدۇ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ، — ئۇنىڭ ياتقىنىغا تېخى بەش مىنۇتلا بولغانىدى.

— سائەت ئۈچ يېرىمنىڭ پويىزىغا ئۈلگۈرمەسەك بولمايتتى، — دېدى ئانا. ئۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي، تەلەپپۇزى ئىنتايىن قەتئىي، لېكىن ئاۋازى شۇنداق مۇلايىم، ئۇنىڭغا خىلمۇخىل مۇرەككەپ ھېسسىياتلار مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئىشىك ئاچقان ئايالنىڭ چىرايىدا تۇنجى قېتىم تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ئەمىسە سەل ساقلاپ تۇرۇڭلار! — دېدى ئۇ.

مېھمانخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىشىك يەنە يېپىلغاندا، ئايال قىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. تارغىنا بۇ مېھمانخانا ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ياغاچ توسۇق ئۆينى ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى، ياغاچ توسۇقنىڭ ئىچى تەرىپىگە بىر كونا ئىش ئۈستىلى قويۇلغان، ئۈستىگە سۇلياۋ داستىخان سېلىنغان، ئۈستەل ئۈستىدە كونا پاسوندىكى بىر خەت ئۇرۇش ماشىنىسى، يېنىدا بىر لوڭقا گۈل تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ ئارقىسىدا چېركاۋنىڭ ئارخىپلىرى بار ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئىشخانىنى بىر تول ئايال سەرەمجانلاشتۇرغان.

مېھمانخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىشىك ئېچىلدى. پوپ كۆزەينىكىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتكىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ كۆزەينىكىنى شۇنداقلا تاقىسا، ئۇنىڭ ئىشىك ئاچقان ھېلىقى ئايالنىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

— نېمە ئىش بىلەن كەلگەنىدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ ئايالدىن.

— قەبرىستانلىقنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ تۇراي دېگەنىدىم، — دېدى ئايال.

قىزچاق ئورنىدا مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، ھېلىقى گۈل تىزى ئۈستىدە، ئالمىشالغان پۇتلىرىنى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا تىقىۋالغانىدى. پوپ قىزچاققا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، نەزىرىنى يەنە ئايالغا قايتۇرۇپ كەلدى، ئاندىن ئەينەكتەك ئوچۇق ئاسمانغا دېرىزىدىن قاراپ قويدى.

— ھاۋا بەك ئىسسىق، — دېدى ئۇ، — كۈن پاتقاندا بارساڭلار بولارمىكىن.

ئايال سۈكۈت ئىچىدە بېشىنى چايقىدى، پوپ توسۇق ئىچىدىن چىقىپ، ئىشكاپتىن خورۇم تاشلىق بىر خاتىرە، سىياھقا چىلاپ يازىدىغان بىر قەلەم ۋە بىر قۇتا سىياھ ئالدى، ئاندىن ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى تاقىرلىشىپ

كەتكەن، لېكىن ئىككى بىلىكى شۇنداق تۈكلۈك ئىدى.

— سىلەر قايسى قەبرىنى كۆرمەكچى؟ — سورىدى ئۇ.

— كارلوس سېنتىنۇنىڭ، — دېدى ئايال.

— كىم دېدىڭىز؟

— كارلوس سېنتىنۇ، — ئايال تەكرارلىدى.

پوپ يەنىلا چۈشەنمەيۋاتقاندەك ئىدى.

— ئالدىنقى ھەپتە بۇ يەردە ئېتىۋېتىلگەن ھېلىقى ئوغرىنىڭ قەبرىسىنى دەيمەن، — دېدى ئايال چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، — مەن ئۇنىڭ ئاپىسى بولىمەن.

پوپ ئايالغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئايال ئېغىر قايغۇسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پوپقا تىكىلگىنىچە تۇرىۋەردى. پوپنىڭ يۈزى شاپىپىدە قىزاردى، بېشىنى پەسكە قىلىپ جەدۋەل تولدۇرۇشقا تۇتۇندى. ئۇ ئايالدىن ئىسىم ـ فامىلىسى، تۇرۇشلۇق ئورنى دېگەندەكلەرنى سوراپ جەدۋەلگە تولدۇراتتى، ئايال ئۇنىڭ سورىغانلىرىغا قىلچە ئىككىلەنمەستىن تەپسىلىي، توغرا جاۋاب بېرەتتى، گويا يېزىپ تەييارلىۋالغان ماتېرىيالنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى. پوپنىڭ پېشانىسىدىن تەر پۇرقىراپ چىقىشقا باشلىدى. قىزچاق سول پۇتىنىڭ ئايىغىنىڭ يىپىنى يېشىپ پۇتىنىڭ يېرىمىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، ئاياغنىڭ ئۆكچىسىگە دەسسەپ ئولتۇردى، ئاندىن ئوڭ ئايىغىنىڭ يىپىنىمۇ يېشىپ پۇتىنى سۇغۇردى.

ۋەقە ئالدىنقى دۈشەنبە سەھەر سائەت ئۈچتە، بۇ يەردىن بىرنەچچە كوچا نېرىدا يۈز بەرگەنىدى، تۇل خوتۇن رېۋېكا خانىم ئىچىگە نۇرغۇن نەرسىلەر دۆۋىلەنگەن بىر ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. ئۇ كۈنى سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، رېۋېكا خانىم يامغۇر ئاۋازى ئىچىدە بىرەيلەننىڭ سىرتتا ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى قومۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ، قاراڭغۇدا سىيپاشتۇرۇپ بېرىپ كىيىم ئىشكاپىدىن كونا پاسوندىكى بىر تاپانچىنى ئالدى. بۇ تاپانچىنى پولكوۋنىك ئورلىيانو بۇئوندىيانىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ھېچكىم ئىشلىتىپ باقمىغانىدى. رېۋېكا خانىم چىراغنى ياندۇرمايلا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكنىڭ تىرىقلىغان ئاۋازى بويىچە كېتىۋاتقىنىنى يوق، تەنھالىق، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن يىگىرمە سەككىز يىللىق تۇرمۇش ئۇنى شۇنداق يىشۇرۇۋەتكەن، ئۇ ئىشىكنىڭ قەيەردىلىكىنى، قۇلۇپنىڭ ئىشىكنىڭ قەيېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆزىنى يۇمۇپمۇ تاپالايتتى. ئۇ تاپانچىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، كۆزىنى يۇمۇپلا تەپكىنى بېسىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تاپانچا تۇتۇپ بېقىشى ئىدى. ئوق ئاۋازىدىن كېيىن ئەتراپ دەرھال تىمتاسلىققا چۆمدى، پەقەت يامغۇرنىڭ قاڭالتىر ئۆگزىگە چۈشكەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئارقىدىن ئۇ ئىشىك سىرتىدىكى سېمونت يەرگە تۆمۈردەك بىر نەرسىنىڭ چۈشكەنلىكىنى، بېسىق، زەئىپ، تولىمۇ ھارغىن چىققان «ۋايجان! ئانا!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. سەھەر، رېۋېكا خانىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى سىرتىدا بىر ئەرنىڭ جەسىتى ياتقانلىقى مەلۇم بولدى، ئۆلگۈچىنىڭ بۇرنى ئوقتا چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇچىسىغا يوللۇق فلانېل چاپان كىيگەن، ئىشتىنى ئادەتتىكىچە، بەلباغ ئورنىدا چىگە يىپ باغلىۋالغانىدى، پۇتىدا ئاياغ يوق ئىدى. بازاردا ئۇنى تونۇيدىغانلار چىقمىدى.

— ھە، ئۇنىڭ ئىسمى كارلوس سېنتىنۇ ئىكەن ـ دە، — پوپ جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىچە غۇدۇراپ قويدى.

— كارلوس سېنتىنۇ، — دېدى ئايال، — مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم ئىدى.

پوپ يەنە ئىشكاپنىڭ يېنىغا باردى. ئىشكاپ ئىشىكىنىڭ ئىچى تەرىپىدىكى مىختا دات بېسىپ كەتكەن يوغان ئىككى تال ئاچقۇچ ئېسىقلىق تۇراتتى. قىزچاقنىڭ نەزىرىدە قەبرىستانلىقنىڭ ئاچقۇچى مۇشۇنداق بولاتتى. قىزچاقنىڭ ئاپىسىمۇ كىچىك ۋاقتىدا شۇنداق ئويلىغان. پوپنىڭ ئۆزىمۇ سىنت ـ پيېتېرنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولغىيدى. پوپ ئاچقۇچنى ئېلىپ، توسۇق ئۈستىدە ئوچۇق تۇرغان دەپتەر ئۈستىگە قويدى، ئاندىن خەت يېزىلغان بەتتىكى بىر يەرنى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ، ئايالغا قاراپ دېدى:

— ماۋۇ يەرگە قول قويۇۋېتىڭ!

ئايال خۇرۇم سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ تۇرۇپ، ئىسمىنى مايماق ـ سايماق قىلىپ يازدى. قىزچاق گۈلنى كۆتۈرۈپ، ئاياغلىرىنى سۆرىگىنىچە توسۇق ئالدىغا كەلدى، كۆزلىرى ئاپىسىدا ئىدى.

پوپ ئېغىر تىنىپ قويدى:

— سىز ئۇنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانمۇ؟

ئايال قولىنى قويۇپ بولۇپ جاۋاب بەردى:

— ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى.

پوپ ئۇ ئايالغا، ئاندىن قىزچاققا قاراپ قويدى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن يىغلايدىغاندەك بىرەر بەلگىنى تاپالماي ھەيران بولدى. ئايال چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئۇنىڭغا، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ يېمىگىن دېگەنىدىم، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى بەك ئاڭلايتتى. ئىلگىرى ئۇ بوكسچى ئىدى، بەزىدە قاتتىق تاياق يەپ نەچچە كۈنلەپ ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ كېتەتتى.

— ئۇ ئامالسىز چىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتقۇزۇۋېتكەن، — قىزچاق گەپ قىستۇردى.

— شۇنداق بولدى، — ئانا قىزىنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى، — ئۇ چاغدا، مەن ھەر قېتىم ئاغزىمغا تاماق ئالسام، شەنبە كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ ئوغلۇمنى ئۇرغاندىكى ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى.

— ھەي، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ، — دېدى پوپ.

بۇ گەپنىڭ ئايالنى يېتەرلىك قايىل قىلالمايدىغانلىقى پوپنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. چۈنكى بىر تەرىپى، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ئۇنى ئازدۇر-كۆپتۇر گۇمانخور قىلىپ قويغانىدى، يەنە بىرى، كۈن بەك ئىسسىق ئىدى. پوپ ئۇلارغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالماسلىق ئۈچۈن باش-كۆزىنى ئورىۋېلىشىنى قايتا-قايتا تاپىلىدى. پوپ بىر-بىرىگە ئۇلاپ ئەسنەيتتى، ئۇخلاپ قالىدىغاندەكلا ئىدى. ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە يېرىپ ئېچىپ، كارلوس سېنتىنۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنىنى ئانا-بالا ئىككىسىگە چۈشەندۈردى ھەمدە قايتقاندا ئۇلارنى چاقىرىپ يۈرمەي، ئاچقۇچنى ئىشىك تېگىدىن كىرگۈزۈۋەتسىلا بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر چېركاۋغا بىرەر نەرسە سەدىقە قىلماقچى بولسا، ئىشىك تۈۋىگە قويۇپ قويسىلا بولىدىغانلىقىنى تاپىلىدى. ئايال ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، لېكىن چىرايىدا كۆلكىدىن ئەسەر يوق ئىدى.

ئىشىك ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، پوپ كىملەرنىڭدۇ دەرپەردىگە بۇرنىنى تاقاپ ئىچكىرىگە قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇلار بىر توپ ئۇششاق باللار ئىدى، ئىشىك ئېچىلىش بىلەن پىتىراپ قاچتى. مۇنداق ۋاقىتتا ئادەتتە كوچىدا ئادەم بولمايتتى، لېكىن ھازىر كوچىغا چىقىۋالغىنى يالغۇز باللارلا ئەمەس، ئۆرۈك دەرىخىنىڭ سايىسىگىمۇ چوڭلاردىن بىرمۇنچە ئادەم يىغىلىۋالغانىدى. پوپ ئادەتتە كۆرۈلمەيدىغان كوچىدىكى بۇ قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ ئىشىكنى ئاستا يېپىۋالدى.

— سەل تۇرۇپ چىقىڭلار، — دېدى پوپ، لېكىن گەپ قىلىۋاتقاندا ئايالغا قارىمىدى.

پوپنىڭ سىڭلىسى ئىچكىرىدىكى ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى. ئۇ كېچىلىك كىيىمىنىڭ ئۈستىگە قارا رەڭلىك چاپان يېپىنچاقلىۋالغانىدى، چاچلىرى مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇ پوپقا ئۈن-تىنسىزلا قاراپ قويدى.

— قانداقراق؟ — سورىدى پوپ.

— ھەممە ئادەم بىلىپ بوپتۇ، — دېدى پوپنىڭ سىڭلىسى شىۋىرلاپ.

— ئۇنداق بولسا ئارقا ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كەتسە بولغۇدەك، — دېدى پوپ.

— پايدىسى يوق، — دېدى ئۇنىڭ سىڭلىسى، — دېرىزە سىرتىدىمۇ غىچچىدە ئادەم!

ئەنە شۇ چاغدىمۇ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئايال قىلچە بىلمىگەندەك ئىدى. ئۇ دەرپەردە ئارىسىدىن چوڭ كوچىغا قاراپ قويدى، ئاندىن قىزچاقنىڭ قولىدىكى گۈلنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ چوڭ ئىشىككە قاراپ ماڭدى، قىزچاق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

— كۈن ئولتۇرغاندا بارساڭلار بوپتىكەن! — دېدى پوپ.

— ئۆزۈڭلارغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋالماڭلار، — پوپنىڭ سىڭلىسى مېھمانخانىنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرۇپ قىلچە ئىپادىسىز دېدى، — توختاپ تۇرۇڭلار، سىلەرگە كۈنلۈك ئاچىقىپ بېرەي.

— رەھمەت! — دېدى ئايال، — مۇشۇنداق كېتىۋېرەيلى.

ئۇ قىزچاقنى قولىدىن يېتىلەپ چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدى.

(خەنزۇچە «گارسىيە ماركوز ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمى»دىن)




## خۇاڭ مىڭشياڭ (ۋيېتنام)

ئالىيە ئوسمان تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** خۇاڭ مىڭشياڭ 1948 ـ يىلى ۋيېتنامنىڭ خاتاي ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان، خانوي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئىلگىرى «خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى گېزىتى»دە مۇخبىر، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى»دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر «ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» پروزا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ۋيېتنام يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ «بۇلاق»، «نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا»، «قايتا نىكاھلىنىش»، «بىر يولدىكى ئادەملەر»، «مېھمانسارايدىكى ساھىبجامال» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلىمى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋيېتنام مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتى، ۋيېتنام باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتى قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئۇ ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۈنلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالماسلىقى مۇمكىن، ئۇ كۈنلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى زۇلمەتلىك كۈنلەر ئىدى. ئۇ روھىي چىقىپ كەتكەندەك قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى، ئۆزى تىرىك بولسىمۇ، لېكىن ئۆلۈكتىن ھېچ پەرقى يوق، پاسكىنا سېمونت يەردە ئولتۇراتتى، كاللىسى قۇپقۇرۇق، ئۆتكەن ئىشلارنى قەتئىي ئەسلىيەلمەيتتى ھەم كەلگۈسىگىمۇ ھېچقانداق ئارزۇ ـ ئۈمىدى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئېسىدە بار ـ يوقى پەقەت ئاشۇ قىش كۈنى سەھەر. تۈرمە ساقچىسى ئۇنى چاقىرىپ:

— يۇەن ۋېنيى، بۈگۈندىن باشلاپ ئەركىنلىككە چىقىسەن، — دېگەنىدى.

ئاھ، ئەركىنلىك! ئەگەر بىر يىل ئىلگىرى تۈرمە ساقچىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان بولسا، ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغان بولاتتى، لېكىن ھازىرچۇ، «ئەركىنلىك»نىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى، چۈنكى ئۇ ئەمدىلىكتە جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن، كەسپىدىن، خىزمىتىدىن، خوتۇن ـ بالىلىرىدىن ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭغا ئەمدى ئەركىنلىكنىڭ نېمە كېرىكى؟

— ئەپەندى، مېنى تۈرمىدىن چىقىرىۋەتمىسىڭىز... بۇ يەردىن چىقىپ كەتسەم نەدە تۇرۇپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن، — دېگەنىدى ئۇ چەكسىز ئۈمىدسىزلەنگىنىچە كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— دوستۇم، نېمىشقا مۇنچىۋالا ئۈمىدسىزلىنىسەن؟ مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى يىگىرمە يىل بولدى، جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقانلاردىن مىڭلىغان ئادەمنى تەربىيىلىدىم، بىراق سەندەك ئىرادىسىز ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن، ئەركەك دېگەن ھەرقانداق مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك، تۈرمىدە يېتىش قانچىلىك ئىش ئىدى، يامان يولدىن قايتىپ، تۈرمۇشۇڭنى قايتىدىن باشلىساڭلا بولمىدىمۇ، — دېگەنىدى تۈرمە ساقچىسى ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ئاشۇ دەبدەبىلىك سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، ئۇ ئۆزىگە تەسەللى تېپىپ، تۈرمىدىن چىقىپ كېتىش ئىرادىسىگە كەلدى.

ئۇ شەھەردە ئۇدا بەش كۈن لاغايلاپ يۈردى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىرقانچە تونۇشلىرىنىڭ ئالدىغا پاناھلىق سوراپ باردى، چۈنكى ۋاقىتلىق قو-

نالغۇ تېپىش ۋە قورسىقىنى تويدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلمايمۇ ئامالى يوق ئىدى. ئۇ تونۇشلىرىنى، بولۇپمۇ سالاھىيىتى بار تونۇشلىرىنى ئۇچراتقاندا بەكرەك نومۇس قىلاتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ ئىلگىرى زىيالىي، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى، مانا ئەمدىلىكتە قورساق، تۇرالغۇ غېمى ئۈچۈن باشقىلارغا يېلىنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇ ئۆزى ئىلگىرى ئولتۇرغان ئولتۇراق رايونغا تالاي قېتىم باردى، ئاھ، ئاۋۇ ئىشىك، ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئۆي... ئىلگىرى بۇ ئۆينى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خاتىرجەم ياشايدىغان ماكان دەپ ئويلىغان. ئۇلارنىڭ بەش ياشلىق ئەقىللىق ئوغلى بار ئىدى. ئۇ دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى، خوتۇنى گۈزەللىكتە داڭقى بار ئايال، بىر زاۋۇتنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەيتتى.

ئاشۇ شاد - خۇرام بەختلىك ئائىلە قەيەرلەرگە كەتتى - ھە؟ ئۇ قانچە قېتىملاپ ئاشۇ بىنا ئالدىدا تۇرۇپ خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئاشۇ يورۇق ئۆيگە قاراپ ئىچى سىيرىلدى. ئۇ تۈرمىگە كىرىپ كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن خوتۇنى بۇ ئۆينى سېتىۋەتكەنىدى. بۇ ئۆي ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورتاق مۈلكى ئىدى. ئوغلى بولسا ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى، ئەلۋەتتە ئۇنى سېتىۋېتەلمەيدۇ، خوتۇنى ئۆز ئالدىغا نىكاھىدىن ئاجرىشىپ، ئوغلىنىمۇ ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئوغلى ھازىر قەيەردىدۇ؟ بىرنەچچە تونۇشلىرى ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ ئوغلىنى سايگونقا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ يەردە بىر ئاشنىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، ھەي! ھازىر ئارمانغا يارىشا دەرمانى يوق تۇرسا، ئوغلىنى ئەكېلىۋېلىشقا قانداقمۇ مادارى يەتسۇن؟

شەھەر كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەنسېرى ئۇنىڭ ئىچى سىقىلدى، ھەتتا ئۆزىنى كېلىۋاتقان ماشىنىغىمۇ ئېتىپ باقتى، لېكىن شوپۇر ۋاقتىدا ماشىنىنى تورمۇزلاپ، ئۇنى سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ كېتىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قورقۇنچاق ئىدى، جېنىدىن تويغىنى بىلەن، ئۆلۈشنى خالىمايتتى، قىسقىسى ئۇنىڭغا ئۆلۈۋالماقمۇ تەس ئىدى.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە، ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىش قارارىغا كەلدى، يۇرتىدا ياشىنىپ قالغان ئاپىسى بىلەن بىر ئاچىسى بار ئىدى. ئۇ تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە: «ئاپامغا مېنى تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ دېمەي، داۋالاش ئەترىتى بىلەن ئانگولاغا ئۈچ يىللىق خىزمەتكە كېتىپتۇ دەپ قويۇڭلار» دەپ تاپىلىغانىدى. شۇنداق بولغاندا، ئاپىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەتتى، ئالدىنقى قېتىم داۋالاش ئەترىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندە، گەرچە ئۇ ئاپىسىغا بىر تىيىن ئەۋەتمىگەن بولسىمۇ، ئاپىسى يەنىلا ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. ئاپىسىنىڭ نەزىرىدە، ئۇ يەنىلا ۋاپادار ئوغۇل ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆيى چەت بىر نامرات كەنتتە ئىدى، كەنت تاغ باغرىغا جايلاشقان، ھەر قېتىم قىيان كەلگەندە يېگانە ئارالغا ئوخشاپ قالاتتى، ئەنە شۇ كەنتتىن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۇنجى بولۇپ پۈتتۈرگەن بۇ پادىچى بالا كېيىنكى كۈنلەردە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى باشقا دۆلەتلەرگە بېرىپ ئىشلەتتى، خېلى بىر مەزگىل كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈردى. ئەنە شۇ يىللىرى ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى ئۇنتۇپمۇ قالدى، بىرنەچچە قېتىم ئاپىسىنى شەھەرگە ئېلىپ كېلىشنى ۋە شۇ پۇرسەتتە ئاپىسىنىڭ باققان ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن خوتۇنى قوشۇلمىغاچقا، بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچتى. مانا ئەمدى نەس باسقاندا ئۇ يەنىلا شۇ يۇرتىنى ئەسلەشكە مەجبۇر بولدى. رېئاللىق نېمىدېگەن رەھىمسىز - ھە! ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە «ئۆلگەن پاقا ئۈچ يىلدىن كېيىن يۇرتىغا جۆنەپتۇ» دېگەن ئىبارە تازا چۈشەتتى.

ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىغان، رادىئودا بېرىلىۋاتقان تەيفېڭ بورىنى چىقىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات قۇلىقىغا كىرگەندەك قىلدى، ئۇ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ۋېلسىپىتنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئەمما ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى خالىمىدى، «نوچى بولسا، بېسىۋەتمەمدۇ قېنى! بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، يۇرتۇمغا قايتىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق!» دەپ ئويى-

لايىتتى ئۇ.

— دوختۇر، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھاڭۋېقىپ قالدى، بىر ئايال گەپ سورىغاچ قاپقارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىپ تۇراتتى.

ئۇ شۇ ھامان بۇ ئايالنى تونۇۋالدى، ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، خاتىرىسىدە تۈنۈگۈندىكىدەكلا تۇراتتى. ئۇ ئايالنىڭ چىرايى ۋە سۆز - تەلەپپۇزلىرىدا ئۆزگىچە بىر خاسلىق بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

ئايال قىلچە ئۆزگەرمىگەنىدى. بەش يىل ئاۋۋال ئۇ X دوختۇرخانىنىڭ مۇدىر ۋراچى ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغان ۋاقىتتا، جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئۇدۇل ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىمار — ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۈچەي يارىسى بولغانىدى. ئۇ بىمارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلدى، بەش مىنۇت كېچىككەن بولسا ھەرقانچە ئۇستا دوختۇر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى قۇتقۇزالمايتتى.

ئېرى دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە ئۇ ئايال پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېرىنى باقتى. ئۇ دوختۇرخانىدىكى بارلىق دوختۇر - سېستىرالارغا ئۆز ئەمەلىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ياخشى ئايال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى. ئۇمۇ ئۇ ئايالنى ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۇھ تارتقانىدى.

— ئېسىمگە كەلدى، ئاچاڭ، ئېرىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىدىكى ئالاقزادىلىكنى يوشۇرۇش ئۈچۈن. بىراق، بۇ سوئالى ئويلىمىغان يەردىن ئايالنى سەل مەيۈسلەندۈرۈپ قويدى.

— دوختۇر، ئېرىم تۈگەپ كەتكىلى ئۈچ يىل بولدى، ئاشۇ قېتىملىق ئوپېراتسىيە بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە جىگەر كېسەللى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ سىزنى ئىزدىگەنىدىم، بىراق سىز ئانگولاغا كېتىپسىز.

— توغرا، مەن ... سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى دوختۇر دېمىسىڭىز ...

— نېمىشقا؟ تۇرقىڭىزغا قارىسام ئادەتتىكى چاغدىكىگە سەل ئوخشىمايۋاتىسىز ...

ئايالنىڭ قاراشلىرى ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى، گويا بىر دەقىقە ئۇنىڭ روھىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئىچىدىكىنى تەلتۆكۈس بىلىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئىچىدە: «نېمىشقىمۇ ئۇچرىغان بولغىيدىم ئۇنىڭغا، ماڭا نە ئازاب، نە نومۇس» دەپ ئۆزىنى مىڭنى تىللاپ، مېڭىشقا تەمشەلدى.

— دوختۇر، بەلكىم مۇنداق سورىماسلىقىم كېرەك بولغىيدى ... — ئايال ئۇنىڭغا كۆيۈنگىنىچە يەنە بىرمۇنچە سوئاللارنى سورىدى.

ئۇ ئايالغا تىكىلىپ قاراپ قالدى ھەم ئايالنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىدىن بارلىق كۈلپەتلىرىنى راستىي بىلەن بايان قىلىشتىن باشقا ئۆزگىچە جاۋاب كۈتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مەن يېڭىلا تۈرمىدىن چىقتىم، ئىشىنەمسىز؟

— ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيدىغانسىز؟ — ئايال ۋارقىرىۋەتتى، دەل شۇ چاغدا چېلەكتە تۆككەندەك قۇيۇلغان يامغۇر ئۇ ئىككىيلەننى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

— ئۆيگە كىرەيلى، مېنىڭ ئۆيۈم يېقىنلا يەردە ... — يامغۇردىن دالدىلىنىش ئۈچۈن ئايال ئۇنى بىر كەڭ لاپاسىنىڭ ئاستىغا تارتتى. قېيپاش چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئۇلارنىڭ پۈتلىرىغا ئۇرۇلماقتا ئىدى. ئايال ئۇنى يامغۇردىن توسۇماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ بۇرنىغا ئايالنىڭ چېچىدىكى چاچ سوپۇنىنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى، ئۇ بۇنداق پۇراقنى ھىدلاپ باقمىغانىغا ئۇزۇن بولغانىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ دەرد - ئەلەمگە تولغان مۇھەببەت ھېكايىسىنى ئۇ ئايالغا سۆزلەپ بېرىشنى خالىمايتتى، بىر ئايالنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ يەنە بىر ئايالنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. بىراق، ئۇ بۇ ئايالنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىدىن بىرقانداق قىزىقسىنىش ئالامىتىنى ئەمەس، بەلكى سەمىمىي ھېسداشلىق ۋە مەردلەرچە ھىممەت كۆرسىتىش ئىپادىسىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنى يوشۇرغۇسى كەلمىدى.

يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئىككىيلەن ئۇ ئا-

يالنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇ كەچۈرمىشنى ئايالغا سۆزلەپ بەردى:

ــــ نېمىشقا تۇرمىگە كىرىپ قالغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ پۈتۈنلەي بىر ئەخمەقلىق، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام، تەلۋىلىك تۇپەيلىدىن. شۇنداقمۇ كۆلكىلىك ئىش بولامدۇ ـ ھە؟ ئۆزۈم نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنى ئوپېراتسىيە قىلغان دوختۇر بولسامۇ، بىراق ئوپېراتسىيە پىچىقىم ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مەن ئۇ پىچاقنى بىر ئەرنىڭ يۈرىكىگە تىقىۋەتتىم.

ــــ كىمنىڭ؟ ئۇ ئادەم سىزگە نېمە قىلغان؟

ــــ ئۇ بىر پەسكەش ئەر. بەختىمگە يارىشا ئۇ ئۆلمەپتۇ، ئۆلگەن بولسا مەنمۇ ھازىر بۇ يەردە بولمىغان بولاتتىم.

ــــ ۋاي خۇدايىم، سىلەر ئەرلەر نېمانداق ئەخمەق؟ ــــ ئايال ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئارقىدىن دېدى، ــــ مەن ئۇ ئادەمنى كۆرگەنغۇ دەيمەن.

ئەر جىمىپ كەتتى، ئايال خىيالغا پاتقانىدى.

ئۇ كۈنى، ئۇنىڭ ئېرى جىگەر كېسىلى بولۇپ قىلىپ X دوختۇرخانىنىڭ جىددىي كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىندى، ئۇ تونۇش دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقماقچى بولۇپ، ئۇدۇللا ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ باردى، ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى، ئايال ئىشىكنى ئۈچ قېتىم ئاستا چەكتى، لېكىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى. ئۇ چاغدا ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي بولغاچقا، ئۇ ئامالسىز ئىشىكنى ئېچىپلا ئۆيگە كىرىپ سالدىيۇ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. دوختۇرنىڭ خوتۇنى كارىۋاتتا بەستلىك، ساقاللىق بىر ئەر بىلەن ياتاتتى. ئايال يالىڭاچ بەدىنىنى دەرھال لۆڭگە بىلەن يېپىۋالدى. ئۇ نومۇس قىلغىنىدىن قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ:

ــــ كەچۈرۈڭ ... مەن ... ــــ دەپ دۇدۇقلاپ كەتتى.

ــــ خەقنىڭ ئۆيىگە خالىغانچە ئۇسۇپ كىرگەن نەدە بار؟ ــــ دېدى دوختۇرنىڭ خوتۇنى خاپا بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پەيزىنى بۇزۇپ قويغانلىقىقا بولغان نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

ــــ كەچۈرۈڭ ... ئەھۋال بەك جىددىي ئىدى، ئېرىم ھازىر جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ... مەن دوختۇرنى ئىزدەپ ...

ــــ ئۇ ئەبلەخ يوق. داۋالاش ئەترىتى بىلەن ئانگولاغا كەتكىلى ئىككى ئاي بولدى.

ئايال ئىچى سىيرىلغان ھالدا ئۆيدىن قايتىپ چىقتى. ئۇ بىر تەرەپتىن نومۇس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دوختۇرغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى.

ــــ سىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىڭىز تەلۋىلىككە كىرمەيدۇ، مەن ئۇنى كۆرگەن، بەستلىك، ساقاللىق ئەر، توغرىمۇ؟ ــــ دېدى ئايال ئازابلىق ھەم ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى قىمىرلىتىپ كۈلۈپ قويدى.

ــــ بولسا ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالماڭ، ــــ ئۇ بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك ئازاب ئىچىدە ئېيتتىكى، كۆز ياشلىرى ئېتىلىپ چىقتى.

ــــ كەچۈرۈڭ ... مەن تاماق ئېتەي، بۈگۈن كەتمەڭ، ــــ ئۇ شۇنداق دېگەچ سىپايىلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بايا ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بۇرۇقتۇرما كەيپىياتنى ئوڭشاشقا ئۇرۇندى.

ــــ مەن ماڭاي، ئۇلگۇرەلمەي قالماي، ــــ دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــــ نەگە بارىسىز؟

ــــ ئاچىڭ، يۇرتۇمغا قايتىمەن، بۇنىڭدىن باشقا بارىدىغان يېرىم يوق ... ــــ ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئايال تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى، ئۇنى چاقىرىۋېلىشنى ئويلىدىيۇ، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر چاقىرمىدى، ئايال يىغلىدى، دوختۇرنىڭ ھالىغا قاراپ يىغلىدىمۇ ياكى ئۆز ئەھۋالىغا ئېچىنىپ يىغلىدىمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

ئۇ بۇ قېتىمقى تاسادىپىي ئۇچرىشىشنىڭمۇ خۇددى بۇرۇنقى ئۇچرىشىشلارغا ئوخشاشلا ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىراق ئۇنداق بولمىدى، ئۇ يۇرتىغا قايتىپ بىر ئايدىن كېيىن ئايال ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇنىڭ كەنتى

ئاپتاپ تەپتىدىن ئوتقاشتەك قىزىپ كەتكەندى، ئايال بېكەتتىن چىقىپ شاللىقنى بويلاپ ئۇدۇل كەنتكە كەلدى. كېيىن بىرلىرى ئۇنىڭغا: «ئۇ ئايال شاللىقتا كېتىۋاتقاندا، ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىمىكىن دەپتىكەنمەن، دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ چىرايلىق ئايال بولىدىكەن ـ ھە!» دېدى.

بۇ گەرچە كىشىلەرنىڭ ئۇ ئايالغا ئوقۇغان مەدھىيىسى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئايال ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتكەندى.

ــــ مەن ئاپىڭىز بىلەن سىزنى يوقلاپ كەلدىم، بوپتۇمۇ؟ ــــ ئايال كۈلۈمسىرەپ ھەم تارتىنغىنىچە شۇنداق دېدى. ئايالنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىدىكى زىنىخلىرى ئۇنى تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرسەتتى.

ــــ بۇ يەرنى قانداق ئىزدەپ تاپتىڭىز؟ ــــ ئۇنىڭ چىرايىدىن ھاياجان ۋە تەبەسسۇم يېغىپ كەتتى.

ــــ سىز ئىشلىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرغىنىڭىز بىلەن، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم ... ــــ دېدى ئايال ئۇھ تارتىپ.

ئۇنىڭ ھاياتىنى بىر پاجىئە دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ئانگولاغا بېرىشتىن ئىلگىرىلا خوتۇنى تاپتىن چىقىپ كەتكەندى، بىراق ئۇ ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتى، ئۇ ئافرىقىغا كەتكەندىن كېيىن، خوتۇنى ھېلىقى ساقاللىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈردى. ئۈچىنچى يىلى ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئەس ـ يادىنى يوقاتتى ـ دە، دەرھال دۆلىتىگە قايتىپ كەلدى، بۇ چاغدا خوتۇنى ھېلىقى ساقاللىقنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۆيگە باشلاپ كېلىپ يۈرگەندى. ئۇ قاتتىق غەزەپكە كەلدى ۋە خورلۇق ئەلەمدىن ئۆزىنى يوقىتىپ، ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئۇ ئەرنىڭ كۆكرىكىگە تىقىۋەتتى ...

كەچقۇرۇن ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتى، ئۇ ئايال جىنچىراغ يېنىدا ئولتۇرۇپ:

ــــ تۈرمۈش ئازابىنى شۇ قەدەر تارتقانلىقىڭىزنى ئۇيلىماپتىمەن، ــــ دېدى.

ــــ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئىزدەپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ ــــ دېدى ئۇ قاڭشىرى ئېچىشىپ، زورغا كۈلۈمسىرەپ.

ــــ ئۇنداق دېمەڭ، ــــ دېدى ئايال كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ئۇ شۇنداق دەپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى ۋە توساتتىنلا بۇ ئايالنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــــ كەچۈرۈڭ ... ئەسلىدە مېنىڭ مۇنداق دېيىش خىيالىم يوق ئىدى، ــــ دېدى ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ. ئۇ يىرىك قوللىرى بىلەن ئايالنىڭ يۇمشاق مۇرىسىنى تۇتقانىدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ ئاجايىپ بىر سېزىم تاپىنىغىچە باردى. ئۇ دوختۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، تالاي ئاياللارنىڭ بەدىنىنى تۇتقان بولسىمۇ، بىراق ئاياللار تېنىدىكى جەزىبىدارلىقنى ئەمدى ھېس قىلغانىدى.

ئايال كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ ئېڭىشىپ ئېڭىكىنى ئايالنىڭ چېچىغا ياقتى. ئايال بىردىنلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈۋىدى، يۈزلەر تېگىشىپ، لەۋلەر ئىختىيارسىز جۈپلەشتى.

ــــ مەن سىزنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن ... ــــ دېدى ئايال پىچىرلاپ.

قاقشال دەرەخ باھار كەلگەندە توساتتىن كۆكلەپ قالغاندەك، ئۇيلىمىغان يەردىن ئۇ كېچىكىپ كەلگەن بەختكە ئېرىشىپ قالدى.

شالدىن مول ھوسۇل ئېلىنغان پەسىلدە ئۇلارنىڭ تويى بولدى. تويىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈش ۋە بەك داۋراڭ قىلىپ كەتمەسلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ كۆپچىلىككە: «بۇ ئىككى ئەبجەق سېۋەتنىڭ بىرلىشىشى» دېدى. ئەمەلىيەتتە نەدىمۇ ئۇنداق بولسۇن! ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز خۇشاللىققا تولدى. دەل ئاشۇ ئايال ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي مۇھەببەت ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ ھايات گۈللىرى سولاشقىلى تۇرغاندا، ئۇنى قايتىدىن كۆكەرتىپ، ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلغىنى بۇ ئايال ئىدى.

(خەنزۇچە «چەت ئەل سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن)



گۈزەللىكى چۈشى



بېئاترىس

# ياش تامچىلاپ تۇرىدىغان گۈل

لى شىنشېڭ

ئالىمجان ئازات تەرجىمىسى

فرانسىيىلىك سىمۋولىزمچى شائىر ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى بودېلېر: «مەن ‹خۇشاللىق › بىلەن ‹گۈزەللىك›نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ دېمەكچى ئەمەس، لېكىن مەن ‹خۇشاللىق ›نى ‹گۈزەللىك › بېزەكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چاكىنا بىر خىل بېزەك، ‹غەمكىنلىك› بولسا ‹گۈزەللىك›نىڭ ئەڭ جۇلالىق ھەمراھى دەپ قارايمەن؛ مەن ھەرقانداق بىر خىل گۈزەللىكتە ‹بەختسىزلىك›تىن ئىبارەت بۇ تەركىبنىڭ يوقلۇقىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن» دېگەن. ئەنگلىيىلىك رافائېلدىن ئىلگىرىكى ئۇسلۇبنى ياقلىغۇچى رەسسام روسېتىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگىنى دەل مۇشۇنداق ئۇسلۇب بولسا كېرەك.

دانتى گابلېئىر روسېتى ( 1828 ــــ 1882) ئۆمرىدە ئاساسەن دېگۈدەك ئەدەبىي تېمىلارنى ئاساس قىلىپ رەسىم سىزغان. ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ۋېكتورىيە دەۋرىدىكى ئەخلاق قارىشىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، بىدئەت رىۋايەتلەرنى ناھايىتى ئىختىيارىي رەۋىشتە سىزىپ چىقىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ جىنسىي مۇھەببەت قارىشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئوبرازلار ئاساسەن دېگۈدەك ئىشقۋاز ئىلاھلار سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. روسېتىنىڭ دادىسى كاربونارلار (كۆمۈر كۆيدۈرگۈچىلەر) پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىلگىرى نابلېستىكى فېرناندو I گە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئەنگلىيىگە قېچىپ بېرىپ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىتالىيە تىلى پروفېسسورى بولغان ھەمدە كېيىنكى ئۆمرىنى ئىنقىلابقا بولغان سېغىنىش ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. بوۋىسى جون ۋىلىيام بورىدولى ئىلگىرى ئېدىنبورگدا تېببىي ئىلىم ئۆگەنگەن ھەمدە رومانتىزمچى شائىر بايرون ( 1788 ــــ 1824) بىلەن تونۇشۇپ، زامانىۋى ئەركىن ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، روسېتى ئەنە شۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولغاچقا، رومانتىك تۇيغۇ ۋە رومانتىك ئىدىيىدىن يەتكۈچە ئوزۇق ئالغان. ئۇنىڭ تېنىدىكى ئى-

تاليان قان سىستېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئەنگلىيىدىكى
گۇمانىستىك مۇھىتقا كۆنۈشنگە تازا ماسلىشىپ
كېتەلمىگەن، ئۇ ئەنگلىيىدە ئىزچىل روھىي
بېسىم ئاستىدا ياشىغان.

روسېتتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان
«قول ۋە روھ» ناملىق ھېكايىسى ئېستېتىكا بىلەن
قايغۇ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئەسەر بولۇپ،
ئۇنىڭدا ئىتالىيىلىك بىر رەسسامنىڭ دۇنيانى
سەنئەت ئارقىلىق ئۆزگەرتىش خىيالى بەربات بول-
غاندىن كېيىن ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە قال-
غانلىقىدەك ۋەقە بايان قىلىنغان. ھېكايىنىڭ ئاخى-
رىدا رەسسامنىڭ روھى بىر پەرىزات سىياقىدا
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «سەن ئەسلىي مېنى —
ئۆز روھىڭنى سىزىشىڭ كېرەك ئىدى» دەيدۇ. بۇ
روسېتتىنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىگە بولغان ئەڭ
ياخشى ئىزاھات بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېستېتىزمغا
خاس بىر خىل ئىرادە ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتى-
مۇ سەنئەتكارلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ
ھېسسىي دۇنياسىدىكى سەزگۈرلۈك ۋە تەسەۋۋۇر
كۈچىنى ئىنچىكىلىك بىلەن پەرۋىش قىلىش ۋە
ئۇلارنى سىرتقا ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

شېكىسپىرنىڭ «ھاملېت» ناملىق ئەسىرىدە،
بىغۇبار ئوفېلىيە ھاملېتنى چىن كۆڭلىدىن
ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئەمما ئۇردىدىكى ھوقۇق كۈ-
رىشى ۋە شاھزادىنىڭ قىساس ئېلىش ئىستىكى تۈ-
پەيلىدىن، ئۇ ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمايلا نابۇت
بولىدۇ. شۇ دەۋردىكى رەسسام مىللېرنىڭ «ئوفېلى-
يە» ناملىق ئەسىرىدە سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ھا-
لەتتە سىزىلغان تاتىراڭغۇ، ئاجىز ئوفېلىيەنىڭ
ئەسلىي ئوبرازى رافائېلدىن بۇرۇنقى ئۇسلۇبنى ياق-
لىغۇچى رەسساملار ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈپ
ئىشلەتكەن مودېل — ساھىبجامال شىدال بولۇپ،
ئۇ كېيىنچە روسېتتىنىڭ رەپىقىسى بولغان. روسې-
تتىنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالمىغان،
توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تېنى ئاجىز ھەم كې-
سەلچان شىدال بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاش-
قان، روسېتتى ئۆزىنىڭ چەكسىز قايغۇ - ھەسرىتى-
نى رەسىم يۈزىدىلا ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئامراق رەپىقىسىگە بولغان سېغى-
نىشىنى «بىئاترىس» ناملىق ئەسىرىگە ناھايىتى
روشەن سىڭدۈرگەن. بىئاترىس ئەدەبىيات - سەنئەت-
نى قايتا گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىكى ئىتالىيە شائىرى
دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» ناملىق ئەسىرىد-
كى خىيالىي مەشۇقى بولۇپ، روسېتتى ئۆزىنىڭ بۇ
ئەسىرىدە شائىرانە تۇيغۇ بىلەن چۈشىسمان بىر
خىل مەنزىرىنى ياراتقان. رەسىمدىكى بىئاترىس
مەستخۇش ھالەتتە ئەرزائىلنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كې-
تىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، قىزىل كەپتەر ئەپيۇنگۈل-
نى چىشلىگىنىچە ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.
ئۆزگىچە تەڭشەلگەن رەڭ بۇ رەسىمگە بىر قەۋەت
سىرلىق تۈس ئاتا قىلغان بولۇپ، ئارقا مەنزىرىدە
سۈس سىزىلغان مۇھەببەت ئىلاھى بىلەن دانتى بىر -
بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى
قۇياش سائىتىنىڭ ئىسترېلكىسى روسېتتىنىڭ
ئامراق رەپىقىسى ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقىتقا توغرىلى-
نىپ مەڭگۈلۈك توختاپ قالغان. روسېتتى بۇ ئەسە-
رىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى رومانتىك شائىرلارغا خاس
پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق ئۆزگىچە
سىمۋولىستىك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ھاياتلىقتىكى
قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئۆلۈم تېمىسىنى ناھايىتى
ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن.

شىدال ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جېنىنى
ئىسمىلىك بىر ئايال روسېتتىنىڭ ئامراق مودېلى
بولۇپ قالغان. لېكىن، جېنىنىنىڭ ساغلام بەدىنى
ۋە گۈزەل رۇخسارى ئۇنىڭغا ئۆلۈپ كەتكەن رەپىقى-
سىنى ئۇنتۇلدۇرالمىغان، ئۇ ياراتقان بارلىق ئايال
ئوبرازلارغا ئۇنىڭ رەپىقىسىگە بولغان سېغىنىش
ھېسسىياتى سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ئېيتىشلارغا قارى-
غاندا، روسېتتىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى تولىمۇ
چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆتكەن. روسېتتى ئالەمدىن ئۆ-
تۈشتىن بۇرۇن «كۈندۈزدىكى چۈش» ناملىق ئەسەر-
نى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئامراق رەپىقىسىگە
بولغان سېغىنىش تۇيغۇسىنى نەپىس ۋە ئېستې-
تىك ئوبراز ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم نامايان
قىلغان. «كۈندۈزدىكى چۈش» ناملىق بۇ رەسىمدى-
كى ئايال روسېتتىنىڭ كېيىنكى ئاشنىسى جېين
مورىسقا تەقلىد قىلىپ سىزىلغان، ئۇنىڭ چىرايى-
دىكى قايغۇلۇق تۈس روسېتتىنىڭ شۇنىڭدىن بۇرۇن
ئىجاد قىلغان «ھاملىدىن بېشارەت» ناملىق ئەسە-
رىدىكى مارىئانانىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن قايغۇ -
ھەسرەتتىن قىلچە قېلىشمايدۇ.

«كۈندۈزدىكى چۈش» ناملىق رەسىم شۇ ناملىق

شېئىر بىلەن بىللە «ئۆلمەس ئەسەر» دەپ قارالغان. روسېتى ئۇ شېئىردا مۇنداق يازغان:

«... چۈش دەرىخى تاشلاپ تۇرغان سايە ئاستىدا،/ كەچ كۆز قوينى يېڭى چۈشكە بېرىدۇ ھايات./ لېكىن، پەقەت كۈندۈزدىكى ئايال چۈشىلا/ چىن قەلبىدىن ئۆرلەپ چىقىپ قاقىدۇ قانات./ قارا، ئۇنىڭ نەزىرىگە، كۆكتىنمۇ چەكسىز،/ چۈش كۆرىدۇ توختىماستىن شۇنداق ئىگاھتا./ داۋاملىشار بۇ چۈش تاكى ئۇنتۇلغان بىر گۈل/ چۈشكەن قەدەر قولىدىكى نامسىز كىتابقا ...»

روسېتى «كۈندۈزدىكى چۈش» ناملىق بۇ رەسىمدە مورىسنى كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا ئولتۇرغۇزغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۈندۈزدىكى چۈشكە غەرق بولغان بىر خىل قايغۇلۇق ھالەت چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەرەخ شېخىنى تۇتۇۋالغان ئوڭ قولى بىلەن تىزى ئۈستىدىكى سول قولى تولىمۇ ھالسىز كۆرۈنىدۇ. قولىدىكى گۈل سولىشىپ قالغان، بۇ ئۇ ئايالنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغانلىقىدىن، شۇنداقلا داۋاملىق ئولتۇرىدىغانلىقىدىن، كۈندۈزدىكى چۈش قوينىدىن مەڭگۈ ئويغانمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. رەسىمدىكى ھەممە نەرسىگە قايغۇلۇق رەڭ بېرىلگەن، كىشىنى دەماللىققا گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. رەسىمدىن مۇئەييەن ئاڭغا ئىگە شەيئى ئارقىلىق ئايالنىڭ چۈشكە غەرق بولغان ھالىتى ئېچىپ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئايال تىزىدىكى كىتاب بىلەن گۈلنىمۇ ئۇنتۇغۇدەك ھالەتتە چۈش كۆرۈۋاتقان سىياقتا سىزىلىدۇ. ئايالنىڭ ئالقىنىدىكى يوپۇرماقلار، كىيىمىدىكى پۈرلەشكەن ئىزلار ۋە ئەتراپىدىكى دەرەخ شاخلىرى رەسىمنىڭ ئومۇمىي تەسىرچانلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان، ئەسەردىكى تولۇپ ـ تاشقان تەسەۋۋۇر كۈچىمۇ ئادەمنى ناھايىتى قايىل قىلىدۇ. رەسىمدە مۇھەببەتنىڭ شېرىنلىكىدىن قىلچە ئەسەر يوق بولۇپ، قايغۇلۇق كەيپىياتلا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئايالنىڭ مۆڭلانغان چىرايى گويا رەسسامنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زىددىيەتنى ـــ ئۇنىڭدا سېغىنىش ۋە ھەسرەتتىن باشقا ھېچنېمە يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىۋاتقاندەكلا كۆرۈنىدۇ. دېمەك، رەسىمدىكى ئايالنى دەل رەسسامنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئەينەن كۆرۈنۈشى دېيىشكە بولىدۇ.

روسېتىدىكى شائىرانە خاراكتېر ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتا ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەشكە ئەمەس، بەلكى بىر خىل روھىي تۇيغۇنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان سىمۋولىستىك ئۇسلۇبنى قوللىنىشىنى بەلگىلىگەن. سىمۋولىزم رېئالىزم بىلەن تەسىراتچىلىق ئېقىمى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ئۇسلۇب بولۇش سۈپىتى بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كەڭ ئومۇملاشقان. سىمۋولىزم ئەنگلىيەدە 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئاندىن ھەقىقىي پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادچىسى يەنىلا روسېتىدۇر. روسېتى ئۆز ئەسەرلىرىدىكى ئەنە شۇنداق قايغۇلۇق تەسۋىرلەر ئارقىلىق سىمۋولىزم ئېقىمىدىكى رەسساملارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

رافائىلدىن ئىلگىرىكى ئۇسلۇبنى قوللىغۇچىلار جەمئىيىتى 1848 ـ يىلى 9 ـ ئايدا روسېتى، خونتېر ۋە مىللېرلارنى يادرو قىلىپ قۇرۇلغان. ئۇلار رافائىلدىن ئىلگىرىكى رەسسامچىلىق ئۇسلۇبىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۇلار دەسلەپتە دىنىي ۋە ئەدەبىي تېمىلار ئارىسىدا رەسىم سىزغان بولسىمۇ، لېكىن ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە رېئال سىزمىچىلىق ئۇسلۇبىنى قوللانغان.

بۇ جەمئىيەت 1853 ـ يىلى تارقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەزالىرى زىچ ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن.



بۇ خونتېر، مىللېر ۋە روسېتىنىڭ 1865 ـ يىلى بىللە چۈشكەن سۈرىتى، ئوڭ تەرەپتىكى روسېتى.

(خەنزۇچە «ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن)



# تېھراندىن ئايرىلغان كۈنلەردە

—— ئىران خانىشىنىڭ ئەسلىمىسى

فاراخ پەھلىۋى (ئىران)

ئۈيغۇن ئابدۇۋەلى تەرجىمىسى

ئۇنىڭ ھېكايىسى بەئەينى چۆچەك تۈسىنى ئالغان. فاراخ دىبە يىگىرمە بىر يېشىدا ئىران پادىشاھى مۇھەممەد رىزال پەھلىۋىگە ياتلىق بولدى، دۇنيا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭ ئىران خانىشى بولغانلىقىنى بەس - بەستە خەۋەر قىلىشتى، ئۇ بىر كېچىدىلا خەلقئارادىكى داڭلىق شەخسكە ئايلاندى. گەرچە، شۇ چاغدا دۆلەت ئىچىدە ئېغىر بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خانىش بولغان دەسلەپكى يىللاردا، ئۇ بەختلىك ياشىدى، تۆت پەرزەنتلىك بولدى ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى.

يىگىرمە يىلدىن كېيىن، بۇ چۆچەكلەرچە ھېكايە قاباھەتلىك چۈشكە ئايلاندى، نامايىش ۋە توپىلاڭ دەستىدىن دۆلەت ئىچى داۋالغۇش ئىچىدە قالدى. قان تۆكۈلىدىغان توقۇنۇشلار يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، فاراخ بىلەن پادىشاھ ئىراندىن كېتىشنى توغرا تاپتى. ئاشۇ سەرسانلىق كۈنلەردە پادىشاھ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، ئۇ دۆلىتىنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيتتى. ئۇلار ماراكەش، باھاما، مېكسىكا ۋە پانامادا پاناھلىق تىلىدى، يەنە تېخى نيۇروكتىكى بىر دوختۇرخانىدا دالدىلاندى، پادىشاھ ئۇ يەردە داۋالاندى. ئاخىر مىسىر زۇڭتۇڭى ئەنۋەر سادات ئۇلارنىڭ مىسىردا تۇرۇپ قېلىشىغا قوشۇلدى. ئون سەككىز ئايدىن كېيىن، بۇ زۇڭتۇڭ دىنىي رادىكاللار تەرىپىدىن قەستكە ئۇچراپ قازا قىلدى ...

بىز جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنى تېھراندىن ئايرىلدۇق. 1979 - يىلى 16 - يانۋار بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ئاسۋان ئايرودرومىغا قونغاندا پۈتۈن شەھەر دوستلۇق كەيپىياتىغا تولغان، باھار كەبى ئىللىقلىققا چۆمگەنىدى. مىسىر زۇڭتۇڭى سادات بىلەن رەپىقىسى ۋە قىزى ئالدىمىزغا چىقتى. ئۇلار ھالىمىزنىڭ خارابلىقىنى بىلگەچكە، بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. لېكىن، ئۇلار پادىشاھنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئېرىم ئايروپىلاننىڭ پەلەمپىيىدىن ئاستا مېڭىپ چۈشكەندە، سادات زۇڭتۇڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى قۇچاقلىدى. «خاتىرجەم دەم ئېلىڭ، —— دېدى ئۇ، —— بۇ يەر سىزنىڭ دۆلىتىڭىز، بىز سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز ھەم خەلقىڭىز.» پادىشاھقا ھاردۇق يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئىككىيلەن خېلى بىرھازا بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىشتى. بۇ چاغدا، جاھان سادات ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن مېنى سۆيۈپ، قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، قىزى جاھانمۇ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مەن ئىختىيارسىز نەچچە ئايلىق جىددىي ھەم پاراكەندىچىلىك بىلەن تولغان تۇرمۇشنى تۈگىتىپ، ھەقىقىي ئائىلە ئىللىقلىقىغا قايتقاندەك بولۇپ قالدىم.

ئېرىم بىلەن ئەنۋەر سادات 70 - يىللاردىلا دوستلۇق ئورناتقانىدى. شۇ چاغدا سادات زۇڭتۇڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلارنىڭ تاشقى سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا باشلىغان ھەمدە «داۋىد لاگېرى كېلىشىمى» ئىمزالىغانىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن، يەنى 1977 - يىلى سېنتەبىردە، سادات

زوڭتوڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېرۇسالېمنى زىيارەت قىلغانىدى، بۇ قېتىملىق زىيارەت تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالغانىدى. پادىشاھ ئەرەب دۇنياسى بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى زورۇر دەپ بىلەتتى، شۇڭا پۈتكۈل 70 ـ يىللاردا سادات زوڭتوڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. 1975 ـ يىلى باھاردا، ئۇ ئىسرائىلىيىگە ۋەزخانلىق قىلىپ، ئۇلارنى سىناي يېرىم ئارىلىدىكى نېفىت قۇدۇقلىرىنى مىسىرغا قايتۇرۇپ بېرىشكە قايىل قىلدى، يەنە مىسىرغا كۆپ قېتىم زور مىقداردا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، تەرەققىياتىنى قوللىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى سۈۋەيش قانىلىنىڭ قايتىدىن ئېچىلىشى ئىدى. ئوغلىمىز رىزال قانالنىڭ قايتا ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقانىدى. مەن بولسام رەسمىي ئۇچرىشىشتا جاھان سادات بىلەن تونۇشقانىدىم، كېيىن بىز رەسمىي پائالىيەتلەرنىڭ سىرتىدىكى سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بىزنى ئاسۋانغا كېلىشكە تەكلىپ قىلغانمۇ ئۇ ئىدى. «كېلىڭلار، فاراخ، ــــ دېگەنىدى ئۇ چىن كۆڭلىدىن، ــــ بىز سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭلارنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتىمىز.» ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن مېھرىبانلىق، سەمىمىي دوستلۇق چىقىپ تۇراتتى.

سادات زوڭتوڭ تولىمۇ ئىنچىكە كىشى ئىدى، ئۇ بىزنى رەسمىي زىيارەت قىلىپ كەلگەندەك ئورۇنلاشتۇرغانىدى، شۇڭا بارغانلا يېرىمىزدە بىزنى نۇرغۇن ئاممىا قارشى ئېلىشقا چىقتى. خۇددى ئۆتكەن قېتىم زىيارەتكە كەلگىنىمىزدىكىدەك، ھەممىلا يەردە ئىران بىلەن مىسىرنىڭ دۆلەت بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇرغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە سادات ئائىلىسىدىكىلەر بىزگە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى بەردى.

بىز نەگىمۇ بارارمىز؟ ئاسۋاندا قانچىلىك تۇرارمىز؟ سادات زوڭتوڭ بىزگە تاكى ۋەزىيەت ئوڭشالغۇچە مىسىردا تۇرۇشنى ئېيتىۋاتىدۇ، لېكىن مىسىردىمۇ ئەسەبىي دىن تەرىقەتچىلىرى بار، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرساق سادات زوڭتوڭغىمۇ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىمىز. مېنىڭ ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيىگە بارغۇم يوق؛ ئىران خەلقىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلالىشىمۇ تەس، يەنە كېلىپ ئامېرىكىدا نامايىشچىلارغا يولۇقۇشىمىز تۇرغان گەپ. ئۇلارنىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرىنى ئەمدى كۆتۈرگۈچىلىكىمىز قالمىدى. بۇ يەردە ھېچبولمىغاندا مىسىر خەلقى بىزنى دوستى قاتارىدا قارشى ئېلىۋاتىدۇ، دېمەك بۇ يەردە قېلىش ئەڭ ئاقىلانىلىك بولسا كېرەك. شۇ كۈنى كېچە تۈن يېرىمىدا خاتىرەمگە مۇنۇ قۇرلارنى يېزىپ قالدۇردۇم: «نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە، بىزدە يا كۈنتەرتىپ يوق، يا نەگە بېرىشىمىزنى بىلمەيمىز، قاچانغىچە مۇشۇنداق سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرەرمىز، بىر ئايمۇ؟ ئىككى ئايمۇ؟ ئىرانغا قايتمىساق، ئەمدى نەگە بېرىشىمىز كېرەك؟ باللار نېمە بولۇپ كېتەر ـ ھە؟»

شۇ چاغدا، تۆت بالىمىز ئامېرىكىدا ئىدى. بالىلارنىڭ كىچىكى لېيرا بىلەن ئەلى رىزال 15 ـ يانۋار، يەنى بىزدىن بىر كۈن ئاۋۋال يولغا چىققانىدى. ئۇلار 130 ـ C تىپلىق ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانىغا ئولتۇرغانىدى، ئۇلارغا ئاپام، لېيرانىڭ ئوقۇتقۇچىسى گېرلوك خانقىز ۋە پولكوۋنىك ھۆسەيىن ھەملاز ھەمراھ ئىدى. بۇ يولۇچىلار ئايروپىلانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇچقۇچىلار بولمىسىگە، ئۇچقۇچىلارنىڭ كەينىدىكى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. 130 ــــ C تىپلىق ئايروپىلانغا نىسبەتەن بۇ تولىمۇ ئۇزۇن سەپەر ئىدى. ئۇلار ئاۋۋال مادرىدتا قونۇپتۇ، ئۇچقۇچى ئايرودرومدىن يېمەكلىك سېتىۋاپتۇ، ئاندىن ئۇلار نيۇيوركقا ئۇچۇپ بېرىپتۇ، ئۇ يەردىن ماشىنىلىق تېكساس شتاتىدىكى لۇببوكقا بېرىپتۇ. چوڭ ئوغلىمىز رىزالنىڭ ئۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقىنىغا نەچچە ئاي بولغانىدى. ئۇ بىر كۇرەشچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشقانىدى. چوڭ قىزىمىز فاراخنازمۇ نەچچە ئاي بۇرۇن لۇببوكقا كېلىپ رىزال بىلەن مىلاد بايرىمى دەم ئېلىشىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇلار بىزنىڭ تېھراندىن ئايرىلغانلىق خەۋىرىمىزنى ئاڭلىغان چېغىدا، ئىراننىڭ باش ئەلچىسى بىلەن ھاۋايدا ئىكەن. ئۇلار دەرھال لۇببوكقا قايتىپ لېيرا بىلەن ئەلى رىزالنى كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىنى مۇخبىرلار، فوتوگرافلار، ئوپېرا

تورلار قورشىۋالغانىكەن، ئامېرىكا دائىرىلىرى نامايىش يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، تۆت بالىنى ۋاقىتلىق رىزال مەشىق قىلىنىۋاتقان ھەربىي بازىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

مىسىر دائىرىلىرى بىزنى نىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالغا جايلاشقان ئوبلوي مېھمانسارىيىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەردە ھېچبولمىغاندا باللار بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ تۇرالايتتۇق. بىز ئۇلاردىن ئەنسىرەپلا تۇراتتۇق، ئۇلار بولسا قەيسەرلىك بىلەن بىزگە تەسەللى بېرەتتى. يېشى چوڭ ئىككى بالىمىز بىزدىن ئەنسىرەيتتى، «بۇ يەرگە كەلمەڭلار، — دەيتتى فاراخناز ھە دېسىلا، — بۇ يەر بىخەتەر ئەمەس.» پادىشاھ ئۆمۈر بويى تىنىم تاپماي ئىشلەپ كەلگەن، مانا ئەمدى زۇۋان سۈرمەي، چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بىزنى يوقلاپ كەلگەن ئاز ساندىكى مېھمانلارغا (ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى گېراد فورتمۇ بار) ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا: «بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن بىرلا سوئالنى قوياتتى. گرېتسىيە پادىشاھى كونستانتىن بىلەن خانىش ئاننېي مارىمۇ بىزنى يوقلاپ كەلدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەممىي دوستلۇقى بىلەن تەسەللىسىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. مەن بولسام ئايروپىلاندا باشلىنىۋەتكەن يېزىقچىلىق خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتىم، خەت يازاتتىم، پۈتۈن دۇنيادىكى بىزگە ياردەم قىلىشنى خالايدىغان خەلقلەرگە چاقىرىق قىلاتتىم.

1979 ـ يىلى 22 ـ يانۋار، مىسىرغا كېلىپ ئالتە كۈندىن كېيىن بىز يەنە ئايروپىلانلىق ماراكەشكە باردۇق، ماراكەش پادىشاھى ھەسەن II نىڭ تەكلىپى ئىبرىمنى سەل يەڭگىللەتكەندەك بولدى، چۈنكى ئۇ سادات زۇڭتۇڭنىڭ مېھماندارچىلىقىغا داخىل بولۇپ تۇرىۋېرىشنى بىئەپ كۆرگەنىدى.

پادىشاھ ھەسەن II ، شۇنىڭدەك خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان دوستانە باردى ـ كەلدىمىز بار ئىدى. رەسمىي زىيارەتلەردىن سىرت، بىز ئالاۋىيياھ خانلىقىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىچكى دېڭىزدا بىز بىلەن بىرگە دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇراتتۇق، بالىلىرىمىزمۇ ئۇلار بىلەن ئوبدان چىقىشاتتى. پادىشاھ ھەسەننىڭ غەمخورلۇقىنىمۇ مۇشۇ خىل مۇناسىۋەتتىن كەلگەن دېيىشكە بولاتتى. رەپىقىسى راج لەتىفەمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماراكەش ئايرودرومىغا چىقىپتۇ (ماراكەشتە بۇنداق ئادەت يوق ئىدى). ئۇلار بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ناھايىتى چىرايلىق بىر زامانىۋى داچىغا ئورۇنلاشتۇردى، داچا ئاتلاس تېغىغا تۇتىشىدىغان جايدىكى بىر بوستانلىقتا جايلاشقانىدى. پادىشاھ ھەسەننىڭ ئاپىسى، ئىككى ھەدىسى ۋە بىر ئىنىسى داچىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. داچىدىكى ھۇجرا دېرىزىسىدىن پالما، ئاپېلسىن ۋە زەيتۇن دەرىخى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، يىراقتىكى تاغ چوققىلىرى ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەنىدى. بۇ خىل تىنچ مۇھىت ئىبرىمگە ماس كېلەتتى، بۇ قېتىمقى ئىشلار ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن يەنە بىر قېتىم ئاجىزلاشتۇرغانىدى؛ گەرچە يېقىندا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئېغىر يۈك بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مېنى خۇشال قىلغىنى، ئۇ ھەرنېمە دېگەنبىلەن كېچىسى ئۇخلىيالايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بىز ئىمكانقەدەر ھازىرقى خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشىمىز كېرەك، تېت ـ تىتلىق ئالدىدا تىز چۆكدىكەنمىز، ئۇ چاغدا ئۇ خىل كەيپىيات ئىنىقكى بىزنى تۈگەشتۈرۈۋېتەتتى.

مەن يەنە ئىراندىكىلەرگە خەت يېزىشنى ۋە تېلېفون بېرىشنى باشلىۋەتتىم. بەختىيار ھۆكۈمىتى ھازىر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ پۇقرالار نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ نامايىش يەنە داۋاملىشىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇلار ھازىر پادىشاھقا قانداق كۆزقاراشتىدۇ؟ بىر كۈنى، مەن بىرلىرىنىڭ تېھراندا كەڭ كۆلەملىك كونستىتۇتسىيونالىزمچىلار نامايىشى تەشكىللىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇ خەۋەر ماڭا ئۈمىد بېغىشلىدى، ئىبرىمگە ئېيتقىنىمدا، ئۇ سوغۇقلا كۈلۈپ قويدى. ئۇ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ ئۇ ئىرانغا قايتىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ھەمدە ۋەزىيەتنى مۇقىم ھەم تىنچ ئىرانغا رەھبەرلىك قىلىپ 20 ـ ئەسىرنى بېسىپ ئۆتۈشنى ئويلىغانمىدۇ؟ سادات زۇڭتۇڭ كۆرەشچى ئايروپىلانلىرىمىزنى مىسىرغا ئېلىپ كېلىش تەكلىپىنى بەرگەندە، ئۇ قەتئىي رەت قىلىپ: «بۇ ھاۋا ئارمىيىسى ئىرانغا مەنسۇپ» دېگەنىدى. ئېنىقكى، ئۇ قورال

كۆچىگە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى قايتا قولغا ئېلىشنى خالىمايتتى. ئۇ پەقەت ئۆز پرىنسىپىدا چىڭ تۇرماقچى، يەنە داۋاملىق كۈتمەكچى، خەلقنىڭ ئۇنى دۆلەتكە قايتىشقا چاقىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

كىشىلەر ھازىر ھە دېسىلا پات يېقىندا ئىرانغا قايتىدىغان ئايەتۇللاھ ھۆمەينى توغرىسىدىلا گەپ - سۆز قىلىشىۋاتاتتى. بىزگە ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بىر ئوفىتسېر ھۆمەينى ئولتۇرغان ئايروپىلان تېھرانغا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەندە، ئىبرىم بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلغانىدى. بۇ تەكلىپ بىرىنچى قېتىم بېرىلىۋاتقان ئەمەس، بىز تېھراندىكى چېغىمىزدىلا بىرلىرى پادىشاھقا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لايىھىلەرنى سۇنغان، شۇ چاغدىلا ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلىۋەتكەنىدى.

1 - فېۋرال بىز رادىئودىن بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب «داھىيسى»نىڭ تېھرانغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. مەن دەرھال ئىراندىكى بەزىبىر كىشىلەرگە تېلېفون قىلماقچى بولدۇم، لېكىن پادىشاھ ھەسەن مېنى بۇ ئويۇمدىن توسۇپ، ھېچقانداق ئىنكاستا بولماي، ئىككى كۈن كۈتۈپ بېقىشنى ئېيتتى. بۇ ئىككى كۈن مەن ئۈچۈن تولىمۇ تەستە ئۆتتى. ئىبرىم باش ۋەزىرنىڭ يەنىلا ئۆز ئورنىدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا، يەنە كېلىپ ئارمىيىنىڭ يەنىلا ئاساسىي قانۇنلۇق ھۆكۈمەتكە سادىق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. ئۇنداقتا، ئايەتۇللاھ ھۆمەينى پەقەت مەنىۋى داھىي بولۇشقىلا قانائەت قىلارمۇ؟ ئۇنداق ئەمەسلىكى ناھايىتى تېزلا ئايان بولدى، ئۇ بەختىيار ھۆكۈمىتىنىڭ يارىشىش تەكلىپىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. بۇ دىنىي زات ئۆز ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى ھەمدە بەختىيارنىڭ ئىلگىرىكى سەپدىشى پازىلخاننى ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. مەزكۇر ھۆكۈمەتنى قوللاش نامايىشى، يەنى تۇنجى ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ نامايىشى «7 - فېۋرال» باشلاندى. لېكىن «11 - فېۋرال» توپىلاڭچىلار ھەربىي گازارمىلارغا بېسىپ كىرىپ قورال - ياراغلارنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ئەسكەرلەر بولسا بىر يىللىق كەسكىن سىناقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سەۋەب كۆرسىتىپ تېكىۋېتىدىغان بولۇشۇپتۇ. ئەتىسى ئارمىيىنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئابدۇل ئەلى بادراي بىلەن گارنىزون قىسىملىرىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى مايور گېنېرال ئەمىن بەكرى ئەلى ئۆزلىرىنىڭ باش شتابىدا ئېتىپ تاشلىنىپتۇ. ۋەزىيەتنىڭ تىزگىنسىز قالغانلىقىنى كۆرگەن بەختىيار فرانسىيىگە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇ قەيسەر ئىرادە بىلەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە قارشى ئون يىل كۈرەش قىلدى. ئاخىر 1991 - يىلى 6 - ئاۋغۇست قەستكە ئۇچراپ قازا قىلدى.

11 - فېۋرال، پادىشاھ بىلەن بىزگە ئەگىشىپ يۈرگەن ئىرانلىقلار ماراكەشتىكى داچىدا ئىران رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى. چوڭ زالدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، «ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى، مۇستەبىتلەرنىڭ قورغىنى غۇلاپ چۈشتى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم. بىز غەلىبە قىلغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، ماڭا نىسبەتەن بىز ئادالەت تەرەپتە، ئۇلار بولسا تېررورچىلارنىڭ قورغىنى ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلار غەلىبە قىلغانىدى. ئۇلار ئىبرىم بېكىتكەن ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋەتكەنىدى.

كوچىلاردا ئوفىتسېرلارنىڭ قەتلى قىلىنغانلىقىغا، شۇنىڭدەك دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقانلىقىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى خەۋەرلەر كەينى - كەينىدىن يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئىش پادىشاھقا قاتتىق زەربە بولدى. ئۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن زۇۋان سۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى. كەچتە بىر يېقىن دوستۇمغا تېلېفون قىلدىم، ئۇنىڭ ئېرى — ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى نادىر جاھانبانى ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. دوستۇم ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىرەر گەپ تېپىپ تەسەللىي بەرگۈم بولسىمۇ، لېكىن لايىقىدا گەپ تاپالمىدىم، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. شۇ كېچىسى ئۈمىدسىزلىنىپ روھىم چۈشۈپلا كەتتى. خاتىرەمگە مۇنۇلارنى

يازدىم: مەندە داۋاملىق كۆرەش قىلغۇدەك مادار قالمىدى. مەن ۋەتەن ئۈچۈن شەرەپلىك هالدا ئۆلۈپ كېتىشنى خالايمەنكى، هەرگىزمۇ خورلۇق تارتىپ، روهىي چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايمەن. ئېھ خۇدا، تىلەكلىرىمنى ئاڭلىغان بولساڭ، ماڭا كۈچ - مەدەت ئاتا قىلغايسەن!»

پادىشاھ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى، بىزنىڭ ئەمدى ئىرانغا قايتىشىمىزدا هېچقانداق ئۈمىد قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ بىزنى تېهراندىن ماراكەشكە ئېلىپ كەلگەن بوئېين 707 تىپلىق ئايروپىلان گورۇپپىسىدىكى هەربىي خادىملارنى چاقىرتىپ كىرىپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى، يەنە دۆلەتكە قايتىشنى ئويلىغان بىر قىسىم بىخەتەرلىك قوغداش خادىملىرىنىمۇ تارقىتىۋەتتى. ئۇ بۇ ئايروپىلاننى ئىرانغا قايتۇرماقچىدى، يەنە كېلىپ، بىزگە ئەگىشىپ كەلگەن بۇ خادىملارنىڭ تولىسىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى دۆلەت ئىچىدە قالغانىدى. «بىز قاچان قايتىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز، — دېدى ئۇ ئۇلارغا، — لېكىن ئەمدى سىلەرنىڭ ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتىڭلار بولدى، ناۋادا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاۋارىچىلىككە يولۇقساڭلار، پېشانىمىزگە تاپانچا تەڭلىنىپ مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىلدۇق، دەڭلار.» ئۇ بىزگە ئەگىشىپ كەلگەن باشقا خادىملارغىمۇ شۇ گەپنى قىلدى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا بەزىلەر ئىرانغا قايتماقچى، بەزىلەر ياۋروپاغا ياكى ئامېرىكىغا پاناهلىق تىلەپ بارماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇلار تېهرانغا قايتىپ بارغاندا، هېلىمۇ ياخشى ئايروپىلان خادىملىرى بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك قىيىن - قىستاققا ئېلىنماپتۇ.

بىرنەچچە قېتىملىق سىمۋوللۇق تۈسىنى ئالغان تەقلىدىي قەتلى قىلىشلاردىن كېيىن، ئىران دۆلەت ئىچىدە يەڭگىللىك بىلەنلا قەتلى قىلىش قېتىم سانى بارا - بارا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بەزىلەر بىزنىڭ ئىرانغا قايتىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلغىلى تۇردى، ئۇلار پادىشاھنى «سوتلىماقچى» ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ماراكەشتە قانداقمۇ داۋاملىق تۇرالايمىز؟ 14 - فېۋرال بىز ئامېرىكىنىڭ ئىراندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى ئىنقىلاب هىمايىچىلىرى قورشىۋالغانلىقىنى، هەتتا بىرنەچچە سائەت ئىشغال قىلىنغانلىقىنى، بۇ ۋەقە تاكى پازىلخان ئۇلارنى توختاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ، بىزنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان دۆلەتنى تېپىشنىڭ تەسلىشىپ بارىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى، بالىلىرىمىز تېخى ئامېرىكىدا، ئۇ يەر بىزنى داۋاملىق قارشى ئالامدۇ - يوق؟ ئەمدى قايسى دۆلەت بىزنى قوبۇل قىلار؟ ئەگەر، ئىران يېڭى هۆكۈمىتى ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ تېهران قاتارلىق جايلاردىكى پۇقرالىرىغا تەهدىت سالىدىغان بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟

پادىشاھ كۈن بويى گېزىت كۆرەتتى، رادىئو ئاڭلايتتى، باشقىلار بىلەن كۆرۈشەتتى. ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا، ئۇ كەلگۈسىمىز توغرۇلۇق پاراڭلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزدىن قورقۇنچىمىزنى يوشۇراتتۇق، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز ئارا تەسەللىي بېرىشەتتۇق، مەن ئۇنىڭ جاسارىتىدىن شۇنچىلىك تەسىرلەنگەنىدىم. ئۇ كېسەل ۋە بىر قاتار پاجىئەلەرنىڭ ئازابىدا جۇدەپ كەتتى، روهىمۇ سولغۇن ئىدى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ ئاغرىنمايتتى. بىز بىرگە چاغلاردا، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئۇنى نە قەدەر سۆيىدىغانلىقىمنى سېزەتتىم، ئۇنىڭ ئازاب ئىچىدە قىينالغانلىرىنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم نەشتەر سانجىغاندەك ئېچىشاتتى. بىز يىگىرمە يىل بىرگە ياشىدۇق، هالا بۇ يىگىرمە يىل بوران - چاپقۇنغا تولغانىدى. تەقدىر تانىسى بىزنى بۇ قېتىممۇ مەهكەم بىرگە باغلىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بىزنى دۈچ كېلىۋاتقان قاتتىق سىناقلارغا ئورتاق يۈزلەنسۇن دېگەن گەپ. مەن ئۆزۈمگە: «فەرىخە، سەن يېڭى تۇرمۇشنى قوبۇل قىل» دېدىم هەم شۇنداق قارارغا كەلدىم: نېمىلا ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، مەن مۇستەهكەم هالدا بۇ ئەرنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، بارلىق كۈچ - قۇدرىتىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلايمەن، چۈنكى ئۇنىڭ سۆيگۈ - مۇهەببىتى مەن ئۈچۈن بەكمۇ قەدىرلىك.

ئاشۇ مۇشەققەتلىك كۈنلەردە ئۇ ئىتالىيىنىڭ سابىق پادىشاھى ئۇمبېرتو بىلەن پارىژ كىنەزىنىڭ

ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. نارسون لوككىيفىللىر كېلىش پىلانىنى تۈزۈپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن يولغا چىقىشتىن نەچچە كۈن بۇرۇن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

يېڭى يىلىمىز هارپىسىدا بالىلارنىڭ ماراكەشكە يېتىپ كېلىشى بىزگە ئويلىمىغان خۇشاللىق ئاتا قىلدى. بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزمۇ ئاجايىپ پەيتكە دۇچ كەلدى: ماراكەش ئايرودرومىغا كېتىۋاتقىنىمىزدا، قوغدىغۇچىلىرىمىز كېچىكىپ قېلىپ، بالىلار بىلەن يېرىم يولدا ئۇچراشتۇق، ماشىنىلار توختىدى، بالىلار بىلەن يول ئوتتۇرىسىدىلا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق، ياشقا كىچىك ئىككىسى — لېرا بىلەن ئەلى رېزال ئاپام بىلەن ئىككى ئاي بۇرۇن تېهراندىن ئايرىلغاندىن بۇيان، ئۇلارنى باغرىمغا بېسىپ باقمىغانىدىم، ئىككى چوڭى — رېزال بىلەن فەرىخانازنى كۆرمىگىنىمىزگە تېخىمۇ ئۇزۇن بولغانىدى.

ئارقىدىن بىز مارراكېشتىن ئايرىلىپ، راباتتىكى تولىمۇ هەيۋەتلىك بىر ئوردىغا ئورۇنلاشتۇق. پادىشاھ هەسەن II بۇ ئوردىنى بىزگە ئوقچە بەرگەنىدى. ئاشۇ بىرقانچە كۈنلۈك بەختلىك ئائىلە تۇرمۇشى بىزنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يىللىرىمىزدىكى بىر قىستۇرما كۈي بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كەيپىياتىمىزنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز مۇھىم رول ئوينىغانىدى. پادىشاھنىڭ رەڭگىرويىمۇ ئوبدانلا بولۇپ قالدى، ئۆيدىمۇ ئۇنىڭ كۈلكە ساداسى ئاڭلىنىدىغان بولدى، ئۇ هەتتا لېرا بىلەن سىرتتىكى هويلىدا ئويۇن ئوينايتتى. بىز يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش كەيپىياتى ئىچىدە فەرىخانازنىڭ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدۇق. پادىشاھ هەسەن II نىڭ بالىلىرىمۇ مۇراسىمغا قاتناشتى. بىر كۈنى كەچتە ئوغلۇم بىزگە: «جوبرونىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتى» ناملىق هېكايە فىلىمىنى قويۇپ بەردى. بۇ فىلىمنى كۆرۈپ ئېرىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، بۇنداق كۈلمىگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقانىدى.

ئەمما، بۇ بىزنىڭ كۆڭۈل غەشلىكى ۋە ئېغىر كەيپىياتتا تۇرۇۋاتقان چاغلىرىمىزدىكى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولىدىغان مىنۇتلار ئىدى.

فرانسىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالېكساندىر. د. مارانس مارراكېشتىن كېلىپ، ئېرىمگە بىزنىڭ سەۋەبىمىز تۈپەيلى ماراكەش پادىشاھىنىڭ خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئايەتۇللاھ هۇمەينى قول ئاستىدىكى ئەسەبىي كۈچلەرگە ماراكەش خان جەمەتىدىكىلەرنى گۆرۈگە تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى بىزگە تېگىشمەكچى بولغانىكەن. مارانس ئەپەندى بۇ ئەهۋالنى پادىشاھ هەسەنگە يەتكۈزگەندە، ئۇ زور جاسارەت بىلەن: «بۇ ناهايىتى نومۇسسىز قىلمىش، لېكىن بۇ مېنى قارارىمدىن ياندۇرالمايدۇ. مەن هاياتىدىكى ئەڭ ئازابلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئادەمنى رەت قىلالمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئەهۋال بىزنى باشقا بىر پاناھ جاي تېپىشقا مەجبۇر قىلدى. فرانسىيە پېشىنى قېقىۋەتتى، مارانس ئەپەندىنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، فرانسىيە بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلالمايدىكەن. شۋېتسارىيىنىڭ ئەهۋالىمۇ شۇنداق بولدى، لېكىن شۋېتسارىيە كەلگۈسىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى، موناكو كىنەزلىكىنى ئېلىپ ئېيتسام، چوڭ ئوغلىمىز هازىر شۇ يەردە ئىدى، موناكو ئەسلىدە بىزنى قوبۇل قىلماقچى بولغان، لېكىن كېيىن فرانسىيىنىڭ بېسىمىدا يالتىيىپ قالغانىدى. ئامېرىكا بولسا: «كېيىنچىرەك قوبۇل قىلىمىز!» دېگەن جاۋابتا بولدى. سەرسانلىق تۇرمۇشىمىز ئەمدىلا باشلانغان چاغدا، ئەنگلىيىدىن ساچېر خانىم ناۋادا سايلامدا غەلىبە قىلسا، بىزنى قوبۇل قىلىدىغانلىق خەۋىرىنى بەرگەنىدى. كېيىن بىز باخامادىكى چېغىمىزدا، ساچېر خانىم ئەنگلىيىگە باش ۋەزىر بولۇپ سايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى. ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سېر كارىنگتون بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىراندا تۇرۇشلۇق سابىق ئەلچىسى ئانتونى پارسونس بىزگە، ساچېر خانىمغا بېسىم ئېغىر، دېدى. ئەمەلىيەتتە، ساچېر خانىمنى، ئەگەر بىزنى قوبۇل قىلسا ئەنگلىيىنىڭ مەنپەئەتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ دەپ ئىشەندۇرگەنلەرمۇ دەل شۇلار ئىدى.

ئىلگىرى بىزنىڭ دۇنيادىكى كۆپ سانلىق دۆ-

لەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىمىز بار ئىدى،
ھەتتا بەزى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز
تولىمۇ قويۇق ھەم دوستانە ئىدى، لېكىن ھازىر
ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدىن يۈز ئۆرۈدى. ئاشۇ قابا-
ھەتلىك كۈنلەردە، بىزگە يېزىلغان خەت - چەكلەرلا
زور ئىلھام بولۇۋاتاتتى. بەزىلىرىنى ئىرانلىقلار
يازغان، ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ
ئىمزاسىنى قويمىغانىدى؛ بەزىلىرىنى ئىرانىي
قىزغىن سۆيىدىغان ھەمدە ئىراننىڭ ئۆتكەن يى-
گىرمە يىلدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى
كۆرۈپ يەتكەن كىشىلەر يازغانىدى. بەزى ھۆكۈمە-
رانلار ۋە دۆلەت باشلىقلىرى شەخسىي نامىدا بىزگە
خەت يازدى، بۇ خەتلەر ئىنتايىن تەسىرلىك، مېھىر-
مۇھەببەت ۋە ئىللىقلىققا تولغانىدى.

پادىشاھ ھەسەن ئۆزىنىڭ ئايروپىلانىنى بىزگە
ئىشلىتىشكە تاپشۇردى. بارىدىغان جايىنى بېكىتكەن
ھامان خالىغان چاغدا ئۇچساق بولىۋېرەتتى. شۇ
چاغدا، باھاما تاقىم ئاراللىرىنىڭ بىزنى قوبۇل قى-
لىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۇق، لېكىن ئۇ يەردە
ئۈچ ئايلا تۇرالايدىكەنمىز، بۇ تەكلىپنامىنى بىز
ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە تاپشۇرۇۋالدۇق، بۇ داۋىي روك-
كېفېللېر بىلەن ئېرىمىنىڭ دوستى ھېنرى كىس-
سىنگېرنىڭ تۆھپىسى ئىدى. بۇ ئىككىيلەن بىر-
لىشىپ باھاما تاقىم ئاراللىرى زۇڭتۇڭىنى بىزنى
ۋاقىتلىق قوبۇل قىلىشقا قايىل كەلتۈرگەنىكەن.
بىز جەننەت ئارىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق، ئۇ يەردە
ئالدىراش - تېنەش ئىچىدە بىر داچىنى تېپىپ جاي-
لىشىۋالدۇق.

1979 - يىلى 30 - مارت بىز باھامانىڭ پاي-
تەختى ناسسائۇغا ئاتلاندۇق. ئاپام، باللىرىمىزنىڭ
ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرى لۇسا پېرنىيە، پادى-
شاھنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل پولكوۋنىكلاردىن
جاھانبانى، نەسىر، مۇھەممەد ۋە ھاپىز ئاتاباي، لېرا-
نىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى گېرلوك خانقىز، يەنە پا-
دىشاھنىڭ خاس ئەر چاكىرى مۇھەممەد ئىلياس قا-
تارلىقلار بىزگە ھەمراھ بولدى.

روبېرت ئامور ئالىپتە كېيىنكەن، بىزنى ئاي-
رودرومدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىز ئۇنى تونۇيتتۇق، ئۇ
ئامېرىكا ئاممىۋى مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسى ئىدى، شۇنىڭ
بىلەن بىرگە، ئۇ نارسون لوككېفېللېرنىڭ ئىلگى-
رىكى خىزمەتدىشى بولۇپ، لوككېفېللېر 1978 -
يىلى ئۇنى تېھرانغا ئۆكتىچىلەرنىڭ تەشۋىقاتى كەل-
تۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەرنى كونترول قىلىشقا
ئەۋەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا ھەرقانداق تەشۋىقات
پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمى-
غاچقا، ئامور ئەپەندى ئېرىمىنىڭ قېشىدا بىرقانچە
كۈن تۇرۇپلا نيۇيوركقا قايتىپ كەتكەنىدى.

ئۇ يەنە ياردەمگە كەپتۇ، بۇ قېتىم ئۇ لوككې-
فېللېر جەمەتىدىكىلەر ۋە مەلىكە ئەشرەفنىڭ ھاۋا-
لىسى بىلەن كەلگەن، بىزنىڭ باھاما دائىرىلىرى
بىلەن كېلىشىم ئىمزالىشىمىزنى ئىلگىرى
سۈرۈش، شۇنىڭدەك ئەمەلىي تۇرمۇش جەھەتلەردى-
كى بىخەتەرلىكىمىز، كۈندىلىك تۇرمۇش مەسىلى-
رىمىزنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بەرمەكچىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە بىزنىڭ ئامېرىكا ھۆ-
كۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئادىمىمىز ئىدى.
ئۇ خىزمەتدىشى مارك مورس بىلەن بىرگە كەلگەنى-
كەن.

بىزگە ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلىنغان
داچىنىڭ باھاسى ئىنتايىن قىممەت ئىدى. ھازىر
بىزنىڭ ئېسىمىمىز چىققان ھامانلا ھەممە نەرسى-
نىڭ باھاسى بەش ھەسسە، ھەتتا ئون ھەسسە
ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. داچىنىڭ بىر مېھمانخانىسى
بىلەن ئىككى ھۇجرىسىلا بار بولۇپ، ھەرھالدا جاي-
لىشىۋالدۇق. ئۆي بەك كىچىك بولغاچقا، يۈك -
تاقلىرىمىز پاتمىدى، شۇڭا ئۇلارنى ھويلىغا قويۇپ،
ئۈستىنى برېزېنت بىلەن ئورىۋەتتۇق، بىزگە
ھەمراھ بولۇپ كەلگەن خادىملارنىڭ بەزىلىرى ئەت-
راپتىكى ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئالدى، بەزىلىرى مېھ-
مانسارايلارغا ئورۇنلاشتى.

باھاما يېرىم ئارىلىدا ئۆتكۈزگەن ئىككى ئاي
ئون كۈنىي ھاياتىمدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك چاغ
دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ، بىز بۇ يەرگە كېلىپ
ئۇزۇن ئۆتمەي ئامېر ئابباس خوۋېدانىڭ ئۆلتۈرۈل-
گەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ
ئازاب ھەم ئۈمىدسىزلىكتىن يۈرەك - باغرىمىز
پۇچىلىنىپ كەتتى. پادىشاھ ھويلىغا چىقىپ
ئۈنسىز ياش تۆكتى، مەن بولسام ھەسرەتتىن ئۆ

زۇمنى يوقىتىپلا قويدۇم. مەن خوۋېدانىڭ ئىنىسى، ئىراننىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق سابىق ئەلچىسى فلېتېرنى ئەپەندىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭغا نە قەدەر قايغۇرغانلىقىمىزنى ئېيتماقچى بولدۇم.

باھاما دائىرىلىرى بىزدىن ئەينى چاغدا ھېچقانداق سىياسىي پىكىر ئېلان قىلماسلىق توغرۇلۇق ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭدىنلا بىزنى قوبۇل قىلغانىدى. لېكىن، ئاشۇ خىل جىنايەت ئالدىدا بىز قانداقمۇ جىم تۇرالايمىز؟ بىز ئۇ كىشىنى سۆيىمىز، ئۇ دۆلەتكە نۇرغۇن تۆھپە قوشقان، ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەگە يولۇقتى، بۇنىڭغا بىز قانداقمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالايمىز؟ غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن يۈرەك ـ باغرىمىز زەرداب بولدى. ئىلاجسىز ئەھۋالدا، ئېرىمگە بىر كېيمنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئوچۇق دېڭىزغا بېرىپ كۆزقارىشىمىزنى بايان قىلىشنى، ئەڭ كەسكىن سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن قانخور ھۆكۈمەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى ئېيتتىم.

سۈكۈت قىلىشىمىزنىڭ ئۆزى بىر پاجىئە بولۇۋاتاتتى، ھالا «پارىژ ـــ تېپىشتۇرۇش» ژۇرنىلى بۇنى ئاز دېگەندەك يارىمىزغا تۇز سەپتى: ئامېر ئابباس خوۋېدا قازا قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ سۈرىتىنى ژۇرنالدا ئېلان قىلدى. سۈرەتتە بىرنەچچە قورallıq ئۇنسۇر ئۇنىڭ جەسىتىنى ئوراپ تۇراتتى، يەنە بىر بەتكە بولسا پادىشاھنىڭ جەننەت ئارىلىدىكى سۈرىتى بېسىلغانىدى. ئۇلار: قول ئاستىدىكىلەر ئۆلتۈرۈلۈۋاتسا، پادىشاھ بەخىرامان ياشاۋاتىدۇ، دېگەننى دارىتمىلىغانىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىپ قېلىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن تاپشۇرۇۋالغان خەتلەردىن بىرى يۈرىكىمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. بۇ خەتنى سەئىدىخە يازغان، ئۇ يېقىندا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن گېنېرال ھەسەن پاكلافانىڭ قىزى ئىدى. ئازابلانغان بۇ بىچارە ئايال ئىنتايىن غەزەپلەنگەنىدى، خېتىدە، دادىسى ئۆلتۈرۈلسە، بىزنىڭ باھاما ئارىلىدا بەخىرامان پەيز سۈرۈپ يۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى ئەيىبلىگەنىدى. كېيىن پادىشاھ ۋاپات بولۇشتىن سەل بۇرۇن، سەئىدىخە پارىژدىكى چېغىمىزدا بىزنى يوقلاپ كەلدى، ئۇنىڭ ئەپۇچان، كەڭ قورساقلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ماراكەشتىكى چېغىمىزدىن تارتىپ باللار بىزدىن ئايرىلىپ ياقمىدى. داچىدا بوش ئۆي قالمىغاچقا، بىز ئۇلارغا سىرتتىن ئۆي ئىجارىگە ئالدۇق. ئەلى رىزانىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاز قالغانىدى، مەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خۇشال كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدۇم. مەن كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالدىم ھەمدە ئۆي ئىچىنى بىرەر قۇر بېزىدىم. كۆپچىلىككە بۇ قېتىملىق مۇراسىمنى رەسمىي يوسۇندىكى يىغىلىش قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ياسىنىشنى توغرا تاپتىم. ئاپام بىزگە ياردەملىشىپ باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى، ئۇ ماشىمۇ ياردەم قىلىشنى ئويلايتتى. شۇ قېتىم ئۇ ماڭا دېگەن گېپىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان بولسا كېرەك. ئۇ مېنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا لاپەتلىك كېيىنىپ ھۇجرىدىن چىققىنىمنى كۆرۈپ، شاپاشلاپ كېلىپ پەس ئاۋازدا: «جىق كۆلمىگىن، ئۆزۈڭنى بەك خۇشالمۇ كۆرسەتمە، بولمىسا باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرمايسەن» دېدى. بۇ گەپ ماڭا بەك ئەلەم بولدى، كىچىك ئوغلۇمغا تۇغۇلغان كۈنى يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن مەن بارلىق روھىي كۈچۈمنى سەرپ قىلىۋاتاتتىم، شۇنىسى بۇنداق قىلماسلىقىم كېرەككەن، نېمىشقا ئۆز ئاپام بولغان ئادەم بۇ قاباھەتلىك كۈنلەردە مېنىڭ ئازراق خۇشاللىق تېپىشىمنىمۇ توغرا تاپمايدۇ؟ دىلىم قاتتىق ئازار يېدى، شاققىدە ئۆرۈلۈپ ھۇجرامغا كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، تىنچلاندۇرۇش دورىسىدىن بىرنى ئىچىۋالدىم. كېيىن باللار كېلىپ ئىشىكنى چەككەندە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تېشىغا چىققۇدەكمۇ ماغدۇرۇم قالمىغانىدى.

ياشاشنىڭ ئۆزى ئېغىر يۈك بولۇۋاتاتتى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە يۈرىكىم جىددىيلىك ئىچىدە سىقىلىپلا تۇراتتى. گەرچە، پادىشاھ بىر ئېغىر ئاغرىنىدىغان گەپ ـ سۆز قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابى مەندىن كەم ئەمەس ئىدى. شۇنداق تېتىك بىر ئادەمنىڭ ھازىر پېرنىيە دوختۇر بىلەن ئاپامنىڭ خەۋەر ئېلىشى ئاستىدا بۇرۇقتۇرما، زېرىكىشلىك كۈنلەرنى تەسلىكتە ئۆتكۈ-

زوۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، يۈرىكىم ھەسرەتتىن پۇچىلىناتتى. ئاغرىق ئازابى ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋاتاتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىنى تىلەيتتىم، ئۇ تەكشى نەپەس ئېلىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم، چۈنكى بۇ چاغدا مېنىڭ ئۇيقۇم قېچىپ كېتەتتى. سىرتقا چىقىپ بىرەر تال تاماكا چېكەتتىم ياكى يۈك ـ تاقلار قويۇلغان ھويلىدا ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتىم. تاڭ سۈزۈلگەندە، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگە چۈشۈپ، بار كۈچۈم بىلەن سۇ ئۈزەتتىم، بۇ ئارقىلىق قاباھەتلىك چۈشتىن خورىغان جىسمىمغا كۈچ ـ قۇدرەت توپلايتتىم. پۈت ـ قولۇمغا ماغدۇر كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تېتىك كۆرۈنسەم، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ئۇمۇ ئۆزىگە جاسارەت تاپسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلايتتىم.

مەلىكە ئەشرەف زۇڭتۇڭ كاتىقا خەت يېزىپ، پادىشاھنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئامور ئەپەندى ئۇ خەتنى ئېرىمگە كۆرسەتكەندە، ئېرىم ئۇ خەتنى ئەۋەتىشنى خالىمىدى، زۇڭتۇڭ كاتتىن بىزنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنۈپ ئۆزىمىزنى چۈشۈرۈۋالغۇمىز كەلمىدى.

ئەنە شۇ ئېچىنىشلىق كۈنلەردە، بىز خۇۋېدانىڭ جېنىغا زامىن بولغان دىنىي خادىم سادىق خەرخالىنىڭ بىزنى ئۆلۈمى ئارقىلىق ئەپۇ سورىشى كېرەك، دەپ ئېيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بىز ئاچچىقلا كۈلۈپ قويدۇق، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇن يېقىن ـ يورۇقلىرىمىزنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاۋېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆلۈمىمىزگىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدۇق. 1979 ـ يىلى يازدا، خارخالى بىر دوكلاتىدا قانائەتلەنگەن ۋە مەسخىرە قىلغان تەلەپپۇزدا: «بەزى كېچىلىرى، تۈرمىدىن چىققان يۈك ماشىنىلىرىغا ئوتتۇزدىن ئارتۇق جەسەت قاچىلانغان بولاتتى» دېگەنىدى. خارخالى بىزنى ئۆلتۈرىدىغان قاتىل ئەۋەتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى؛ ئۇ يەنە ئېرىمنى ئۆلتۈرگەنلەرگە ئون تۆت مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە بەردى ھەمدە «ناۋادا فاراخ ئۇنى (پەھلىۋى پادىشاھنى) ئۆلتۈرسە، ئۇ بۇ پۇلغا ئېرىشەلمەيدۇ دېگەن قالماي، يەنە گۇناھى كەچۈرۈم

قىلىنىدۇ، ئىرانغىمۇ قايتىپ كېلەلەيدۇ» دېگەننى قوشۇپ قويدى.

ئەنە شۇ ئۇزۇن كېچىلەردە، بەزىبىر دوستلىرىمىز بىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردى؛ ئىئوردانىيە پادىشاھى ھۇسەيىن گېنېرال ھاماسنى بىزنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ دوستلۇقى بىلەن تەسەللىسىنى يەتكۈزدى. پادىشاھ بودۇيىن بىلەن خانىش فابىئولا بىزنى يوقلاپ كەلدى. مەن بىلەن كىچىكىدىن دوست ئايالالار، ئاشۇ ئەڭ سادىق دوستلار ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي بىزنى يوقلاپ تۇردى. ئۇلار مەيلى نېمە ئىش يۈز بەرسۇن بىزنى مەڭگۈ قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى.

پادىشاھنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى بارا ـ بارا ئېغىرلىشىپ كەتتى. پروفېسسور فرېيىندلىن پادىشاھ بىلەن ماراكەشتە ئىككى قېتىم كۆرۈشكەنىدى، ئۇ جەننەت ئارىلىغا كېلىشكە قوشۇلدى. تۆۋەندە مەن ئۇنىڭ پروفېسسور بېرنادقا يازغان دوكلاتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن:

*ئۇنى تۇنجى قېتىم يوقلاپ بارغىنىمدا، كېسەللىك ئەھۋالى بىرقەدەر نورمال ئىدى، لېكىن بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن بىمارنىڭ ئوقۇرەك سۆڭىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر ھۆررەك پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدىم، زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارالسا خىمىيىلىك داۋالاش ئېلىپ بارماقچىدىم. مەن بىمارغا چوڭ تىپلىق ھۈجەيرىلىك لىمفا ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغان، دەپ دىئاگنوز قويدۇم. بىمار ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردارەك قىلاتتى، قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنىڭغا كېسەللىك ئەھۋالىنى مۇجمەل قىلىپ چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن ئۇنىڭغا داۋالاش ئۇسكۇنىلىرى مۇكەممەل داۋالاش مەركىزىگە بېرىپ تەكشۈرۈتۈشنى ۋە رادىئوئاكتىپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئېيتتىم. خىمىيىلىك داۋالاش باشلىنىشتىن بۇرۇن، يەنە رادىئوئاكتىپلىق داۋالاش باشلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمدى تەكشۈرۈشكە ۋاقىت ئىسراپ قىلماي، ئۈچ داۋالاش*

باسقۇچى بويىچە خىمىيىلىك داۋالاش ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى.

پادىشاھ بايانىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال رادىئوئاكتىپلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ زېھنى سەگەك ئىدى، شۇنداق قىلىشنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تامامەن چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبى سالامەتلىك مەسىلىسىدىن ھالقىپ چۈشكەنىدى. ئۇ ماڭا: «ئۇلار دۆلەت ئىچىدە ماڭا سادىق ئوفىتسېرلارنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ؛ بۇنداق چاغدا سالامەتلىك ئەھۋالىمنى ئېلان قىلسام بولمايدۇ، بولمىسا ماڭا سادىق كىشىلەر پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ ماڭا ئۈچ ئايلىق خىمىيىلىك داۋالاش ئېلىپ بېرىش تەلىپىنى قويدى ھەمدە خىمىيىلىك داۋالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كېسەللىك ئەھۋالىنى مەخپىي تۇتمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. خانىش ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قارارنى قوبۇل قىلىش تولىمۇ تەس ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنى كۆپ توسۇمىدىم، چۈنكى بىمار مۇشۇنداق قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ، بىز قوللانماقچى بولغان بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنىڭمۇ پايدىلىق تەرەپلىرى بار ئىدى...

خانىش ئازابنى باتۇرلۇق بىلەن ئىچىگە يۇتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بەس ـ مۇنازىرىدىن كېيىن ئۇ ماڭا، ئەڭ ئاخىرقى قارارنى سىز چىقىرىشىڭىز كېرەك، دەپ ئەسكەرتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇ ھەقىقەتنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى: پادىشاھنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئىزچىل مەخپىي تۇتۇشتا، ئۇ ماڭا، مېنىڭ ۋىجدانىمغا ۋە مېنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا بولغان چۈشىنىشىمگە تايىناتتى. ئويلاپ بېقىڭ، ئىلگىرى ئەڭ داڭلىق تېببىي مۇتەخەسسىسلەردىن مەسلىھەت سورايدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن، ھازىرقى ئەھۋالنى نە قەدەر مۇشكۇل دېمەي بولمايدۇ ـ دە.

شۇنىڭ بىلەن، قوشۇمچە بولغان خىمىيىلىك داۋالاش لايىھىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ـــ ۋېنادىن تېمىتىش ئۇسۇلىنى باشلىۋەتتىم. شۇ چاغدا شارائىت ئىنتايىن جاپالىق ئىدى، خانىش بىردىنبىر سېستىرا ئىدى. مەن رەسمىيەت بويىچە بىئولوگىيىلىك سىناش ئېلىپ باردىم، بارلىق ئاپپارات ۋە تېلېسكوپلارنى خانىش تېھراندىن ئايرىلغاندىن بۇيان يېنىدا ئېلىپ يۈرگەنىكەن. بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى ياخشى بولغاچقا، داۋالاشنىڭ باشلىنىش باسقۇچى ئوڭۇشلۇق بولدى. ھەربىر داۋالاش باسقۇچىنىڭ بىرىنچى كۈنى بىلەن سەككىزىنچى كۈنى داۋالاش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ بىر قېتىم ناسسائۇغا باراتتىم،بۇ ئىشنى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى...

ۋىزىمىزنىڭ ۋاقتى توشۇشقا يەنە ئۈچ ھەپتە قالغاندا، باھاما دائىرىلىرى ۋىزىمىزنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمدى نەگە بارارمىز؟ باشقا دۆلەتلەرنىڭ كونسۇلخانىلىرى بىزنى رەت قىلىۋاتاتتى. پەقەت ئەنۋەر ساداتلا بىزنى باتۇرلۇق بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى، ئۇ يەنە ئوبزور ئېلان قىلىپ: «ھەممەيلەن توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ ئۇلارغا پاناھلىق بەرمىدى، بۇنداقلارنى بىچارە ھەم رەزىل دېمەي بولمايدۇ» دېدى. لېكىن سادات زوڭتۇڭ يېقىندىلا «داۋىد لاگېرى كېلىشىمى» ئىمزالىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەرەب دۇنياسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، شۇڭا ئېرىم يەنە مىسىرغا بېرىشنى توغرا تاپمىدى.

ئەڭ ئاخىر، ھېنرى كىسسىنگېرنىڭ تەلىپى ئاستىدا مېكسىكا بىزنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. مېكسىكا زوڭتۇڭى خوسى لوپېز بوتلو مالىيە مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا، پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە بۇ كىشىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. شەكسىزكى، ئىلگىرىكى ئالاقىمۇ مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىغانىدى. شۇنىمۇ ھېس قىلىپ قالدۇقكى، شۇ چاغدا مېكسىكا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىغا سىياسىي ئەخلاقتىن دەرس ئۆتۈپ قويماقچى بولغانىكەن.

روبېرت ئامورنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە بىزنىڭ باھامادىكى ئاخىرقى كۈنلىرىمىز ئانچە تەس بولمىدى. ئۇ بىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر يۈرۈش ئۆي تېپىش ئۈچۈن مېكسىكىغا ماڭدى، گېنېرال جاھانبانىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ باردى، ئۇ پادىشاھقا قارىتىلغان قەستلەش تەھدىتىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى، شۇڭا بۇ قېتىمقى تۇرالغۇمىزنىڭ بىخەتەر بولۇشىنى ئويلايتتى. ئۇلار ئاخىر مېكسىكىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇئېرناۋاكا شەھىرىنى تاللاپتۇ. ئۇلار تاپقان ئۆي داچا بولۇپ، بىر خالتا كوچىنىڭ ئەڭ ئىچىگە جايلاشقان، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىشقا ئىنتايىن قۇلايلىق ئىدى. باھاما تاقىم ئاراللىرىدا، بىز ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان كۆڭۈلسىز ئۆيدە تۇرغانىدۇق، بۇ يەرگە كېلىپ بۇ تۇرالغۇنى كۆرگىنىمىزدە شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتۇق. داچىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئىنسىق بەلباغ گۈلبېغى ئوراپ تۇرغان، كىشىلەر كوچا تەرەپتىن ئۇنى كۆرەلمەيتتى. بۇ داچا يەنە يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭ بولغاچقا، بىزگە ھەمراھ بولغان خادىملارمۇ سىغاتتى. لېكىن، بۇ ئۆيلەردە ئۇزۇن مەزگىل ئادەم تۇرمىغاچقا، نەملىشىپ، تام ـ تورۇسلىرى پاختىلىشىپ كەتكەنىدى، تاملاردا ئۆمىلەپ يۈرگەن چايانلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. پادىشاھ بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمىدى، ئۇ ئۆينى ئايلىنىپ چىقىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: «بىز ئاخىر قايتىدىن تىرىلدۇق!» دېدى.

بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېرىم ئەسلىمە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدا بۇنى قالتىس ئىرادە دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچى خورىغان، يەنە كېلىپ قولىدا ئەسلىمىگە پايدىلانغۇدەك ھېچقانداق ھۆججەت ـ ماتېرىيال يوق ئىدى. ئىلگىرى ئۆزى بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغان كىشىلەر ـــ ھېچبولمىغاندا ھازىر ئەركىنلىك سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۆپ سانلىق كىشىلەر ھازىر بىز بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمايتتى، بىزدىن ۋابادىن قاچقاندەك قاچاتتى، چۈنكى ئۇلارغا ئايان، تېھراندىن كەلگەن قەستلەش ھەرىكىتى دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. گەرچە، ھەر كۈندىكى ۋەزىيەت ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرسىمۇ، ئېرىم ئىككىمىز يەنىلا قايتىدىن يېڭىچىلىق پائالىيىتىگە كىرىشىپ كەتتۇق. بۇ بىزگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ «قايتىدىن تىرىلگەن»دەك تۇيغۇ ئاتا قىلدى.

يەنە بىرنەچچە قېتىم كۇئېرناۋاكادىكى داڭلىق زاتلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە زىياپەتلەرگە بېرىشىمۇ بىزگە نورمال تۇرمۇشقا قايتىپ كەلگەندەك تۇيغۇ ئاتا قىلدى، گەرچە بىز بىرنەچچە يىل ئاۋۋال مېكسىكىغا رەسمىي زىيارەتكە كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتكە بولغان قىزىقىش تۈپەيلى بىرقانچە قېتىم ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى ساياھەت قىلدۇق. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بىللە ساياھەتكە چىقساق، خۇددى بۇلۇتلۇق كۈنلىرى تۇيۇقسىز پاللىدە قۇياش چاقنىغاندەك كۆڭلىمىز يورۇپ كېتەتتى. ئېرىمنىڭ چىرايىغا قايتا كۈلكە يۈگۈردى، ئۇ بۇ يەردىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى ۋە ئىللىق ھاۋانى بەكلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى. بىزنىڭ ۋاخاكادىكى ساياھىتىمىز ۋە مېكسىكىدىكى ئەلئېھرام مۇنارىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلىقىمىز مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

پادىشاھ كېسەللىك ئازابىنى ئىمكانقەدەر يوشۇراتتى. ئۇ يۇيۇنغان چاغلاردا، مەن بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتىم، بىز ناھايىتى تەبىئىي ھالدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ۋە بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتۇق. ئۆزۈمنى تەشەببۇسكار ھەم غەيرەتلىك تۇتاتتىم، بۇ ئارقىلىق ياخشى كۈنلەرنىڭ ھامان يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئۇنى ئىشەندۈرمەكچى بولاتتىم. «راك» دېگەن بۇ ئىبارىنى ھەرگىز تىلغا ئالمايتتۇق، شۇنىڭدىلا پادىشاھنىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ داۋاملىق پەرەز قىلالايتتۇق، بولۇپمۇ ئۇنى ئىشەندۈرەلەيتتۇق. لېكىن بىر كۈنى كەچتە، ئۇ پاراڭ ئارىلىقىدا بۇ چەكلەنگەن ئىبارىنى تىلغا

ئېلىپ قالدى، مۇنداقلا ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتىمۇ ياكى قەستەن شۇنداق قىلدىمۇ، بىلمىدىم، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىدە ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قاتتىق تەئەججۈپتىن ئۆزۈمگە كېلىپ، مەيلى راك كېسەللى بولسىمۇ، چوقۇم غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مېنىڭ قارىشىمغا قوشۇلىدىغان قىياپەتتە ئىپادە بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە يېڭى ئۆي ئىزدەشكە باشلىدۇق، چۈنكى بىز مېكسىكىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرىدىغاندەك قىلاتتۇق — مېكسىكا تەھدىتلەرگە پىسەنت قىلمىغانىدى. ئېرىمنىڭ ئاشۇ ئۆيلەرنى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈشىدىنلا، كەلگۈسىگە يەنىلا ئىشەنچ بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى، تۇرمۇشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنىڭ ئۆزىلا بىر ئىلھام ئىدى، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، يەنىلا قاتتىق مەيۈسلىنەتتىم. ئىراننىڭ تەقدىرىنى يەلكىسىدە قىرىق يىلدىن ئارتۇق كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر ئادەمنىڭ ئەمدىلىكتە ئاشخانا ئۆيلەرنى، تام - تورۇسلارنى تەكشۈرۈپ يۈرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مېنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ئازابلايتتى. بىرلىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇغاندىمۇ، يەنە شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ قالاتتىم. ئۇ ئازراقمۇ خاپا بولمايتتى، ئۆزىنى شۇنچىلىك تەمكىن تۇتاتتى، بۇ ھالىتىدىن مەن بىئارام بولۇپ كېتەتتىم.

بالىلار كېلىپ بىز بىلەن بىرنەچچە كۈن بىرگە بولۇپ، بىزنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار دادىسىنىڭ كېسىلىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بىز ناھايىتى خۇشال مىنۇتلارنى بىرگە ئۆتكۈزدۇق، ئىللىق ئائىلەم بولغىنىدىن شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتىم. شۇ چاغدا ئەتراپىمىزغا يوشۇرۇنغان خەۋپ ۋە بەختسىزلىكلەر كاللامدىن كۆتۈرۈلۈپلا كەتكەنىدى. بۇ بىرقانچە كۈن بىزنىڭ بەختلىك ئائىلە تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى بولۇپ قالدى، چۈنكى ئارقىدىنلا پادىشاھنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى بىردىنلا يامانلىشىپ كەتتى، بالىلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى دېمەي بولمىدى. سېنتەبىردە ئۈچ بالىمىز ئامېرىكىغا ئوقۇشقا بارماقچى بولۇۋاتاتتى، چوڭ ئوغلىمىز رېزال بولسا ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى ۋىلليام ئىنستىتۇتىدا سىياسەت ۋە ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتى ئۆگەنمەكچىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش ئىشىغا تەييارلىق قىلىش ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇلار مايدا ئاپام ۋە بىرقانچە ئوفىتسېر بىلەن باھاما تاقىم ئارىلىدىن ئايرىلىپ، مەلىكە ئەشرەفنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇرۇۋاتاتتى. سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىغا يېتىشىۋېلىشى ئۈچۈن، بىز بالىلارغا بىر ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى تېپىپ بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە بىر پارس تىلى ئوقۇتقۇچىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتقانىدۇق. شۇ ۋاقىتتا، روبېرت ئامورمۇ مۇۋاپىق مەكتەپ ئىزدەۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ سىناق بولۇۋاتاتتى. ئۇ مەكتەپلەر بالىلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتىيۇ، لېكىن تېزلا تەكلىپىنى ياندۇرۇۋالاتتى. سەۋەبى، باشقا ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەيدىكەن. بۇ بالىلىرىمىز ئۈچۈن بەكلا تەڭسىزلىك بولدى: ئۇلار ئاۋۋال مەكتەپلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كېتەتتى، لېكىن ھەش - پەش دېگۈچە مەكتەپلەرنىڭ لەۋزىدىن يېنىۋالغانلىقىنى بىلىپ لاسىسىدە بولۇپ، روھى چۈشۈپ كېتەتتى، باشقىلار ئۇلاردىن ۋابادىن قاچقاندەك قېچىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىر بىز بىر ئائىلىلار بىلەن ئۇلارنى مەكتەپكە كىرگۈزگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

رىچارد نىكسونمۇ كۇئېرناۋاكاغا بىزنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئېرىم بىلەن بىرقانچە سائەت پاراڭلاشتى؛ پۈتۈن دۇنيا بىزدىن يۈز ئۆرۈگەن چاغدا، ئامېرىكىنىڭ بۇ سابىق زۇڭتۇڭىنىڭ ئىپادىلىگەن سادىقلىقى ئېرىمنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ھېنرى كىسسىنگېر بىلەن خانىمى نانسىمۇ مېكسىكىغا كېلىپ بىزنى يوقلاپ كەتتى.

بەختىيار پارىژدىن بىزگە تېلېفون بەردى، ئۇ ئىراندىن بىخەتەر ئايرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلگەندە بىز تاماق يەۋاتاتتۇق، پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىلدى. «ئۇنىڭغا نېمە دېسەم بولار؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «تېلېفوننى ئالغۇچىز بولسا ئېلىۋېرىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. ئىراننىڭ بۇ سابىق ۋەزىرى ماڭا ئۆزىنىڭ دۆلەتنى ئىشغال قىلىۋالغان دىنىي ئۇنسۇرلار بىلەن ئاداققىچە كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، يەنە مەندىن پادىشاھقا سالام يوللىدى.

باش باھاردا، سادىق خارخالى ئۆزى ئەۋەتكەن قاتىلنىڭ كۇئېرناۋاكاغا ئاتلانغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ئالدىمىزدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ خىل پەرەزلەر بىر قېتىم قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغىلى تاس قالدى. بىر كۈنى، رېزال ئايروپىلان ھەيدىمەكچى بولۇپ روبېرت ئامور ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى مارك مورس بىلەن بىللە بىر ئايروپىلان كۇلۇبىغا كېتىشتى. بىر سائەتتىن كېيىن تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىدىن داچىنىڭ ساقچىغا مەلۇم قىلىش سىگنالى سايراپ كەتتى، شۇ چاغدا گۇللۇكتە چۈشلۈك تاماقتا ئولتۇراتتۇق. قاتىللاردىن تەشكىللەنگەن زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ تىك ئۇچاردىن ھۇجۇم قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. تىك ئۇچار بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغاندا، مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، لېكىن تىك ئۇچارنى ھەيدەۋاتقىنى قاتىل بولماستىن، دەل ئوغلىمىز ئىكەن، ئۇ بىزنى كۆرسۇن دەپ ئايروپىلاننى ئەتەي پەس ھەيدىگەنىكەن. بۇنى سېزىپ، دەرھال مۇھاپىزەتچىلەر تەرەپكە يۈگۈرگىنىمچە: «ئوق ئاتماڭلار!» دەپ ۋارقىراپ كەتتىم. ئاھ خۇدا، ئەگەر ئوق تېگىپ كەتكەن بولسا، يەنە قانداق پاجىئەلەرنى باشتىن كەچۈرەر بولغىيدۇق ـ ھە؟ ناۋادا سادىق خارخالى مېكسىكىغا زەربىدار تىك ئۇچار ئەۋەتتىم دەپ جاكارلىغان بولسا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى پەرەز قىلغىلى بولمايتتى.

پادىشاھ كېسىلى قايتا ئېغىرلىشىپ كەتكەنگە قەدەر، ئۇدا ئۈچ ئاي ئەسلىمە يېزىش بىلەن بەند بولدى. پروفېسسور فرېيىندلىن كۇئېرناۋاكاغا كېلىپ ئىككىنچى باسقۇچلۇق خىمىيىلىك داۋالاشنى تۈگىتىپ كەتكەنىدى. يېقىندا ئۈچىنچى باسقۇچلۇق خىمىيىلىك داۋالاشقا كەلمەكچىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن يەرلىك دوختۇرلاردىنمۇ مەسلىھەت سورىدىم، روشەنكى، ئۇلار پادىشاھنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، شۇڭا بەزگەك دەپ دىئاگنوز قويۇشتى. روبېرت ئامورمۇ پادىشاھنىڭ سالامەتلىكىگە مەسئۇلىيىتىم بار دەپ ھېسابلاۋاتاتتى، شۇنىسى، ئۇمۇ پادىشاھنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتى، شۇڭا ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئامېرىكىلىق بىر ئىسسىق بەلباغ كېسەللىكلىرى دوختۇرى ـــ بېنجامىن جېئان دوختۇرنى چاقىرتىپ كەپتۇ. جېئان دوختۇرنى چاقىرتىپ كېلىش ئەسلىدە ياخشى نىيەتتىن ئىدى، لېكىن كېيىن دىئاگنوز قويۇش جەھەتتە بىر مەھەل ئېگىز ـ پەسلىك كۆرۈلۈپ، «بىر قاتار ئاپەتلەر» كېلىپ چىقتى (پروفېسسور فرېيىندلىننىڭ سۆزى).

جېئان دوختۇر بەزگەك دېگەن پەرەزنى ئىنكار قىلىۋەتتى، ئۇ ئاشقازان ئاستى بېزىدىن مەسىلە چىققان دەپ ھېسابلىدى، چۈنكى پادىشاھنىڭ بەدىنىنىڭ ئوڭ تەرىپى قاتتىق ئاغرىيتتى. ئۇ قان ئەۋرىشكىسى ئېلىپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئېرىم ئۇنى دەرھال رەت قىلىۋەتتى. پادىشاھ پروفېسسور فرېيىندلىنغا بەكمۇ ئىشىنەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كېسەللىك ئەھۋالىنى ئاشكارىلاپ قويۇشنى خالىمايتتى.

جېئان دوختۇر بىرمۇنچە قورساق ئاغرىقى بىلەن نيۇيوركقا كەتتى. بىراق، بىمارنىڭ ئۇنىڭغا تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى قويغانلىقىغا نىسبەتەن ئۇنىڭدا بىر قىزىقىش قوزغالدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



ۋۇلف ←

# ئەنئەنىۋى ئانىلارنىڭ ئەسلىمىسىنى ئىزدەش



← لېسسىڭ

— ۋۇلف بىلەن لېسسىڭ ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات

ۋاڭ لىلى

ئۆمەرجان ئامۇت تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** نۇرغۇن ئوبزورچىلار 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايال يازغۇچىلاردىن ۋىرگىنىيە ۋۇلف بىلەن دورىس لېسسىڭنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئوخشاشلىقلىرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن توختىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن فېمىنىزم ئەدەبىياتى① ئەنئەنىسى نۇقتىسىدىن بۇ نۇقتا ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش يېتەرسىز بولۇپ كەلگەنىدى. مەزكۇر ماقالىدە، ۋۇلف بىلەن لېسسىڭنىڭ فېمىنىزم ئەدەبىياتىدا كەم بولۇۋاتقان ئەنئەنىۋى ئانىلارنى ئىزدىشى دەل ئۇلاردىكى ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ئەنئەنىنى ئەسلەش ۋە ئاياللار ئەنئەنىسىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇشتىكى پوزىتسىيىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇلارنىڭ بەدىئىي شەكىل جەھەتتىكى پەرق ۋە ھايات تەقدىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

نۇرغۇن ئوبزورچىلار ۋۇلف بىلەن لېسسىڭدىن ئىبارەت 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىككى ئايال يازغۇچى ئارىسىدىكى باغلىنىشقا دىققەت ـ نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالسا، كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقى ئۈستىدە توختالدى، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى ئايال يازغۇچى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقنى شەرھلىشى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. كلاير سپراگى مۇنداق قارايدۇ:

*«تەسىر كۆرسىتىش» دېگەن بۇ سۆز ئارقىلىق ۋۇلف بىلەن لېسسىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاش شەكىل ۋە تۈيغۇنى سۈرەتلەش مۇۋاپىق ئەمەس، ھالبۇكى «يېقىنلىشىش» دېگەن سۆز ئادەمنى تازا قانائەتلەندۈرەلمىسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى سۆزگە قارىغاندا تېخىمۇ جايىغا چۈشكەن دېيىشكە بولىدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ھەر ئىككىسى ... كۆپ پېرسوناژلىق ئۇسۇل ۋە ... دىئالوگقا بولغان تەسەۋۋۇر ئارقىلىق دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى كۆزەتكىلى ۋە يېشىپ چۈشەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئەقىدە قىلىدۇ.*

روبېرت رۇبېنشتېين، «ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش» ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئورتاقلىق، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشنىڭ مەركىزىي قىسمى دەل لېسسىڭ بىلەن ۋۇلف ئارد

① فېمىنىزم ئەدەبىياتى — يېقىندىن قېلىپلىشىۋاتقان ئەدەبىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنى ئاممىباب مەنىدە «ئاياللار ئەدەبىياتى» دەپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

سىدىكى باغلىنىشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى، ئۇ ئۆتمۈشكە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتلىق ئەسلىمە ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغان غايە ۋە ئىناق دۇنياغا بولغان ئىنتىلىشتىن ئىبارەت.» لىندا سكوت بولسا، ئۇلار ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ «ئۆزلۈكنى ئىپادىلەش» ۋە «ئۆز تەرجىمھالى» خاراكتېرىدىكى يازمىلارنى «ئۆزلۈك»نى بايقاش جەريانىدىكى جاراھەتنى داۋالايدىغان ۋاسىتە قىلىش ئارقىلىق، ئۆتمۈشتىكى كۆڭۈل غەشلىكىنى چىقىرىپ تاشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە يەككە مەۋجۇدىيەت ئىجاد قىلىش ھەمدە «ھەقىقىي» تۇيغۇغا ئېرىشىش ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، بىز ئوبزورچىلارنىڭ بۇ ئوخشاشلىقلارنى مۇلاھىزە قىلىشتا فېمىنىزم ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ۋە رولى مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق، ئەمەلىيەتتە بۇ نۇقتا دەل ۋۇلف بىلەن لېسسىڭنىڭ ئوخشاشلىقىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سەنئەت قارىشىدىكى پەرقنىڭ مەنبەسى، مۇشۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەقدىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەزكۇر ماقالىدە فېمىنىزم ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىنىڭ كەمچىل بولۇشى نۇقتىسىدىن بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى.

## 1. ئەسلەشتىن كەلگەن ئازاب

ئەسلىمە ۋۇلف بىلەن لېسسىڭنىڭ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ۋۇلفنىڭ «داللوۋى خانىم» ناملىق ئەسىرىدە داللوۋى خانىمنىڭ ئەسلىمىسى پۈتۈن ئەسەردە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن. لېسسىڭنىڭ «ئالتۇن رەڭ خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدىكى تۆت خاتىرىگە پۈتۈلگەننىڭ ھەممىسى ئانىنىڭ ئەسلىمىسى بولۇپ، روبېرت رۇبېنشتېيىننىڭ «ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش»نى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئورتاقلىق دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۆتمۈشنى ئەسلەشتە، ئانىغا ئائىت ئەسلىمىلەر ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇنتۇلۇپ قالمايدىغان مۇھىم مەزمۇندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشى ۋە ئەسەرلىرىدىكى ئانا ـ بالا مۇناسىۋىتىگە قارىتا نۇرغۇن ئوبزورچىلار ئاجايىپ ئېسىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئەگەر، بۇ يەردىكى ئانا پەقەتلا بىئولوگىيىلىك مەنىدىكى ئانا دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا بىزنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلار قاتارىغا تىزىلىدىغان بۇ ئىككى ئايال يازغۇچى توغرىسىدىكى تونۇشىمىز بەك يۈزەكى بولۇپ قالغان بولىدۇ.

بلۇم «تەسىرگە ئۇچراشتىن ئەنسىرەش»تە: «ئەۋلاد ئالمىشىشنىڭ داۋاملىشىشى ئەمەلىيەتتە بىر مەيدان ئېدىپۇسچە ئېلىشىشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭدا ئاتا بىلەن ئوغۇل كۈچلۈك رەقىبلەردىن بولۇپ ئېلىشىدۇ، لايۇس بىلەن ئېدىپۇس رەقىب سالاھىيىتىدە تۆت كوچىدا تۇرىدۇ» دېگەن. بلۇمنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئەر يازغۇچىلارنىڭ ئۆمۈر بويى ئىنتىلىدىغىنى ئەجدادلىرىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئاتىلىق ئورۇندىكىلەرنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆز قەددىنى رۇسلاشقا شارائىت ھازىرلاشتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، ئايال يازغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىش بۇنىڭدىن كۆپ مۈرەككەپ. ئەر يازغۇچىلار ئاتا يوللۇقلارنىڭ ئەنئەنىسىنى ئېغىر يۈك ھېسابلاپ بىزار بولۇۋاتقاندا، ئايال يازغۇچىلار ئانىلىق ئورۇندىكىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا ھامىيلىق قىلىدىغان ئەنئەنە جۇغلانمىسىنىڭ يوقلۇقىدىن مەيۇسلىنىدۇ، بۇ دەل ئۇلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىبارەت. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمىغاچقا، نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ۋۇلف ئون ئۈچ يېشىدىلا ئۆزىگە تولىمۇ كۆيىدىغان ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئانىسىنى ئەسلىگەندىكى ئازاب «ماياكقا بېرىش» دېگەن ئەسىرىنى تاماملىغۇچە داۋاملاشقان. ئانىسى ئۇنىڭ قەلبىدە گۈزەل، مېھرىبان، ئەمگەكچان، قىزغىن، تېپىك ۋاپادار ئايال، مېھرىبان ئانا ئىدى. بۇ «ماياكقا بېرىش»تا راموچ خانىمنىڭ ۋۇجۇدىدا ناھايىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن، «داللوۋى خانىم»دا داللوۋى خانىم بىلەن قىزى ئوتتۇر

سىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ بۇنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ۋۇلف بىر قىز زاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئانىنىڭ ھامىيلىقى بولماسلىقتىكى ئازابنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇ بىرقانچە قېتىم جىنسىي زە-
ىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، قىز بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى رەت قىلىنغان،
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كېيىنچە ئاياللار ھوقۇقچىلىقى ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

ئۇ «ئۆزۈمنىڭ بىر ئېغىز ئۆيۈم» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: «بىز ئانىمىز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلى-
مىز» دېگەن. ئانىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابى ئۇنىڭ ئاياللار ئورنى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئىجادىيەت ئۈستى-
دە پىكىر يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولغان. ئاتىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان نەچچە مىڭ يىللىق
جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئۆز تارىخى بولۇپ باقمىغان، ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەنئەنە شەكىللەندۈرگەن ئانى-
لىق ئورۇندىكىلەرنى تېخىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ھالەتنى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قىزنىڭ ئەھ-
ۋالىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئايال يازغۇچىلار تارىخ يوچۇقلىرىدىن تارىختىكى ئانىلىرى مەھرۇم قالغان
نەرسىلەرنى ۋە بۇ ئانىلارنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەشكە مەجبۇر، ئۇلارنىڭ ئادەمزات ئاسانلىقچە ئاياغ باسمايدى-
غان «ئۆڭكۈرلەر»دىن ئىزلەيدىغىنى ئەدەبىيات ئانىلىرىدىن قېلىپ قالغان نەرسىلەرنىڭ ئۇۋاقلىرىدىن ئى-
بارەت. ئائىلىدە ئەرلەر ئائىلىنى قامدىغۇچى، ئاياللار بالا تۇغقۇچى رولىنى ئۆتەپ كەلگەچكە، ئاياللار ھېچ-
قانداق ئورۇن ـ ئېتىبارغا ئېرىشەلمەي، ئېرىنى كۈتۈپ، باللىرىنى بېقىش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى
بولۇپ كەلگەن. «ماياكقا بېرىش»تا راموۋچ خانىم ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدۇ، باللىرىغا قارايدۇ، ئېرىنىڭ
خىزمىتىدە بولىدۇ، دوستلىرىنى كۈتىدۇ. ئەسەردە يەنە: «راموۋچ خانىم ھەتتا ئۆزىنىڭ تېنىمۇ ئۆز ئىلكىدە
قالمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى» دېگەن بايانىنى ئۇچرىتىمىز. راموۋچ خانىم بارلىقىنى ئېرى، باللىرى
ۋە دوستلىرىغا بېغىشلايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تايىنىشىدىن شەرەپ ھېس قىلىدۇ، باشقىلار بىلەن
بولغان تايىنىش مۇناسىۋىتىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، بۇ ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئائىلە ئايال-
لىرىنىڭ تەسۋىرىدۇر. ۋۇلف ئانىلارنىڭ قۇربان بېرىش روھىدىن تەسىرلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئۇلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن خالىغانچە قۇربانلىق قىلىنىدىغان تەقدىرىگە ئېچىنىدۇ. «ئەگەر راموۋچ
خانىم ماياكقا سىمۋول قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ماياكنىڭ يورۇتىدىغىنى راموۋچ خانىمغا ئوخشاش
نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ بىچارە ھەم ئېچىنىشلىق مەۋجۇتلۇق ھالىتى ۋە ‹ھۇجرىدىكى ئەنجىر› ئوبرازىدىن
ئىبارەت.» مۇشۇنداق ئەھۋالدىكى ئاياللار قانداقسىگە يېزىقچىلىق يولىغا قەدەم قويىدۇ؟ يېزىقچىلىق
ئۇلارغا نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ۋۇلف «ئاياللار ۋە پروزا»دا جېن ئوستىن، ئېمىلى، برونتې، چارلوت برانتې ۋە جورجى ئېلىئوت قاتار-
لىق تۆت نەپەر داڭلىق ئايال يازغۇچى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى
پەرقلىق، تالانتىدا ئورتاقلىق يوق بولسىمۇ، بىراق ھەممىسىنىڭ يېزىقچىلىقنى تاللىغانلىقىنى شەرھلى-
گەن. ۋۇلف مۇنداق دەيدۇ: «ھېچقايسىسى پەرزەنتلىك بولمىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى توي قىلمىغان،
بۇ پاكىت ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.» ئۇلارنىڭ باشقا ژانىرلارنى ئەمەس، بەلكى رومانىنى تاللىغان-
لىقى توغرىسىدا توختىلىپ، بۇنىڭدىكى سەۋەب رومانىنى بەزىدە يېزىپ، بەزىدە توختىتىپ قويۇشقا بولىدى-
غان ژانىر ئىكەنلىكىدە، دەپ خۇلاسىلىگەن ھەم جورجى ئېلىئوتنىڭ خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇپ، دادىسىغا
قاراش ئۈچۈن كەتكەنلىكى، چارلوت برونتېنىڭ يېزىقچىلىقنى توختىتىپ بەرەڭگە سويۇشتەك جىسمانىي
ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى مىسالغا ئالغان. ۋۇلف يەنە ئۇلارنىڭ ئائىلە ۋە ھېس-
سىياتنى يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار جىنسىي پەرق سەۋەبى-
دىن بىر قىسىم تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان. تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى بولسا رو-
مانغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ بىر مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت.» بۇ جەھەتتە جېن
ئوستىن ئەسەرلىرىدىكى مەزمۇننىڭ تارلىقى ئەڭ قايىل قىلارلىق پاكىت بولالايدۇ.

ۋۇلفنى تېخىمۇ ئېچىندۇرغىنى، ئۇ ئەدەبىيات ئانىلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئىزدىمەكچى بولغاندا، ئۇ

يەردە بەك كۆپ «ھېسسىيات ئەخلەتلىرى»نىڭ يىغىلىپ قالغانلىقى بولغان. شۇبھىسىزكى، «جېين ئېير»دا جېين ئېير ئۆزىنىڭ يېتىملىك سالاھىيىتى سەۋەبىدىن كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە يەتكۈچە بوزەك قىلىنىپ تۇرۇقلۇقمۇ، «مەن سەندىن نەپرەتلىنىمەن» دەپ توۋلىيالمىغاندا، رووۋد مەكتىپىدە جازالىنىپ ۋە ئاچ قېلىپ يىغلىغاندا، روچېستېر بىر باي خېنىم بىلەن تويلاشقاندا ئۇ ئۆزىنى بەزلەشكە سەۋەب ئىزدىگەندە، بىزنىڭ ئاڭلايدىغىنىمىز چارلوت برونتېنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە بولغان غەزەپلىك خىتابى، كۆرىدىغىنىمىز بولسا ئاپتورنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزگەرگەن چىرايىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ۋۇلف يۇقىرىقى ئايال يازغۇچىلارغا ئايرىم - ئايرىم باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «چارلوت برونتې كىشىلىك ھاياتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىستىكىدە بولمىغان، ئۇ ھەتتا بۇ خىل مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ھېس قىلمىغان. ئۇنىڭ بارلىق كۈچى بېسىم ۋە سىنىقلىشقا ئۇچراۋەرگەنلىكتىن تېخىمۇ كۈچىيىپ، ‹سۆيىمەن، نەپرەتلىنىمەن، ئازابلىنىمەن › دېگەن مۇشۇ خىتابلارغا مەركەزلىك سىڭىپ كەتكەن. ئېمىلى برونتې ئۇنىڭغا قارىغاندا بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن، ئۇنىڭ پېرسوناژلار ئارقىلىق دېمەكچى بولغىنى پەقەتلا ‹سۆيىمەن › ياكى ‹ نەپرەتلىنىمەن › بولماستىن، بەلكى ‹ بىز، پۈتكۈل ئىنسانىيەت › ۋە ‹ سىلەر، مەڭگۈلۈك كۈچ ... › دېگەنلەردىن ئىبارەت بولغان، بۇ جۈملە تولۇق ئېيتىلمىغان، ئۇنىڭ ئېيتماقچى بولغانلىرى تۈگىمىگەن. ئىجتىمائىي ئەخلاق چەكلىمىسىنىڭ چېشىغا تېگىپ قويۇش سەۋەبىدىن ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ كىشىلەردىن پىنھان ياشاۋاتقان جورجى ئېلىئوت بولسا، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ساۋاقلىرىنى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ئۈستىگە ئالىدىغان ئەخلاقىي تەربىيە ۋە ئىتائەتمەن ھېسداشلىقىقا ئايلاندۇرغان، «ئۇلارنىڭ ھېكايىسى ئەمەلىيەتتە ئېلىئوتنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇكەممەل بولمىغان نۇسخىسىدىن ئىبارەت.» ھەتتا ۋۇلف ئۆزى ئەڭ قايىل بولىدىغان يازغۇچى جېن ئوستىننىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ «پاكىتقا كۆپ ئەھمىيەت بەرمەي، ئاساسىي دىققىتىنى ھېسسىياتقا ئاغدۇرغان» دەپ قارىغان. گىلبېرت بىلەن گۇبار بولسا، جېن ئوستىن تەسۋىرلىگەن دۇنيا «ئاياللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى قانداقسىگە ۋە نېمە ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ قەدىرلىنىشى ۋە ھامىيلىق قىلىنىشىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت دەپ قارىغان. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئايال يازغۇچىلار ھەقىقىي ئۆزلۈككە ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر دۇنياسىنىڭ كونتروللۇقىدا، مانا بۇ ۋۇلفنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىكى ئانا يوللۇقلارنىڭ «ئۇۋاقلىرى» دۇر. ۋۇلف چەتنەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئانىلارغا بولغان سۆيگۈ تەسۋىرلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

لېسسىڭنىڭ ھايات كەچۈرمىشى ۋۇلف بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئانا ھەققىدىكى ئەسلىمە لېسسىڭ ئۈچۈنمۇ ئەستىن چىقمايدىغان خاتىرە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «تېرەمنىڭ ئاستىدا» ناملىق تەرجىمىھال ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا جېدەل - ماجىرا پۇراپ تۇرىدىغان ئائىلە تارىخىنى تەسۋىرلەپ: «ئاپام ئاتا - ئانىسىنى ياخشى كۆرمەيتتى، داداممۇ ئاتا - ئانىسىنى ياخشى كۆرمەيتتى» دەپ يازغان. ئۇ تۇغۇلغان 1919 - يىلى «ياۋروپانىڭ يېرىمى ئۇرۇش سەۋەبىدىن قەبرىگە ئايلىنىپ كەتكەن» چاغلار ئىدى. ئۇ ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەندە ئىنىسىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭدا قالغان ئەسلىمىلەر ئانىسىنىڭ ئىنىسىگە كۆيۈشى بىلەن ئۆزىگە مېھرىنى بەرمەسلىكى ئارىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە «مېھىر - مۇھەببەتكە چاڭقىغان بالا» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. ئۇ بۇ تەرجىمىھالىدا بالىلىقىدىكى كۆڭۈلسىزلىككە تولغان ئەسلىمىلەرنى يېپىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئانىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى ۋۇلفنىڭكىگە ئوخشاش ئىللىقلىققا تولغان بولماستىن، بەلكى نوپۇزغا قارشى تۇرۇش روھىي ھالىتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. لېسسىڭ يەنە: «ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئانامدىن زارلىنىش ئىچىدە ياشاپ كەلدىم، دەسلەپتە كەيپىياتىمدا جىددىيلىك كۆرۈلدى، ئاندىن كۆڭلۈم سوۋۇپ، ئاخىرىدا باغرىم قېتىپ كەتتى، ئۇ خىل ئازاب مەن ئۈچۈن ھەسرەت ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا تەبىئىي سىڭىپ

كەتكەن» دەيدۇ.

ۋۇلف ئەسەرلىرىدە مۇھەببەت ۋە ھېسداشلىق سەۋەبىدىن گۈزەل، ئاق كۆڭۈل ئانا ئوبرازلىرىنى تىرىشىپ يارىتىدۇ، ئەمما لېسسىڭنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئانا ئوبرازلىرى ياكى ئۆلۈپ كېتىش تەقدىرىگە دۇچار بولىدۇ، ياكى ئىسيانكار قىزىنىڭ نەزىرىدە ھامان قاتتىق قول، شەپقەتسىز سۈپەتتە ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ. مەيلى «گىياھلار ناخشا ئېيتماقتا»دىكى مارى بولسۇن ياكى «زورلاۋاتقانلىقتىكى باللار»دىكى ماشا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىلىرىغا ئۆچلۈك قىلىدۇ، بالدۇرراق ئائىلىدىن قېچىپ كېتىش ئارزۇسىدا يۈرىدۇ. «جېن ساموسنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»دىكى جېن ھەتتا ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. نۇرغۇن ئوبزورچىلار، لېسسىڭنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ تەرجىمىھال تەركىبلىرى ناھايىتى كۆپ، دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، لېسسىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشىنى ئىپادىلىمەكچى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ غايىسى ۋە تالانتىنى تۆۋەن چاغلىغان بولۇپ قالىمىز. پاكىت شۇكى، دەل ئۇ ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن ئەگرى - توقايلىقلار ئۇنى ئاياللارنىڭ ئورنىغا نىسبەتەن ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھالقىپ كەتكەن سەزگۈرلۈككە ئىگە قىلغان. ئەگەر، ئانىلارنىڭ جاپا - مۇشەققىتى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن خالىغانچە قۇربانلىق قىلىنىشىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ۋۇلف مۇھەببەتلىك بايانلار بىلەن تەسۋىرلىگەن دېسەك، ئۇنداقتا لېسسىڭ ئانىلارنىڭ يىلمۇيىل، ئەۋلادمۇئەۋلاد تەكرارلىنىدىغان تراگېدىيىسىنى نەپرەتلىك ئاۋازى ئارقىلىق بايان قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. لېسسىڭنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى مۇنۇ جۈملىلەرگە نەزەر سالايلى: «ئاياللار ئەۋلادمۇئەۋلاد بىرلا ناخشىنى تەكرارلايدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئايال زاتى ھېچكىم ئەمەس، ھېچنېمىمۇ ئەمەس، دېگەندىن ئىبارەت.» «ئاياللار دائىم ئەسلىمە ۋە خاتىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، ئاندىن تارىخ تەرىپىدىن ئۇنتۇپ كېتىلىدۇ.» لېسسىڭنىڭ ئەسەرلىرىدىكى كۆپ قاتلاملىق باش تېمىدا ئايال باش قەھرىمانىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىكى ئامالسىزلىقى ۋە ئاخىرىدا مۇرەسسە بىلەن نەتىجىلىنىشى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. مارى، ماشا بولسۇن ياكى «ئالتۇن رەڭ خاتىرە» دىكى «ئەركىن ئايال» ئانىنا بولسۇن، ھەممىسىلا شۇنداق. لېسسىڭ «ئالتۇن رەڭ خاتىرە»نىڭ مۇقەددىمىسىدە: «ئاياللارنىڭ قورقۇنچاق بولۇپ كېتىشى ئۇزۇن مەزگىل قۇلدەك ياشىغانلىقىدىن دېيىشكە بولىدۇ» دەپ يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئانىسى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئانىلىرىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، تېخىمۇ ئېچىنىرىلەپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئانىسىز باللارغا تەۋە، بۇ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر ئازاب. ئۆتمۈشكە نەزەر تاشلىغاندا، لېسسىڭنىڭ كۆرگىنى تارىختىكى ئانا ئورنىدىكىلەرنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ۋەزنىسىزلىكى، ھەربىر ئەۋلاد قىزلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ تراگېدىيىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بولغاچقا، لېسسىڭ قاتتىق ئازابلىنىدۇ. يۈرەكلىرى «پارە - پارە» بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر، ۋۇلف ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىكى ئانا ئوبرازىنى ئىزدىگەندە، يەردە چېچىلىپ ياتقان ھېسسىيات ئۇۋاقلىرىنى ئازاب ئىچىدە بايقىغان دېيىلسە، ئۇنداقتا لېسسىڭ بۇ ئۇۋاقلارنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئۇۋاقلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى قىممىتىنىمۇ كۆرۈپ يەتكەن، دېيىشكە بولىدۇ. لېسسىڭنىڭ بۇنىڭغا بولغان ئىنكاسى ئازابلىنىش تۈسىنى ئالغان، ئەلۋەتتە. بۇ خىل ئازابنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى بۇ ئۇۋاقلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئېتىبارسىز قارىلىشىنى سۆكۈش ۋە ئەيىبلەشتىن ئىبارەت. لېسسىڭ «تەكەببۇرلۇق ۋە ئاداۋەت» ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر كىتابتىكى مۇنداق بىر پاكىتقا سەل قاراپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ ئېلىزابېت ئورنى ۋە مۈلكى بار كېرىنس ئەپەندىنى رەت قىلغان بولسا، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.»

*بىراق، بۇ بىر پاكىت. بۈگۈنكى كۈندە ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ تاللىشىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ۋۇجۇدىمىز شۈركۈنىدۇ... ئوقۇغۇچىلاردىن «تەكەببۇرلۇق ۋە ئاداۋەت»نى ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان ئوقۇتقۇچىلار ئۆز دوكلاتىدا بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ياش ئاياللار تارىختا، ئاياللارنىڭ تارىخىغا، ئۆزلىرىنىڭ ئا*

*مىتىگە قارىتا ھېچقانچە چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس دېيىشى، ھەتتا مۇنداق سوئاللارنى سورىشى مۇمكىن، مەسىلەن، ئېلىزابېت بىلەن جېن نېمىشقا خىزمەت ئىزدىمەي، توختىماستىن ئەر ئىزدەيدۇ؟ (لېسسىڭنىڭ سۆزى)*

ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىكى ئانىلارغا بولغان پوزىتسىيىدە لېسسىڭ ۋۇلفقا ئوخشاش ئەيىبلەش ۋە چەتنەش يولىنى تۇتمىغان، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ، ئانىلارغا بولغان تارىخىي ئويلىنىشىمىز بەك ئاز بولۇپ قالدى، دەپ قارىغان. لېسسىڭ ئانىلارغا باغلانغان رىشتىنى باش قەھرىمانىنىڭ ئاسىيلىقى كەينىگە يوشۇرغان.

## 2. ئىجادىيەتتىكى تېخىرقاش

ئەسلەشتىن كەلگەن ئازاب بۇ ئىككى يازغۇچىدا خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە فېمىنىزم ئەدەبىياتى ئىجادىيەت يولى ئېچىش ئويىنى پەيدا قىلغان. ۋەھالەنكى، ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىكى غايەت زور ئازاب ئىچىدە، ئۇلار ئاتىلار ئانىلارغا زۇلۇم سالىدىغان تارىخقا قاتتىق ئۆچ بولسىمۇ، لېكىن ئەر يازغۇچىلارغا ئوخشاش ئاتا يوللۇقلارنىڭ ئاساسىي ئېقىم ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىدىن چەتنەشكە ئۇرۇنسا بولمايدىغانلىقىنى بايقايدۇ، چۈنكى ئانا يوللۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات ئەنئەنىسى يوق، ھەتتا ئاياللارنىڭ ئۆز تىلىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئەدەبىيات ئاتىلىرىغا تايىنىپ ئۆزىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنى ئىسپاتلاپ، ئەدەبىيات ئاساسىي ئېقىملىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆزى ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ۋۇلف مۇنداق دەيدۇ: «ئەنئەنىگە قارىتا نەزەر تاشلىغىنىمدا، ماڭا ئۇچرىغىنى ‹مېردۇننىڭ مەخلۇقى› بولدى، ئاياللارنىڭ نەزىرى ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەندىلا، ئاندىن گۈزەل كەلگۈسىنى كۆرەلەيدۇ.» گىلبېرت ۋە گۇبارنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، ۋۇلفنىڭ «مېردونىنىڭ مەخلۇقى» دېگىنى ئەرلەر ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ھەم مۇشۇ ئەنئەنە بىلەن ئالاقىدار بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەخلۇقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئاياللار پۇلغا ۋە ئۆزىگە تەئەللۇق «ئۆي»گە ئېرىشىشى كېرەك، بۇ خىل تەپەككۇر يولى ئەينى ۋاقىتتا ۋۇلفنىڭ ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قوللىشى بىلەن مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىراق، زۆرۈر ماددىي شارائىتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، «جولىيتتا شېكىسپىر» چوقۇم ۋۇجۇدقا كېلەمدۇ؟

ۋۇلف «بىننېت ئەپەندى بىلەن بىروۋن خانىم» دېگەن مەشھۇر ماقالىسىدە، ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئۆتكۈر تەنقىد قىلىدۇ ھەمدە پروزىدا ئىنسان قەلبىنىڭ ھەربىر دەقىقىلەردىكى تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ ئىچكى چىنلىقىنى ئىزدەشتەك ئىجادىيەت تەشەببۇسىنى شەرھلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاڭنىڭ ئېقىشچانلىقى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئىچكى چىنلىقىغا بولغان مۇئەييەنلەشتۇرۇشنىڭ كەينىگە ۋۇلفنىڭ رېئال تۇرمۇشتا جىنسىي پەرق چەكلىمىسىنى ساقىت قىلىش ئارزۇسى يوشۇرۇنغان، بۇ ئۇنىڭ «ئۆزۈمنىڭ بىر ئېغىز ئۆيۈم»دە ئىپادىلىگەن «ئىككى جىنسنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى» ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان ئىجادىيەت ئەقىدىسى بىلەن تامامەن بىردەك. ۋۇلف نۇرغۇن ئۇلۇغ ئەر يازغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاياللار ھازىرلاپ بولالمىغان تالانت ۋە پاراسەتنى كۆرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاياللارنىڭ ئىنسانىيەت روھىيىتىگە بىۋاستە يېتىپ بارالايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەشنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتقان. ۋۇلف مۇنداق دەيدۇ: «بىز شېكىسپىرنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇ ئىككى جىنسنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان. بۇنداق يازغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەگەر، ھەرقانداق بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ جىنسىي پەرقىنى ئويلىشىپ قالسىلا، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. نوقۇل ھالدا

ئەرلەرنىڭ مەيداندا تۇرۇۋالىدىغان ياكى نوقۇل ھالدا ئاياللارنىڭ مەيداندا تۇرۇۋالىدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ‹ئىككى جىنسنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى›نى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. بىر ئادەم ‹ئەرلەشكەن ئايال› ياكى ‹ئاياللاشقان ئەر› بولۇشى كېرەك ... ئەر ۋە ئاياللىدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئامىللىرى مۇئەييەن دەرىجىدە ماسلاشقاندىلا، ئاندىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تاماملىغىلى بولىدۇ.»

شۇڭا، ۋۇلف ئاڭ ئېقىمىنى تەسۋىرلەشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلغان، ئاڭ ئېقىمىدا تۇرۇۋاتقان ئەر ۋە ئايال باش پېرسوناژلارنىڭ روھىيىتىنىڭ سوقۇلۇشى ھەم بىرىكىشىدىكى مۇمكىنچىلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىزدىنىش تېمىسىغا ئايلانغان. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە راموچ ئەپەندى بىلەن راموچ خانىمنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، راموچ خانىمنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزلۈكى بىلەن ھەقىقىي ئۆزلۈكىنىڭ ئوخشىماسلىقى، لىلىنىڭ نىكاھتىن قورقۇشى، داللوۋې خانىم بىلەن ئېرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تىلى بىر، دىلى باشقا بولۇشتەك ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، سىتىفېننىڭ ئۆلۈۋېلىشى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى كۆرىمىز. بۇ باش تېما «ئورلاندو»دىكى باش قەھرىمان ئورلاندونىڭ جىنس ئۆزگەرتىشى، ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى ۋە ئۈمىدسىزلىكى ئارقىلىق تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەنئەنىنى قايتا تۇرغۇزۇش مۇساپىسىدە لېسسىڭمۇ ۋۇلفقا ئوخشاشلا «ئائىلىق ئورۇندىكىلەرنىڭ زوراۋانلىقى» ۋە «يازغۇچىلاردىكى توسالغۇ»نى باشتىن كەچۈرگەن. «تېرەمىنىڭ ئاستىدا» ناملىق تەرجىمىھالىدا لېسسىڭ ئۇرۇشنىڭ دادىسىغا بولغان غايەت زور تەسىرى توغرىسىدا، يەنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا دادىسىنىڭ بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈستىدە ھەم دادىسىنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپرەك توختالغان. ئۇ ئىككى ياشقا كىرمەستە دادىسىنىڭ ئۇنى ئېلىپ ئات مىنگەن چاغدىكى كۆرۈنۈش ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى تۇنجى ئەسلىمە بولۇپ قالغان:

*ئۇ ناھايىتى يوغان، ئاساۋ ئات ئىدى، مۇناردەك ئېگىز بۇ ئاتقا مىنىۋالغان دادام تېخىمۇ ئېگىزلەپ، باش ۋە مۇرىسى ئاسمانغا تاقاشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاتقا مىنگەندە يوغان، قاتتىق ھەم سىلىق ياغاچ پۇتى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان شىم ئىچىگە تېخىمۇ يوشۇرۇنۇۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. دادام يوغان قوللىرى بىلەن مېنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئالدىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئېگەرنى مەھكەم تۇتۇۋېلىشىمنى ئېيتتى، مەن قولۇمنى كۆچەپ سوزۇپ چوقچىيىپ تۇرغان قاتتىق بىر نەرسىنى ئاران دېگەندە تۇتۇۋالدىم. مەن يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. مەن ئاتنىڭ تېنىدىن چىقىۋاتقان ئىسسىق ھارارەت ۋە دادام بىلەن ئاتنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن پۇرىقى ئارىسىدا قالغانىدىم. ئات مېڭىشى بىلەنلا بەدىنىمىز قاتتىق چايقىلىشقا باشلىدى. مەن بېشىم بىلەن مۇرەمنى دادامنىڭ قورسىقىغا چاپلىۋالغىنىمدا ئۇنىڭ قاتتىق ياغاچ پۇتىنىڭ تارتىش كۈچىنى ھېس قىلالىغاندەك بولدۇم. يەر يۈزىدىن بىراقلا ئېگىزلەپ كەتكەچكە، بېشىم قېيىپ كەتتى. بۇ ئەسلىمە ھازىرمۇ شۇنداق ئېنىق، كۈچلۈك، دادامنىڭ تېنىدىكى شۇ خىل پۇراق ھازىرمۇ بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەكلا قىلىدۇ.*

لېسسىڭنىڭ دادىسى ئۇرۇش سەۋەبىدىن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردە قاتتىق يارىلانغان، بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دادا زوراۋانلىقنىڭ مۇجەسسىمى بولۇپ كۆرۈنگەن. «گىياھلار ناخشا ئېيتماقتا»دىكى مارى يېشى چوڭىيىپ كەتسىمۇ توي قىلمىغانلىقتىن جەمئىيەتنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرايدۇ، بۇ چاغدا جەمئىيەت دەل ئەرلەر ھوقۇقى زوراۋانلىقىنىڭ مۇجەسسىمىدىن ئىبارەت بولغان. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن چاققانلا توي قىلىدۇ، ئېرىگە ئەگىشىپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن، نېگىر ئەر مالايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماي، ئۇلار بىلەن بەك يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك رىچارد ۋەكىللىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا، مۇستەملىكىچىلىك ئېڭى ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زوراۋانلىققا ئايلانغان. «زوراۋانلىقتىكى بالىلار»ناملىق بەش قىسىملىق بىئوگرافىك روماندا، ماشا ھەر

خىل ئاماللارنى قوللىنىپ مۇستەملىكىچى ئائىلىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن مەكتەپتىن توختاپ قېلىپ، ئائىلىسىدىن يىراق جايغا كېتىپ خىزمەت قىلىدۇ، كېيىن كۆپچىلىكنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچراپ كەلگەن يەھۇدىي يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىش ئارقىلىق ئۆزى تەۋە بولغان ئاق تەنلىكلەر قاتلىمىدىكىلەر بىلەن قارشىلاشماقچى بولىدۇ؛ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن توي قىلىش ئارقىلىق چىقىش يولى تاپماقچى بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا رادىكال سول قاناتلار ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ماشانىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش خاراكتېرىنى ئالغان ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىن لېسسىڭنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەرلەر ھوقۇقى ئېڭى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئىنسان قەلبىنى بوغۇشىغا قارىتا سەگەك تونۇشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھالبۇكى، ئاياللار چوقۇم ئاتالمىش ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى ئارقىلىقلا ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەمدۇ؟ ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى ئارقىلىق چوقۇم ئازادلىققا ئېرىشكىلى بولامدۇ؟ مانا بۇ لېسسىڭ ئىزچىل تۈردە چوڭقۇر ئويلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردۇر.

«ئالتۇن رەڭ خاتىرە»دە لېسسىڭ «ئەركىن ئايال»نى پۈتۈن ئەسەرنى تەشكىللەپ تۇرغۇچى باش تېما قىلىپ، باش قەھرىمان ئاننا بىلەن ئۇنىڭ دوستى موللىنىڭ «ئەركىن ئايال» بولۇش كەچۈرمىشىنى تەسۋىرلەپ، ئاياللارنىڭ ئۆزگىچە پسىخىكىسىنى ۋاستە قىلىپ، ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئوخشىمىغان ئىرقلار ئارىسىدىكى ئىككى جىنس مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدەنگەن. خۇددى ئۇنىڭ ئەسىرى بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈش شەكلىگە ئىگە بولغىنىدەك، لېسسىڭ ئاياللار ئىقتىساد، ھېسسىيات ۋە پسىخىكا جەھەتتە ئەرلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلەمدۇ ـ يوق، فىزىئولوگىيە جەھەتتە ئەرلەرگە ئوخشاش تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولامدۇ ـ يوق، دېگەندەك مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب تاپالمىغانلىقتىن، ئازابلىق ھالدا «يازغۇچىلاردىكى توسالغۇ» ۋە «روھىي زىددىيەت»نى باشتىن كەچۈرگەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر ئەسەردە يازغۇچى سوئېل ئاننانىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى يېزىپ بېرىدۇ، ۋەھالەنكى ئاننامۇ سوئېلنىڭ كىتابى ئۈچۈن بىرىنچى جۈملىنى يېزىپ بېرىدۇ. بۇ خۇددى ئاننا بىلەن سوئېلدىكى «يازغۇچىلاردىكى توسالغۇ»نى داۋالىغاندەك ئۈنۈم بېرىدۇ. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشتا لېسسىڭ شەكىل جەھەتتىكى دەۋر قىلىش رولىنى ئويلىشىشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى ئەرلەر ۋە ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تايىنىشچانلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان. بۇ نۇقتىدا لېسسىڭ ۋۇلفقا ئوخشاش «ئىككى جىنسنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى» دېگەن ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلغان. ھالبۇكى، دەل مۇشۇ ئوخشاشلىق ئىچىدىكى پەرق ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا چىقارغان يەكۈنىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلارنى ئوخشاش بولمىغان ئاقىۋەتكە دۇچار قىلغان.

## ئاخىرقى سۆز

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋۇلف «ئىككى جىنسنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى» دېگەن بۇ ئەقىدىگە تولىمۇ ئىخلاس قىلغان، بۇ پەقەت ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتى ۋە پروزا نەزەرىيىسىگە ئائىت بايانلىرىدا ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىمۇ سىناق قىلىنغان. لېسسىڭ گەرچە «ئىككى جىنسنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئېنىق ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسەرلىرىدە ئوخشاشلا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدىكى ئۆزئارا رىشتە باغلاش ۋە تايىنىشنىڭ پەقەتلا ئىجتىمائىي ئېھتىياج ۋە پسىخىك ئېھتىياج سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. ھالبۇكى، رېئال تۇرمۇشتا ئىككى جىنس ھەقىقەتەن

بىر گەۋدىلىشىشتەك غايىۋى پەللىگە يېتەلەمدۇ؟

ۋۇلف «ئىككى جىنسنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى»نى ئۆز ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى غايە قىلىپ، ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىككى جىنس ئارىسىدىكى چەك ـ چېگراسىنى يوقىتىپ، مەنىۋى جەھەتتىكى بىرىكىش پەللىسىگە يېتىش تەشەببۇسىنى شەكىل جەھەتتىن ئاشكارا ئىپادىلىگەن. بىراق، سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى بىرىكىشنىڭ ئاستىغا قارايدىغان بولساق، ئىناقسىزلىقنىڭ يوشۇرۇن ئېقىمى ئۆركەشلەپ تۇرىدۇ، غايىۋى دۇنياغا بولغان خام خىيال ئىچىدە ئۆلۈمنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ۋۇلفقا ئوخشىمايدىغان يېرى، لېيسىنىڭ يۇقىرىقى ئەقىدىنى ئىزدىنىشىنىڭ باش تېمىسى قىلىپ، بۆلۈنۈش ھالىتىدىكى شەكلىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشتا بىرىكىشكە تەشنا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پىسخىك چىنلىقنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە رېئاللىقتىكى ئۈمىدسىزلىكتىن غايە نۇرلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئەنئەنىۋى ئائىلىرنىڭ ئەسلىمىسىنى ئىزدەشتە ۋۇلف بىلەن لېيسىنىڭ ئوخشاشلا ئەنئەنىنىڭ كەملىكىنى، تارىخنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كۆرگەن. ۋۇلف ئەنئەنىنى قايتا قۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدا مۇھەببەتكە تولغان ئەسلەش ئىچىدە ئەنئەنىنى چۆرۈپ تاشلاپ، مۇستەقىل غايىۋى دۇنيا قۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ غايىۋى دۇنيا چۈشى يوققا چىقىش بىلەن ئاخىرلىشىپ، كەڭ دېڭىزدا ئۇنىڭ جىسمى بىلەن بىرگە غايىب بولغان. لېيسىنىڭ بولسا ئاسىيلىق تۇسىدىكى ئەسلەش ئىچىدە ئەنئەنىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، رېئاللىقتىكى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تىرىششقا تېگىشلىك يۆنىلىشنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇ تارىخىي ساۋاقلار ۋە رېئاللىقتىكى ئۈمىدسىزلىكلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە بېشارەت بېرىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئۇ بولسىمۇ ھەربىر ئادەم ئۆزىدىن باشلاپ، ھازىردىن باشلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جەمئىيەتكە ئاتلىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ھەربىر ئادەم جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ، جەمئىيەت ھەربىر ئادەمگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئىناق بولغان ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىنى ۋە ئىناق مەۋجۇتلۇقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بەلكىم، بۇ لېيسىڭنىڭ بىزگە ۋۇلفتىن بەكرەك ئىلھام بېرەلىشىدىكى سەۋەب بولسا كېرەك.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

---

★ تەنھالىق ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، يالغۇزلۇق ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ.

—— يوسىپ رۇديارد (ئەنگلىيە)

★ ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك مۇھەببەت بالىلارنىڭ ساغلام، جۇشقۇن، مول مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ كاپالىتى.

—— سۇخوملىنسكىي (سوۋېت ئىتتىپاقى)

★ بالا تەربىيىلەشكە ۋاقىت چىقىرالماسلىق ئادەم بولۇشقا ۋاقىت چىقىرالماسلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

—— سۇخوملىنسكىي (سوۋېت ئىتتىپاقى)

★ بىزنىڭ بايلىق ياراتماي تۇرۇپ بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇش، بەخت ياراتماي تۇرۇپ بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىمىز يوق.

—— بېرنارد شاۋ (ئىرېلاندىيە)

★ ئەڭ ساددىسى ئەڭ كۆركەم، ئەڭ ئاددىي نەرسە ئەڭ مودا بولىدۇ، ئاددىي كىيىم، سۇس پەرداز كۆپ ھاللاردا كاتتا كىيىم، قويۇق پەردازنى بېسىپ چۈشىدۇ.

—— ماۋروئىس (فرانسىيە)

# يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تۈرك ئەدەبىيات تارىخى[1]

كەنان ئاقيۈز (تۈركىيە)

يۈسۈپجان ياسىن تەرجىمىسى

**تىياتىر.** تۈرك تىياتىرى ئەڭ زور تەرەققىياتقا جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە ئېرىشتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە مىللىي ئىنقىلاب يىللىرىدا ئىگىسىز قېلىپ، قالايمىقان پائالىيەتلەرنىڭ سورۇنىغا ئايلىنىپ قالغان تۈرك سەھنىسى جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن تېزدىن رەتكە سېلىنىپ، مۇھىم ۋە تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىش دەۋرىگە كىردى.

جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ( 1923 ــ 1939) تۈرك سەھنە ھاياتىنى ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىنىڭ تونۇلغان تىياتىر سەنئەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرغان ئۆمەكلىرى نورمال داۋاملاشتۇردى. ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىدە قۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىمۇ ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان ئەڭ مۇھىم ئۆمەكلەر: «دارۇلبەدايى»، «يېڭى سەھنە»، «ناشىد كومېدىيە ھەرىكىتى» ۋە «مىللىي سەھنە» قاتارلىقلاردۇر. بۇ باسقۇچتا «مۇھسىن قېرىنداشلار تىياتىرى»، «ئىنقىلاب تىياتىرى»، «تۈرك سەنئەت تىياتىرى»، «ئەنقەرە شەھەر تىياتىرى» قاتارلىق ئون بىر تىياتىر قۇرۇلدى.

دارۇلبەدايى ئۆمىكى 1926 - يىلى قايتىدىن ئىستانبۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ياردىمىگە ئېرىشتى، 1934 - يىلىغا بارغاندا ئۆزىنىڭ نامىنى «ئىستانبۇل شەھەر تىياتىرى» دەپ ئۆزگەرتتى. 1936 - يىلى تۈرك تىياتىرى دۆلەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېلىندى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئەنقەرەدە قۇرۇلغان ئەنقەرە دۆلەت كونسېرۋاتۇئارى[2] تۈرك سەھنە ھاياتىنى يېڭىدىن رەسمىي ۋە زامانىۋى بىر تەرتىپكە كىرگۈزدى. مەشھۇر گېرمان تىياتىر مۇتەخەسسىسى كارل ئېبېرت تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان بۇ مۇئەسسەسەنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرى 1940 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈردى.

تۈرك تىياتىر ئەدەبىياتىمۇ بۇ باسقۇچتا سەھنە ھاياتىدا كۆرۈلگەن جانلىنىش ۋەزىيىتىگە ماس ھالدا ھەقىقىي بىر تەرەققىياتنى نامايان قىلدى. ئارقا - ئارقىدىن تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابلار دەۋرىدە تۈركىيىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە كۇلتۇرەل ھاياتى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇردى، پۈتكۈل تۈرك ئەدەبىياتىغا ئوخشاش تۈرك تىياتىر ئەدەبىياتىمۇ بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سىرتىدا قالمىدى.

بىرىنچى باسقۇچتىكى تىياتىر ئاپتورلىرىنى ئۈچ كاتېگورىيىگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچىسى، سەھنە ئەسىرى يېزىشنى ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىدە باشلاپ، جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتۇرغانلار؛ ئىككىنچىسى، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋردە باشقا ئەدەبىي تۈرلەردە تونۇلۇپ، تىياتىر تۈرىنى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە سىناق قىلغانلار؛ ئۈچىنچىسى، ئەدەبىي شۆھرىتىنى جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چىقارغانلار. مانا بۇ ئۈچ كاتېگورىيىنى تەشكىل قىلغان قوشۇننىڭ تىياتىر ئەسەرلىرىدىكى تېمىلار ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ ۋە مول بولدى. ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىدىكى ئاساسىي تېمىلار كۆپىنچە پسىخولوگىيىلىك تېمىلار ئىدى، ئىجتىمائىي تېمىلار بەزى نادىر ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە چەكلىك بىر دائىرىگىلا (توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش، ئادەت ۋە شەكىللەر، ئەر ۋە ئاياللار مۇناسىۋىتى) مەركەزلىشىپ قالغانىدى. جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئانادولۇنىڭ باغرى-

① بېشى ئالدىنقىساندا.

② كونسېرۋاتۇئار ـــ بۇ فرانسۇزچە سۆز بولۇپ، مۇزىكا، تىياتىر ۋە باليېت ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەكتەپنى كۆرسىتىدۇ.

دا ئەمدىلا ئاخىرلاشقان بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ نەتىجىلىرىگە باغلىق ھالدا ئىجتىمائىي تېمىلاردىمۇ تېز كېڭىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. فارۇق نافىزنىڭ «زالىم» ناملىق شېئىرىي درامىسى تۈرك تىياتىر ئەدەبىياتىدا ئاناتولۇنىڭ يېزىلىرىغا يۈزلەنگەن ۋە دېھقانلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن تۇنجى ئەسەر ئىدى. لېكىن، دېھقان بىلەن زېمىندار زىددىيىتىنى ھېسسىي بىر ۋەقەنى مەركەز قىلىپ ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىگەن بۇ ئەسەرنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك قاراشلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئاساسلىق زېمىنى ئاناتولۇدىن ئىبارەت بولغان ۋە ئۆزىنىڭ مەركىزىنىمۇ مۇشۇ يەردە قۇرغان يېڭى تۈرك دۆلىتى ئۇرۇش چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش، تىنچ مەزگىللەردىمۇ دېھقانلارغا ھەقىقىي ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن زور غەيرەت كۆرسەتتى. يېزىنىڭ گۈللىنىش مەسىلىسى زىيالىيلارنىڭ داۋاملىق دىققىتىنى تارتتى. لېكىن، يېزىنى ئوبدان چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بۇ چاقىرىقىنى ھەم بىر خىل «مەجبۇرلاش» شەكلىدە چۈشەنگەن، ھەم ئۆزۈندىن بېرى «شەخسىي تېمىلارنى تەسۋىرلەش»كە كۆنۈپ قالغان شەھەرلىك يازغۇچىلارنى يېزا تېمىسىدا ئاسانلا ئىجادىيەتكە باشلاش مۇمكىن بولمايتتى. شۇ سەۋەبلىك، تۈرك دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەزەلدىن مەۋجۇت دەرد ـ ئەلەملەر (نامراتلىق، بىلىمسىزلىك، يەرسىزلىك، يايلاقسىزلىق، خۇراپىيلىق، تەبىئىي ئاپەتلەر) ھەققىدە پەقەت بەزى ھەۋەسكارلار بىرمۇنچە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بىراق، شەھەردىكى كەسپىي يازغۇچىلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان ۋە چۈشەنمەيدىغان تېمىنى قولغا ئېلىشقا قىزىقمىدى، قولغا ئالغانلارمۇ پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا يېقىنلىشىپ، نەزەرىيە ياكى رومانتىك بىر مەۋقە ئىچىگە كىرىپ قالدى. بۇ تېما تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى ياخشى چۈشىنىدىغان يازغۇچىلارنى كۈتۈشكە مەجبۇر ئىدى، بۇ يازغۇچىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا خېلى ۋاقىت كېتەتتى. جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ بۇ باسقۇچى ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇنتۇلغان تېمىلارنى قېزىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك تەييارلىق كۆرۈش دەۋرى ئىدى. بۇ تەييارلىقنىڭ نەتىجىسىمۇ ئىككىنچى باسقۇچنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن كېيىنلا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. يېزىنى گۈللەندۈرۈش تېمىسىدا دېھقانلارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇشتا ئەڭ چوڭ ۋەزىپە يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، بەزى يازغۇچىلار بۇ نۇقتىغا دىققىتىنى قاراتتى. ئاكا كۈندۈزنىڭ «يېزا مۇئەللىمى» ناملىق پىيەسسەسى مۇشۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭدا يېزىدا ئوتتۇز يىل خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئويلاپ باقمىغان بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن ئاناتولۇدىكى تاشلىنىپ قالغان بىر يېزىنى دۆلەتنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن شەكىلدە گۈللەندۈرۈشكە تىرىشقان بىر ئوقۇتقۇچى تېما قىلىنغان.

تۈرك تىياتىر ئەدەبىياتى جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا، يېزا تېمىسىدىن باشقا، يالقۇنى تېخى ئۆچمىگەن بۈيۈك مىللىي ئىنقىلاب تۈزۈك ئىپادىلەنمىدى، دەپ ئەيىبلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئەيىبلەش بۇ تېمىدىكى پىيەسسەلەرنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ، مىللىي ئىنقىلابنى تېما قىلغان پىيەسسەلەرنىڭ كۆپ قىسمى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭدىن مۇشۇ قېتىمقى خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولغانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ، 1935 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە يېزىلغان پىيەسسەلەر شۇ ئىنقىلابلارنى تېما قىلدى.

بىرىنچى باسقۇچتىكى تۈرك تىياتىر ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېمىلاردىن بىرى قەدىمكى تۈرك تارىخى ئىدى. تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى تالاي ئەسىرلەر سەل قارىلىپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن تۈرك كۇلتۇر ۋە مەدەنىيىتىنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ تونۇتۇش ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى قايتىدىن تىكلەش يولىدا ئاتاتۈركنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ دەۋردە ئېلىپ بېرىلغان جىددىي ھەرىكەتلەر زىيالىيلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. خەلقنى ئۆزلىرىگە پۈتۈنلەي يات بولغان مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇرنى مەدھىيىلەشتىن ۋە شۇ ۋاقىتقا قەدەر ۋۇجۇدىغا ئورناپ كەتكەن ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدىن كەڭ كۆلەمدە قۇتۇلدۇرغان بۇ

ھەرىكەتلەرنىڭ ئىجادىي تەسىرلىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە، شۇنىڭدەك تىياتىر ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتى. فارۇق نافىزنىڭ «ھۇجۇم»، «ئۆز يۇرت»، بەخچەت كەمالنىڭ «چوپان»، «ئاتىللا»، ياشار نابىنىڭ «مەتە»، باخزات بۇتاكىنىڭ «ئاتىللانىڭ تويى»، ئىسمەت ئۇلۇكۇرتنىڭ «سۇمېر مەملىكەتلىرى»، ئابدۇلھەق ھامىدنىڭ «خاقان»، ۋەھبى جەمئاشقۇننىڭ «ئوغۇز داستانى»، مۇستاپا كەمال ئەرگىنەقۇننىڭ «ئاتىللا» قاتارلىق پىيەسسەلىرى مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى مەنبە قىلدى. بۇ دەۋردە ئوسمانىيلار تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى تەسۋىرلىگەن يازغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى جەلال مۇساھىبزادە ئىدى.

ئۆزۈندىن بېرى بارلىق ئەدەبىي تۈرلەردە ئەڭ ئومۇمىي تېمىغا ئايلانغان پسىخولوگىيىلىك ئەسەرلەر بۇ دەۋردىمۇ قىزغىنلىقىنى يوقاتمىدى. لېكىن، بۇ دەۋردىكى پسىخولوگىيىلىك تېمىلار كۆپىنچە تۇغما ئىقتىدار ۋە ئەقلىي ھەرىكەتنى مەنبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە ئەخلاقىي قىممەتلەرنى يوققا چىقىرىشتەك كېسەلمەن ھالەتتىن خالىي بولالمىدى.

ئومۇمەن، دراما بىلەن بىرلىكتە، كومېدىيە ۋە مۇزىكىلىق پىيەسسەلەرمۇ ناھايىتى قىزىقىش قوزغىدى. يۈسۈپ زىيا ئورتاچ، ۋەدات نەدىم تۆر، سەرمەت مۇختار ئالۇس، رېشات نۇرى گۈنتېكىن، ھۈسەيىن راھمى گۈنپىنار ۋە جەلالەتتىن ئەزىنە قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم كومېدىيىلىرى بار ئىدى.

بۇ دەۋردە زور بىر تەرەققىياتقا ئېرىشكەن مۇزىكىلىق پىيەسسەلەرگە تاماشىبىنلار بەكلا قىزغىن بولدى. كۆپىنچە تېكىست يازغۇچى بىلەن مۇزىكا ئىشلىگۈچى ئايرىم كىشىلەردىن بولسىمۇ، تېكىست بىلەن مۇزىكا بىرلا كىشىنىڭ قولىدىن چىققان ئويۇنلارمۇ بار ئىدى. دەسلەپكى دەۋرنىڭ مەشھۇر مۇزىكىلىق پىيەسسە يازغۇچىلىرى يۈسۈف سۇرۇرى ئەرۆلۈچ، مۇخلىس ساباخاتتىن ئەزگى ۋە ئەكرەم رەشىت بەي قاتارلىقلار ئىدى. «ھەقىقىي ئەۋلاد» جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى تۇنجى تۈرك ئوپېراسى ئىدى.

تۈرك تىياتىرى تانزىمات دەۋرىدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن دۇنيا تىياتىر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتنى بۇ دەۋردىمۇ قوغدىدى، مەيلى تۈرك تاماشىبىنلىرى بولسۇن ياكى ياش تۈرك يازغۇچىلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ تۈرك تىياتىر مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى زور بولدى. تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمىگە تايانغان ۋە سانى ئۈچ يۈزگە يېقىنلاشقان چەت ئەل پىيەسسەلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى كۈلدۈرگە بىلەن ئاددىي كومېدىيىلەر تەشكىل قىلدى. جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا غەرب تىياتىر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تۈرك سەھنىلىرىدە ئوينالدى. سەھنە قائىدىسىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشى بىلەن بۇ پىيەسسەلەرنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈش سۈپىتىمۇ ئۆستى. بۇ دەۋردە ئىستانبۇل شەھەر تىياتىرىدا زامانىۋى بىر سەۋىيە بىلەن ئوينالغان غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە سان جەھەتتىن شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. ئۇنىڭدىن قالسا مولىېر، لابىچ، شىللېر، گيۆتې، تولستوي، دوستويېۋسكىي، گوگول، گوركىي، چېخوف، پىراندېللو، بېرنارد شاۋ ۋە سومېرسېت قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى.

دەسلەپكى دەۋردە تۈرك سەھنىلىرىدە چەت ئەل ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ ئوينىلىشىنىڭ مۇھىم ئىككى سەۋەبى بار ئىدى. بىرى، تۈرك تاماشىبىنلىرىنىڭ سانىنىڭ تۈرك سەھنە ھاياتىنى قاندۇرغۇدەك بىر دەرىجىگە يەتمىگەنلىكى، بولۇپمۇ تاماشىبىنلار تۈركۈمى قىممىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق بىر پىيەسسەنى بىرلا قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەچكە، تۈرك سەھنىلىرى ئۆز نومۇرلىرىنى ناھايىتى قىسقا بىر مەزگىلنى نىشان قىلىپ، ھەتتا بىر پىيەسسەنى پەقەت بىرلا قېتىم ئويناش ئۈچۈن تەييارلاشقا مەجبۇر بولدى. نومۇرلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىغا بولغان ئېھتىياج تۈپەيلى ئامالسىز تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەر زۆرۈر بولدى. يەنە بىرى، بۇ دەۋردە تۈرك تىياتىر يازغۇچىلىرىنىڭ سانىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى، شۇڭا تۈرك يازغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسمى تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەرنى ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

تانزىمات دەۋرىدە باشلىنىپ ئىككىنچى مەشرۇتىيەت دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان شېئىرىي پىيەسسەلەر ئەنئەنىسى جۇمھۇرىيەت دەۋرى تىياتىر ھاياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىمۇ داۋاملاشتى. بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاش-

تۇرغانلار ئىلگىرىمۇ شېئىرىي پىيەسسە يازغان ئابدۇلھەق ھامىد، خالىت فاھرى قاتارلىقلار بىلەن تىياتىردا شېئىرنى تۇنجى بولۇپ تەجرىبە قىلغان ھۇسەيىن سۇئات، فارۇق نافىز، مەھمەت فارۇق گۇرتۇنجا، بەخچەت كەمال، ياشار نابى قاتارلىقلار ئىدى.

ئومۇمەن، تۈرك تىياتىر ئەدەبىياتى بۇ دەۋردە تېز سۈرئەتلىك بىر تەرەققىياتقا تەييارلىق كۆرۈش باسقۇچىدا ئىدى. تېخنىكا جەھەتتىن روشەن بىر تەرەققىياتلار كۆزگە چېلىقمىسىمۇ، تىلنى ساپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ناھايىتى كۈچەيگەن بولسىمۇ، قىسمەن ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئېغىز تىلىدىنمۇ يىراقلاشمىدى.

جۇمھۇرىيەت دەۋرىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا تۈرك تىياتىرى رەتكە سېلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە كىردى. 1934 ـ يىلى دارۇل بەدايىنىڭ يېڭىدىن ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ «ئىستانبۇل شەھەر تىياتىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى ۋە 1936 ـ يىلى ئەنقەرەدە دۆلەت كونسېرۋاتۇئارىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن باشلانغان جىددىي رەتكە سېلىش خىزمىتىدىن كېيىن، تەرەققىياتلار تېز كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 1947 ـ يىلى كىچىك تىياتىر قۇرۇلدى، 1949 ـ يىلى چوڭ تىياتىر قۇرۇلۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئىككى تىياتىر بىرلەشتۈرۈلۈپ دۆلەت تىياتىرى ئومۇمىي مۇدىرلىقى قۇرۇلدى. تىياتىرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قىزىقىش قوزغىشى رەسمىي تىياتىرلارنىڭ سىرتىدىكى سەنئەتكارلارغىمۇ جاسارەت بېغىشلىدى ۋە خۇسۇسىي تىياتىرلارنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ تۈرتكە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەم سەھنە ئەسەرلىرى ھەققىدە نەزەرىيىۋى بىلىم بېرىش، ھەم تىياتىر ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇنىۋېرسىتېت سەۋىيىسىگە ئىگە قىلىپ، تىياتىر يازغۇچىلىرىنى ۋە دراماتورگلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسىتى بىلەن 1958 ـ يىلى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر تىياتىر ئىنستىتۇتىمۇ قۇرۇلدى.

بۇ دەۋردىكى تىياتىر ئەسەرلىرىدىمۇ ئالقىشقا ئېرىشكىنى يەنىلا دراما ئىدى، مۇزىكىلىق تىياتىرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كومېدىيە تۈرى ئانچە دىققەتنى قوزغىمىدى.

بۇ باسقۇچتا بىرىنچى باسقۇچتىكى بەزى تېمىلار (مىللىي ئىنقىلاب، ئىنقىلاب) بىلەن پسىخولوگىيىلىك تېمىلار يەنىلا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى باسقۇچنىڭ شېئىرلىرىدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان ئوتتۇرا ھال كىشىلەر (كىچىك بۇرژۇئازىيە) نىڭ تۇرمۇشى، غەم ـ قايغۇسى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە (كۆپىنچە ئائىلىۋى تۇرمۇشقا) مەركەزلەشكەن تېمىلار تىياتىردىمۇ كۆرۈلدى. لېكىن، بۇ تۇرمۇشتا ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار بىلەن كۆزقاراش ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىدا مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. تىياتىر مۇشۇ تەرىپى ئارقىلىق شېئىردىن بەكرەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بۇ باسقۇچتا جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىنقىلابلارنىڭ تەسىرى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئائىلە ئۇقۇمىدا ئاستا ـ ئاستا مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە بۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى ئىنكاسى، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى ھالەتلەر ۋە بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى بۇرۇنقى ھۆرمەت ۋە سۆيگۈنىڭ ئازلاپ كېتىشى، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار، روھىي تەڭپۇڭسىزلىق ۋە ناتوغرا نىكاھتىن شەكىللەنگەن بەختسىزلىكلەر ۋە ئاجرىشىشلارغا ئوخشاش تېمىلار بىلەن بىرلىكتە، چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن مۇناسىۋەتلەر، بۇ شەھەرلەردىكى تۇرمۇش شەكىللىرى، چوڭ شەھەرلەرگە يەرلەشكەن كىچىك شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دۇچ كەلگەن ئەھۋاللىرى، جىنايەت سادىر قىلىپ تۈرمىگە كىرگەن كىشىلەرنى جەمئىيەتنىڭ قايتىدىن قوينىغا ئېلىشى قاتارلىق جۇمھۇرىيەتتىن كېيىنكى شارائىتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان تېمىلىرىمۇ بار ئىدى. بىرمۇنچە روھىي ئامىللارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرلىكتە، ئىجتىمائىي تەرىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئاپتورلىرى ۋەدات نەدىم تۆر، رېشات نۇرى گۇنتېكىن، ئاخمەد قۇدسى تاجەر، جەۋات فەھمى باشقۇت، ساباختتىن قۇدرەت ئاكسال، نەجاتى جۇمالى، نازىم كۇرشۇنلۇ، كەمال تۆزەم، تۇرغۇت ئۆز ئاقمان، رەفىق ئەردۇران، چەتىن ئالتان قاتارلىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەدات نەدىم تۆر، خالدۇن تانەر، رىشات نۇرى گۇنتېكىن قاتارلىق يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي

مۇھىتنى سىياسىي چۈشەنچە دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، بەزىدە مەسخىرىنىمۇ ئارىلاشتۇردى.

بۇ دەۋردە يېزا تېمىسى رومان ۋە ھېكايىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىياتىر تۈزىدە بۇ سەۋىيىگە ئۇلىشالمىدى. تارىخىي تېمىلار بولسا بۇ دەۋردىمۇ بۇرۇنقى قىزغىنلىقىنى ساقلىدى. لېكىن، تارىخىي مۇھىت بولسا قەدىمكى تۈرك تارىخىدىن ئوسمانىيلار دەۋرىگە قاراپ تارىيىپ ماڭدى. ئاخمەد قۇدسى تەجەر بىلەن ئورخان ئاسېنا مۇشۇ خىل تېمىدا ئەسەر يازدى. فارۇق نافىز چاملىبەل، ئاۋنى جاندار، تاخا توروس ھامدى ئولجاي، نەجىپ فازىل كىساكۈرەك قاتارلىقلار مىللىي ئىنقىلابنى تېما قىلدى.

بۇ دەۋرنىڭ تىياتىر ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق تېمىلاردىن بىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىنكى ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلاردىن پەيدا بولغان قاتتىق ئەندىشىلەر ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، روھىي تېمىلارغىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن بېرىلگەنىدى.

بىرىنچى باسقۇچتا كۆپىنچە تارىخىي ۋە مىفولوگىيىلىك① تېمىلاردا يېزىلغان شېئىرىي پىيەسسەلەر ئىككىنچى باسقۇچتىمۇ بۇ ئالاھىدىلىكنى يوقاتمىدى، سەلاھاتتىن باتۇ بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈرنەكلىرىنى ياراتتى.

مۇزىكىلىق تىياتىردا بىرىنچى باسقۇچقا سېلىشتۇرغاندا بىر پەسىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ خىل پەسىيىش ۋەزىيىتى تاماشىبىنلارنىڭ ئويۇن سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئەمدى ئارتۇقچە پىيەسسەگە ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئاساسلىق مۇزىكىلىق تىياتىر يازغۇچىلىرى يەنىلا يۇسۇف سۇرۇلۇ ئەرۇلۇچ، مۇخلىس ساباخاتتىن ئەزگى، سادىق شەندىل، رەفىق كەمال ئاقدۇمان ۋە مەھمۇد يەسارى قاتارلىقلار ئىدى. دۇنيادىكى مەشھۇر مۇزىكىلىق تىياتىرلاردىن بۇ دەۋردە يېڭىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغانلىرى يوق ئىدى.

دۇنيا تىياتىر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە كەلسەك، دۇنيا تىياتىر ئەدەبىياتىدىن قىلىنغان تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەرنىڭ سانىدا روشەن دەرىجىدە بىر ئازىيىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، فرانسۇز يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن قىلىنغان تەرجىمىلەرمۇ ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن قىلىنغان تەرجىمىلەر ئىگىلىدى. دۇنيا تىياتىر ئەدەبىياتىنىڭ گىگانت كىشىلىرىدىن بولغان شېكىسپىر بىلەن موللىېرنىڭ پىيەسسەلىرى بۇ دەۋردىمۇ تۈركچىگە ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىندى. مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقى 1940 - يىلى دۇنيا كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىغاندا، شۇ ۋاقىتقا قەدەر تۈرك تاماشىبىنلىرىغا يات ھالەتتە قالغان قەدىمكى گرېك ۋە لاتىن يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىندى.

ئىككىنچى باسقۇچنىڭ تىياتىر ئەسەرلىرىدە تېخنىكا جەھەتتىنمۇ خېلىلا زور بىر تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. تىل جەھەتتىن بولسا ئېغىز تىلى ۋە ئۇنىڭ لېكسىكا، ئاتالغۇ ۋە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق قوبۇل قىلىندى.

جۇمھۇرىيەت دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا (1960 — 1980) تۈرك تىياتىرى زور دەرىجىدە جانلاندى، لېكىن سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ جانلىنىش سۈپەت جەھەتتىكى تەرەققىياتتىن بەكرەك سان جەھەتتىكى تەرەققىيات ئىدى. بۇ، سەھنە قۇرۇلۇشلىرىدىن تارتىپ يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانىغا ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ موللۇقىغا قەدەر چېتىلاتتى. ئۈچىنچى باسقۇچتا ئىستانبۇل بىلەن ئەنقەرەدە ئەللىككە يېقىن مەخسۇس تىياتىرخانا قۇرۇلدى. مەخسۇس تىياتىرخانىلارنىڭ بۇ قەدەر كۆپىيىشىدە تاماشىبىنلار سانىدىكى ئارتىشتىن باشقا يەنە بىر سەۋەب، بۇ دەۋردە بەزى تىياتىر يازغۇچىلىرى ئىدېئولوگىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. بۇ دەۋردە ئوڭچىل ئىدېئولوگىيىنىڭ تىياتىر بىلەن زادىلا ئالا-

① مىفولوگىيە — بۇ فرانسۇزچە سۆز، مۇنداق ئىككى مەنىدە چۈشىنىلىدۇ. بىرى، ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان مەنىلەرنى ئىزاھلايدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان پەن. يەنە بىرى، بىر مىللەتكە، بىر دىنغا، بولۇپمۇ گرېك ۋە لاتىن مەدەنىيىتىگە ئائىت بارلىق مىف ۋە ئەپسانىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، گرېك ئەپسانىلىرى دېگەندەك.

قىسى بولمىغان بولسىمۇ، سولچىل ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق فۇنكسىيىسى تىياتىر بىلەن زىچ بىرىكىۋالدى ۋە ئۇنى بىر تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن، 1970 ـ يىلىدىن كېيىن مەخسۇس تىياتىرخانىلار ئاساسەن ئىدېئولوگىيىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئىدېئولوگىيە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەندە، بۇ تىياتىرخانىلاردا ئوينالغان ئويۇنلارنىڭ قىممىتىمۇ تېزلا تۆۋەنلەپ، «بايانات» سەنئەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. سەنئەتتىن خالى بۇ ئەھۋال ئالدىدا تىياتىر ئەسىرىنى ھەممىدىن ئاۋۋال بىر سەنئەت ئەسىرى ھېسابلايدىغان تاماشىبىنلار تويىمۇ تىياتىردىن قول ئۈزۈشكە باشلىدى. 1971 ـ يىلى يۈز بەرگەن 12 ـ مارت مۇداخىلىسى بىلەن ئىدېئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەر ساھەدە تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى تىياتىردىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. تاماشىبىنلار تىياتىردىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىققاندا، مەخسۇس تىياتىرخانىلاردىكى ئىقتىسادىي تەۋرىنىش بىر كرىزىسقا ئايلاندى. بۇ تىياتىرخانىلار 1972 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بىر ـ بىرلەپ تاقىلىشقا باشلىدى. ئەينى يىللاردا تۈركىيىدە يۈز بەرگەن ۋە بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە پۇل پاخاللىقىمۇ مەخسۇس تىياتىرخانىلارنىڭ قايتىدىن ئېچىلىشىغا ئىمكان بەرمىدى، ناھايىتى بۇرۇن قۇرۇلغان ۋە سەنئەت سەۋىيىسىنى قوغداپ كەلگەن مەخسۇس تىياتىرخانىلارمۇ ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالدى.

ئارقىدىن، سەھنە خىزمىتىدىكى جانلىنىشقا ماس ھالدا بۇ دەۋردە تىياتىر ئەدەبىياتىدىمۇ بىر تەۋرىنىش بولۇپ، تىياتىر يازغۇچىلىرىنىڭ سانى تېزلا كۆپەيدى. ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىگە ئوخشاش بۇ يازغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى ئەسلىي شۆھرىتىنى باشقا تۈرلەردە چىقارغان، ئەمما پىيەسسە يېزىشنىمۇ تەجرىبە قىلغانلار، بىر قىسمى پەقەت پىيەسسە يازغۇچىسى سۈپىتىدىلا ئەسەر يازغانلار ئىدى. بۇ ئىككى تۈركۈمدىكى يازغۇچىلار تىياتىرنى مۇھىم ئورۇنغا قويغانىدى، بۇلارنىڭ سىرتىدىكىلەر بولسا تىياتىر ئەسىرىنى پەقەت بىر ئىدېئولوگىيىلىك تەشۋىقات ۋاستىسى دەپ قارىغانلار ئىدى. يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ سانى ئۆچىنچى باسقۇچتا سەكسەنگە يېقىنلاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرى گۈنگۆر دىلمەن، سۇئات تاشەر، تۇرخان ئوفلازئوغلۇ، مۇنىس فائىك ئۆزانسوي، مۇستاق نەجاتى سەپەتچىئوغلۇ، سەلچۇك كاسكان، ئەزىز نەسىن، ئادالەت ئاغائوغلۇ، گۈنەر سۇمەر، ھىدايەت ساين، باشار سابۇنجۇ، ساباخاتتىن ئەنگىن، ئورخان كەمال، رەجەپ بىلگىنەر قاتارلىقلار ئىدى.

بۇ دەۋردىكى تىياتىر ئەسەرلىرىدە دراما ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەش بىلەن بىرلىكتە، كومېدىيە تۈرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭدا ئەسلىدە مىزاھ ساھەسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يازغۇچىلارنىڭ تۆھپىسىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

تېما جەھەتتىن بۇ باسقۇچتا بۇرۇنقى باسقۇچلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ پەرق يوق ئىدى. لېكىن، بۇ ئورتاق تېمىلارنىڭ بەزىلىرىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. پسىخولوگىيىلىك تېمىلار بىلەن كۆپىنچە ئائىلىۋى مۇھىت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تېمىلار بۇرۇنقىدەكلا بۇ باسقۇچتىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى. تارىخىي ۋە مىفولوگىيىلىك تېمىلاردىكى، بولۇپمۇ يېزا ۋە سىياسىي تۈزۈمگە ئائىت تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپەيدى. بۇ ئىككى خىل تېمىدا شەكلى ۋە دەرىجىسى پەرقلىق بولغان يوشۇرۇن بىر تەنقىدنىڭ بولغانلىقىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

بۇ باسقۇچتا بىرىنچى باسقۇچتىكىگە ئوخشاش چوڭ شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا ھال سىنىپقا تەۋە ئائىلەردىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەر، ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇزۇلۇشقا باشلىغان قەدىمىي تۈرك ئائىلىسى، ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئائىلە بويىچە كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلەرنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققان ناچار ئەھۋاللار، پېنسىيونىرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشالماسلىقى، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەر قاتارلىق ئائىلە ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەنبە قىلغان ۋەقەلەر تەسۋىرلەندى. ئاساسلىق يازغۇچىلىرى بوسا شاخاپ سىتكى،

تۇرغۇت ئۆزئاقمان، ئەزىز نەسىن، نازىم كورشۇنلۇ، ئادالەت ئاغائوغلۇ، نازىم ھىكمەت، ھىدايەت سايىن، ساباخاتتىن ئەنگىن، ساباخاتتىن قۇدرەت ئاكسال، جاھىت ئاتاي، مەلىھ ۋاسساق، ئورخان كەمال ۋە ئاخمەق ئوكتاي قاتارلىقلار ئىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تېمىلىق پيەسسەلەردە ئائىلە مۇھىتىدىن قالسا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان تېما ھەر خىل مۇھىتتىكى كەڭ يېزىلار ئىدى. ئانادولۇ دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بىر قاتار مەسىلىلەرگە، يەنى يەرسىزلىك، ئوتلاقسىزلىق ۋە زېمىندارلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن دېھقانلارنى ئېزىپ قاقتى ـ سوقتى قىلىشى، زېمىندار بىلەن دېھقان زىددىيىتى، زېمىندارلار بىلەن باشقۇرغۇچىلار زىددىيىتى، يېزا باشلىقى بىلەن دېھقانلارنىڭ زىددىيىتى، يەرسىزلىك سەۋەبىدىن ئورمانلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى، قان دەۋاسى ۋە مەسىلىلەرگە چارە تېپىش سىياقىغا كىرىۋالغان دېماگوگ① قاتارلىقلارنى بۇ دەۋرنىڭ تىياتىر يازغۇچىلىرى ئەكس ئەتتۈردى.

چوڭ شەھەرنىڭ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي قىسمىدىن، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ۋە پەرقلىق بىر ئىجتىمائىي قىسمى بولغان يېزا تېمىسىدىن قالسا، پۈتكۈل خەلق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىدارە قىلغۇچىلار گۇرۇھى ئاساسىي تېمىغا ئايلاندى. بۇ گۇرۇھنىڭ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتىكى پوزىتسىيىسىنى ياقتۇرمىغان يازغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزىنىڭ چۈشەنچە ۋە تەنقىدلىرىنى بىلدۈرگىنىدەك، يەنە بىر قىسمى بۇ جەھەتتىكى تەنقىدلىرىنى مەلۇم بىر ئىدېئولوگىيىنىڭ چۈشەنچىلىرى سۈپىتىدە نامايان قىلدى. ئىدارە قىلىشتىكى بارلىق نۇقسانلارنى تۈزۈمنىڭ ئاجىزلىقىغا باغلىغان ئىككىنچى تۈركۈمدىكى يازغۇچىلارنىڭ مۇھىم تەنقىدلىرى «سىياسىي بېسىم، ئىقتىسادىي سۈمۈرگۈچىلىك، ھۆرىيەتسىزلىك» مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتى. ئۇلار بىردىنبىر چىقىش يولى سۈپىتىدە تۈزۈمنى يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىشنى تەۋسىيە قىلدى. بەزى يازغۇچىلار تۈركىيىنىڭ تۈزۈمىدىكى نۇقسانلارنى، يەنى بيۇروكراتلىق، ۋەتەنداشلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي تەڭپۇڭسىزلىق، پارىخورلۇق، يولسىزلىق، دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ خەلققە ناچار مۇئامىلە قىلىشى، سەرمايىچى گۇرۇھلارنىڭ خەلقنىڭ ئىقتىسادىنى سۈمۈرۈشى، تەپەككۇر ۋە مەتبەئە ھۆرىيەتسىزلىكى، بەزى ئۆلىمالارنىڭ خەلقنى ئالداپ مەنپەئەتكە ئېرىشىشى، قىز كۆرۈش (ئەلچىلىك)، باشلىق پۇلى② ۋە قىمارۋازلىق قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن تۈزۈم ئۆزگەرتىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلماي، بۇ نۇقسانلارنىڭ تۈزىتىلىشىنىڭ پەقەت تەربىيە ـ مائارىپ، ۋاقىت ۋە ماددىي ئىمكانىيەت مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىنساننىڭ ئۆزىنى ياكى مۇھىتنى مەنبە قىلىپ يەنە ئىنساننىڭ ئۆزىنى تەسۋىرلىگەن ۋە ھەر دەۋردە ئۆزىنىڭ سالماق ئورنىنى قوغدىيالىغان پسىخولوگىيىلىك تېمىلار بۇ دەۋردىمۇ قىزىقىش قوزغىدى. ئەڭ كىچىك بىر تۇرمۇشتىن ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى ھاياتقا قەدەر قانداق بىر مۇھىت تەسۋىرلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە ئىنسان مەركەز قىلىندى. چەتىن ئالتان، تۇرغۇت ئۆزئاكمان، جاھىت ئاتاي شاھاپسىتكى، خالدۇن تانەر، يىلدىرىم كەسكىن، ئورخان ئاسېنا، ئوكتاي رىفات، نازىم كورشۇنلۇ، ئادالەت ئاغائوغلۇ، ئايدىن ئارت، نازىم ھىكمەت، مەلىھ ۋاسساق، مەلىھ جەھدەت ئانداي ۋە جەۋات فەھمى باشقۇت قاتارلىق يازغۇچىلار پيەسسەلىرىدە ئىنساننىڭ ئۆز دۇنياسىنى، يەنى جەمئىيەتتە ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلىش، تەلۋە سۆيگۈنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى، جەمئىيەتتىن كېلىۋاتقان بېسىملارنى ئاڭ دۇنياسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ خىيالىي بىر تەرەپ قىلىش، ھەقىقىي ھايات ئىچىدە ئەمەس، خىيالىي ھايات ئىچىدە

① دېماگوگ ــ بۇ فرانسۇزچە سۆز بولۇپ، مەلۇم بىر خەلق توپىنىڭ ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، كۆپتۈرمە، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىش، خۇشامەتچىلىك قىلىش ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② باشلىق پۇلى ــ تۈركىيىنىڭ بەزى يەرلىرىدىكى قىز ـ يىگىت تويىدا ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ دادىسىغا بېرىشكە تېگىشلىك پۇل ياكى مال.

ياشاش، كۆڭۈلسىزلىكلەر، گۇمان، ئەندىشە، ۋەھىمە، ئىچىنى بوشىتىۋېلىپ راھەت ھېس قىلىش، يوقاتـ
قان ئىشەنچنى قايتا تىكلەش، ئېغىر بۇرۇقتۇرمىلىقتىن كېيىن ھاياتقا قايتىدىن تۇغۇلۇش، دۇنيانى يېـ
باشتىن چۈشىنىش، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىن شەكىللەنگەن بەخت، سۆيگۈ ۋە سۆيۈلۈش ئىستىكى ۋە قىپـ
رىلىق پسىخولوگىيىسى قاتارلىقلارنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدى.
مىفولوگىيىلىك ۋە تارىخىي تېمىلار بۇ دەۋردىمۇ داۋاملىق كۆپەيدى. تۈرك مىفلىرىدىن ئاسۇر مىفلىـ
رىگە قەدەر تۈرلۈك مىفلەرگە تايانغان مۇھىم ئەسەرلەر «مەتە»، «مىداسنىڭ قۇلاقلىرى»، «ئاكادنىڭ ئوقياـ
سى»، «مىداسنىڭ ئالتۇنلىرى»، «مېدىئا»، «پەرھات ۋە شېرىن»، «بۈيۈك ئوتمارلار»، «ئوغۇزخان» قاتارلىقلار
ئىدى. بۇ دەۋردە يەنە بىرمۇنچە يازغۇچىلار ئانادولۇنىڭ فەتھە قىلىنىشىدىن مىللىي ئىنقىلابقىچە بولغان
دەۋرنى تېما قىلغان تارىخىي پيەسسەلەرنى يازدى.
تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە پات ـ پات ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئورۇشقا قارشى كەيپىياتمۇ بۇ
دەۋردىكى بەزى پيەسسەلەرگە تېما بولدى. بۇ تېمىنى تەسۋىرلىگەن يازغۇچىلار ئىچىدە ئەزىز نەسىننىڭ
«ئۇشتەك سانقۇچىلار بىلەن چوتكا سانقۇچىلارنىڭ ئۇرۇشى»، بەكىر بۈيۈكئاركىننىڭ «تۇمان»، فەردى مەرـ
تەرنىڭ «قورال ۋە گۈل» قاتارلىق پيەسسەلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.
ئۈچىنچى باسقۇچتا يەرلىك ۋە ئەنئەنىۋى تىياتىرنىڭ (مەيدان ئويۇنى، كاراكۆز ئويۇنى، مەدداھلىق) ماـ
ھارەت، تىل ۋە دىئالوگ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلىكتە، تېما ۋە ئوبرازلىرىدىنمۇ پايدىلىنىپ ھازىرقى
زامانىنىڭ تىياتىرلىرىغا يەرلىك تۈس قوشۇلدى ياكى يەرلىك تىياتىرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ
بەزى تەجرىبىلەر ئىشلەندى.
جۇمھۇرىيەت دەۋرى تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا تۈرك تىياتىرىنىڭ چەت ئەل تىياتىر
ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېخىمۇ كېڭەيدى. بۇ دەۋردە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن تەرجىمە قىلىنـ
غان تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ سانى ئالدىنقى ئىككى باسقۇچتا تەرجىمە قىلىنغان پيەسسەلەرنىڭ ئومۇمىي
سانىغا يېقىنلاشقانىدى. ئىككىنچى باسقۇچتا ئۆزلەشتۈرمە ئەسەرلەردە كۆرۈلگەن ئازىيىش ئەھۋالى بۇ باسـ
قۇچتىمۇ داۋاملاشتى ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەسەر يېزىش بەكلا ئازلاپ كەتتى. تەرجىمە ئەسەرلىرىدىكى دىققەتنى
تارتىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، غەربىي ياۋروپا كلاسسىكلىرى ئىچىدە موللىيېرنىڭ ئەسەرلىرى يەنىلا ئۆز ئورـ
نىنى يوقاتمىدى، لېكىن شېكىسپىيېرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يېڭى تەرجىمىسى ئىشلەنمىدى. بىراق، غەربلىك
باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قىلىنغان تەرجىمىلەر كۆپەيدى.
مەيلى تاماشىبىنلار ياكى ياش تىياتىر ئاپتورلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ تىياتىر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشىغا ناھايىتى پايدىلىق بولغان بۇ تەرجىمە ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلىكتە، تىياتىر مەدەنىيىتىـ
نىڭ ۋە سەنئىتىنىڭ ئاكادېمىيە سەۋىيىسىدە تونۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئىككىنچى باسقۇچتا ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىـ
تېتىدە تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن باشلانغان خىزمەتلەرمۇ داۋاملىق كېڭەيتىلدى. تىياتىرـ
نىڭ تۈرلۈك تېمىلىرىنى تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە 1970 ـ يىلى بىر تىياتىر تەتقىقات ئىنستىتۇتى قۇـ
رۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1976 ـ يىلى ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىدا بىر تىياتىر
بۆلۈمى، 1979 ـ يىلى ئىستانبۇلدىكى گۈزەل سەنئەت ئاكادېمىيىسىدە ئوبرازلىق سەنئەت سىنىپى قۇرۇـ
لۇپ ئوقۇتۇش باشلاندى.
كېيىنكى دەۋرلەردە قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۈرك تىياتىر سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتى
ئىزچىل تەرەققىي قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيىدە تىياتىر ئەسىرىنى ئاۋۋال سەنئەت ئەسىرى دەپ توـ
نۇيدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىدىغان بىر تۈركۈم يازغۇچىلار
قوشۇنى بار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# داڭلىق شەخسلەرگە ئائىت سەرخىل ھېكايىلەر

ئازات ئالماس تەرجىمىسى

## ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىغا جەڭ ئېلان قىلغان بايرون

بايرون بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسىگە ئىگە ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى، شۇنداقلا 19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىسى.

بايرون باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدا ئاقساق بولغاچقا، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئانچە قاتناشمايتتى، شۇڭا بەدىنىمۇ ئاجىز ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ تەنتەربىيە مەيدانىدا توپ ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ تۇراتتى، ساغلام ۋە كەپسىز يېنىس ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بايروننى بوزەك قىلغۇسى كەلدى ـ دە، ئۇنى توپ ئوينايمىز، دەپ زورلاپ تۇرۇۋالدى. بايرون قايتا ـ قايتا سەۋەب كۆرسىتىپ ئۇنىمىدى، ئەمما بولدى قىلغۇسى كەلمىگەن يېنىس كۆڭلىگە يامان غەرەز پۈكۈپ، بايروننى ئىزا ـ ئاھانەتتە قالدۇرماقچى بولدى ۋە بىر سېۋەتنى ئەكېلىپ، بايرونغا: «بىر پۇتۇڭغا سېۋەتنى كىيىپ، تەنتەربىيە مەيدانىنى بىر ئايلىنىپ چىق» دەپ زورلىدى. بايرون گەپ قىلماي، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ، يېنىسنىڭ ئەدىپىنى بىر بەرمەكچى بولدىيۇ، ئارقىدىنلا كۆڭلىدىن: «مەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيمەن؟» دېگەن ئوي كېچىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتتى ۋە سېۋەتنى پۇتىغا «كىيىپ» دىڭگۇسلىغىنىچە مەيداننى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى ساۋاقداشلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تېلىقىپ كۈلدى. بىر خىل خورلۇقتىن ئازابلىنىپ كەتكەن بايرون ئۆزىنى زورغا بېسىۋېلىپ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇ: «يېنىس مېنى قاراپ تۇرۇپ خورلىدى، بۇ ئاجىزلىقىمنىڭ كاساپىتى. خەپ! ئەتىدىن باشلاپ توپ ئويناشنى، مۇشتلىشىشنى مەشىق قىلمايدىغان بولسام، ئاقساقلارنىڭ بۇلارنى مەشىق قىلالمايدۇ، دېگىنىگە ئىشەنمەيمەن!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. دەرۋەقە، بايرون دېگەن كۈنىدىن باشلاپ تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ بەدەن چېنىقتۇردى، ئورۇقلاش ئۈچۈن گۆش يېمەي، دائىم دېگۈدەك مېۋە مۇرابباللىرىنى ئىستېمال قىلدى، قورسىقى ئېچىپ كەتسىمۇ چىداپ ئازراق يېپچىنە يەپ، سۇ ئىچىپ ئۆزىنى چېنىقتۇردى. بىر يېرىم يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ بەدەن ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بايرون مەكتەپ ئۆتكۈزگەن تەنتەربىيە پائالىيىتىدە بوكس مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، خۇددى كېلىشىۋالغاندەك يېنىس بىلەن بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ قالدى... مۇسابىقە باشلاندى، ئۇشتەك ئاۋازى بىلەن تەڭلا، ئىككىيلەن كەسكىن ئېلىشىشقا چۈشتى. ئەتراپتىكىلەر، ئاقساق بايرون چوقۇم يېڭىلىدۇ، دەپ ئويلاشتى. ئېلىشىش ئۇزۇن داۋاملاشتى، قاۋۇل، كۈچلۈك كەلگەن يېنىسنىڭ بارا ـ بارا مادارى قالمىدى، بايرون ئېلىشقانسېرى كۈچىيىپ، رەقىبىنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. تۇيۇقسىز بايرون يېنىسنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. تاماشىبىنلار گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ، بايروننىڭ ئىرادىسىگە، كۈچ ـ مادارىغا ۋە چىداملىقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

بايرون ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئاتاقلىق خارروۋ ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىردى، ئەمما مەكتەپنىڭ

شارائىتىغا كۆنەلمەي بەكلا ئىچى سىقىلدى. دېمىسىمۇ مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى بەكلا قاتتىق ئىدى، ئوقۇغۇچىلار ھە دېسىلا جازاغا ئۇچراپ، ھەممىسى دېگۈدەك ياغاچ قونچاققىلا ئوخشاپ قالاتتى. يەنە كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى چوڭراقلىرى كىچىكلەرنى، كۈچلۈكلىرى ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى.

بۇ ئىشلار كۆزىگە سىغمىغان ئون تۆت ياشلىق بايرون شېئىر يېزىپ تەسەللى تاپاتتى.

ئۇ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى، مەشھۇر كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى، بۇ يەرمۇ ئوخشاشلا زېرىكىشلىك ئىدى. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا كىتابتا نېمە بولسا شۇنى ئوقۇپ بېرەتتى، ئازراقمۇ يېڭى مەزمۇن، ئىدىيە يوق ئىدى. بولۇپمۇ، بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناشلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ بىئارام قىلىۋەتتى. ئوقۇغۇچىلار ھاراقنى غەرق مەست بولغۇچە ئىچەتتى، قىمارنى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ بولۇشچە ئويناپتتى، بولمىسا ئۆزلىرىنى يارامسىز دەپ قارايتتى. ئەتراپنىڭ پۈتۈنلەي چىركىنلىكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بايرون ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلمىدى. ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى، قىمار ئويناشمايتتى، ئات مىنىش، قىلىچۋازلىق، سۇ ئۈزۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى ياكى ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇيتتى، بېرىلىپ شېئىر يازاتتى. ئۇ كۆپلىگەن تارىخ ۋە ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇپ، فرانسىيىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىقى، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ئىدىيىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تولۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بايرون جەمئىيەتنىڭ ئادالەتسىزلىكى، كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىقلارنى قەلىمى ئاستىغا ئالدى ۋە كەينى ـ كەينىدىن يارقىن، ئۆلمەس شېئىرلارنى روياپقا چىقاردى.

ئون توققۇز ياشقا كىرگەن بايرون تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «بوشاڭلىق پەيتى»نى ئېلان قىلدى.

مەشھۇر ئوبزورچى ھېنرى برادخامېر «ئېدىنبۇرگ ئوبزورى»دا ماقالە ئېلان قىلىپ، بايروننىڭ بۇ تۇنجى شېئىرلار توپلىمىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭدىن بايروننىڭ ياش قەلبى يەتكۈچە شىكەستلەندى، ئۇ ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە، يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن يىلى «ئەنگلىيە شائىرى ۋە شوتلاندىيە ئوبزورچىسى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى.

1809 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، بايرون كامبرىجدىن ئايرىلىپ ياۋروپاغا بولغان ساياھىتىنى باشلىۋەتتى.

ئۇنىڭ يول ئۈستىدە يازغان داستانى «خارروۋېردىنىڭ ساياھىتى» نىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى بابلىرى 1813 ـ يىلى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپا شېئىرىيەت مۇنبىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، مۇشۇ داستان بىلەن بايروننىڭ داڭقى چىقىپ كەتتى.

### ئىلھام ۋە تەسىرات

بايرون مۇنداق دەيدۇ: «ئوڭۇشسىز شارائىت ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ داغدام يولىدۇر.» مۇشكۈل مۇھىت ۋە ئوڭۇشسىز شارائىت كىشىنىڭ ساپاسىنى تاۋلايدۇ، تالانتىنى كۆچەيتىدۇ، يەنى مىجەز ـ خاراكتېرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە پەۋقۇلئاددە قىممەتكە ئىگە. سىز تىرىشچانلا بولسىڭىز، مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلالايسىز.

## ئىرادىسىدىن قىلچە بوشاشمايدىغان چېرچىل

1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، گېرمانىيە پولشاغا ھۇجۇم قىلىپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى. چېمبېرلېن ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى بەربات بولدى. 1940 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەنگلىيە پادىشاھى دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىلغا ئىچكى كابىنېتنى تەشكىللەش ھوقۇقىنى بەردى. چېرچىل خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش نۇتقى ئېلان قىلدى: «مېنىڭ باشقا نەرسەم يوق، پەقەت ئىسسىق قېنىم، جاپالىق ئەجرىم، كۆز يېشىم ۋە قان ـ تەرىمنىلا كۆپچىلىككە تەقدىم ئېتىمەن، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىلەر، بىزنىڭ سىياسىتىمىز نېمە، دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن، مەن مۇنداق

جاۋاب بېرىمەن: بىزنىڭ سىياسىتىمىز قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان بارلىق قابىلىيەت ـ ئىقتىدار ۋە پۈتۈن كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ، دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادا ئۇرۇش قىلىش؛ ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىققان، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇستەبىتلىككە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ بىزنىڭ سىياسىتىمىز. سىلەر يەنە، بىزنىڭ مەقسەت ـ نىشانىمىز نېمە، دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ بىلەن جاۋاب بېرىمەن: غەلىبە قىلىش —— ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانماي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، قانچە دەھشەتلىك ئىشلار يۈز بەرسىمۇ، چوقۇم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، يول قانچە ئۇزاق ۋە جاپالىق بولسىمۇ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ چۈنكى غەلىبە قىلالمىساق، بىزگە ياشاش ئىمكانىيىتى يوق.»

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەربىيىسى چېرچىلنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز كۈچىنى نامايان قىلدى. «ئادالەت ئاخىر ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ» مانا بۇ چېرچىل ئېتىقادىنىڭ مەنبەسى.

چېرچىلنىڭ نۇتقى ئۇنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى كۈرەشنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىدىغان ئىرادىسى ۋە پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ مۇستەھكەم ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. چېرچىل ئەنگلىيە سىياسىي سەھنىسىدە ئاجايىپ رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە باش ۋەزىر بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. شۇ چاغدىكى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر جامائەت ئەربابى جېنىنگس پرىت مۇنداق دېگەنىدى: «چېرچىل خىلمۇخىل ئوڭۇشسىزلىقتا ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسىمۇ، باشتىن ـ ئاخىر قىلچە باش ئەگمىدى، ئۇ خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇشقا ماھىر، شۇنداقلا گېرمانلارغا قىلچە مۇرەسسەسىز ھالدا دۈشمەنلىك نەزەردە قاراپ كەلدى.»

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ غەلىبىسى، فاشىستلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى چېرچىل ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۈچ كاتتىبېشىنىڭ بىرى ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ فلوتىنى باشلاپ ئۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن توسالغۇلىرىدىن سالامەت ئۆتتى ۋە پۈتكۈل ئەنگلىيىنى قولدىن كېتىش تەقدىرىدىن ساقلاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى زور.

لېكىن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق چوڭ سايلامدا، چېرچىل سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلدى. بۇنىڭلىق بىلەن چېرچىل نارازىمۇ بولمىدى، شۇنداقلا ئىلگىرى كۆرسەتكەن تۆھپە ـ نەتىجىلىرىدىن مەست بولۇپ، ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپمۇ ياتمىدى، بەلكى قوراللىرىنى تەقلەپ، يەڭنى شىمايلاپ يەنە ئۇرۇش قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇردى.

بىر قېتىم، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى چېرچىلنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا تەبرىك سۆزى قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇ كۈنى تۆردە ئولتۇرغان چېرچىل ئادەتتىكىچە ياسانغان، بېشىدا ئېگىز شىلەپە، قولىدا سىگارت، خۇشال، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

تەنتەنىلىك ۋە ئۇزۇن تونۇشتۇرۇلغان چېرچىل مۇنبەرگە چىقتى ۋە پەستە ئولتۇرغانلارغا ئالاھەزەل ئىككى مىنۇت سەپسېلىپ قارىدى، ئاندىن ئۆزگىچە سالاپەت بىلەن: «مەڭگۈ، مەڭگۈ، ۋاز كەچمەسلىك كېرەك! —— دېدى ۋە بىردەم جىممىدە تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى، —— مەڭگۈ، مەڭگۈ، ۋاز كەچمەسلىك كېرەك!» ئۇ ئاخىرىدا پەستىكىلەرگە يەنە بىرھازاغىچە سەپسېلىپ قارىدى ـ دە، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

شەك ـ شۈبھىسىز، بۇ تارىختىكى ئەڭ قىسقا نۇتۇق، شۇنداقلا چېرچىلنىڭ كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان بىر قېتىملىق نۇتقى ئىدى.

چېرچىل كېيىن يەنە سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ، باش ۋەزىرلىك ئورنىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ بىر ئەۋلاد ئاقىل ۋەزىرى بولۇپ قالدى. چېرچىل يەنىلا شۇ ئۆز ئېتىقادى ۋە غەيرەت ـ شىجائىتىگە تايىنىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST

**ئىلھام ۋە تەسىرات**

پايدا- زىيان ۋە مۇۋەپپەقىيەت- مەغلۇبىيەتكە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك: ئۆتمۈشتىكى نەتىجىلەرنى يۇدۇپ مېڭىشقا بولمايدۇ، ئۇ سىزگە بوپا بولۇپ، ئۇنىڭ بېسىمىدىن قەدىمىڭىزنى رۇسلىيالماي قالىسىز، بوپىنى تاشلىۋەتكەندىلا ئۆزلۈكسىز تۇردە يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتالىلى بولىدۇ؛ يىقىلىپ چۈشۈش قورقۇنچلۇق ئىش ياكى پالاكەت باسقانلىق ئەمەس، مۇھىمى ئورنىدىن دەس تۇرۇش ۋە تەجرىبە- ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىش.

## ئېدىسون بىلەن ئېينشتېيننىڭ ئىختىلاپى

ئېينشتېين 20- ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئالىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىم داڭلىق كەشپىياتچى ئېدىسون قاتتىق قورساق كۆپۈكى بىلەن ئېينشتېينغا:

—— ھەر كۈنى يېنىمغا كېلىدىغان ياشلار ئاز ئەمەس، لېكىن ماڭا بىرىمۇ يارىمىدى، —— دېدى.

—— ئۇلارنى يارىتىش- ياراتماسلىقتا قانداق ئۆلچىمىڭىز بار؟ —— دەپ سورىدى ئېينشتېين.

ئېدىسون ھەر خىل سوئاللار يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئېينشتېينغا بېرىپ:

—— كىمكى مۇشۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلىسە، شۇ مېنىڭ ياردەمچىم بولۇشقا مۇناسىپ، —— دېدى.

—— نيۇيوركتىن چىكاگوغىچە قانچە مىل كېلىدۇ؟ —— دەپ ئوقۇدى ئېينشتېين ۋە ئۆزى جاۋاب بەردى، —— بۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈريول قوللانمىسىنى ئاختۇرۇپ بېقىش كېرەك.

دات باسماس پولات نېمىدىن ياسىلىدۇ؟ —— دەپ ئوقۇدى ئېينشتېين ئىككىنچى سوئالنى ۋە بۇنىڭغىمۇ ئۆزى جاۋاب بەردى، —— بۇنىڭ ئۈچۈن مېتاللۇرگىيە كىتابىنى ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

—— نېمە دېدىڭىز، دوكتور؟ —— ئېدىسون ئېينشتېيننىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

—— قارىغاندا، سىز مېنى رەت قىلغۇچە ئۆزۈملا چېكىنسەم بولغۇدەك، —— دېدى ئېينشتېين يۇمۇرلۇق تەلەپپۇزدا، —— مەنمۇ سىناقتىن ئۆتمىدىم!

بۇ ئىككى پەن پېشۋاسىنىڭ دىئالوگى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئېدىسون ئەمەلىي تېخنىكىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان «كەشپىيات شاھى»، ئۇ ياردەمچىسىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كەڭ دائىرىدە بىلىمگە ئىگە بولۇشىنى، ئادەتتىكى ھەر خىل سانلىق مەلۇماتلارنى سۇدەك يادقا بىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېينشتېين بولسا مەخسۇس نەزەرىيىۋى فىزىكىنى تەتقىق قىلغان «باشلامچى پىر»، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىقىش قىلىپ، بىر پاتمان نەرسىنى ئۆلۈك يادقا بىلىشنى تەكىتلىمەي، بەلكى جانلىق مۇلاھىزە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئېينشتېين ھەربىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنۇملۇك مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. بىر قېتىم، ئۇ بىر دوستى بىلەن ئۇچراشماقچى بولىدۇ، ئەمما دوستى دېگەن ۋاقىتتا كەلمەيدۇ، ئېينشتېين توختىماي ئۇياقتىن- بۇياققا مېڭىپ، تېخىچە ھەل قىلالمىغان بىر مەسىلە توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. يېرىم سائەتتىن كېيىن، دوستى ئالدىراپ- سالدىراپ يېتىپ كېلىدۇ ۋە خىجىل بولغان ھالدا: «كەچۈرۈڭ، ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم» دەيدۇ. ئېينشتېين خۇشال ھالدا: «مەن سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ، بۇ ۋاقتىم بىكار كەتمىدى، مۇھىم بىر ئىلمىي مەسىلە توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلىۋالدىم» دەيدۇ.

**ئىلھام ۋە تەسىرات**

ئەگەر، بىرەر پەننىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئىگىلىۋالسىڭىز ھەمدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى ۋە ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، جەزمەن ئۆزىڭىزگە يول تاپالايسىز ھەم ئالغا ئىلگىرىلەشكە ۋە ئۆزگىرىشكە ئوبدان ماسلىشالايسىز.

(خەنزۇچە «داڭلىق شەخسلەرگە ئائىت سەرخىل ھېكايىلەر» ناملىق توپلامدىن)




«كروراندىكى ئىزچىلار» ناملىق كىتابتا، كروران كونا شەھەر خارابىسى بايقىلىشتىن ئىلگىرىكى لوپنۇر رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئىشلەپچىقىرىشى، ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان، ئۆزى، ئەجدادلىرى، شۇنداقلا كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىدىغان قەيسەر، ئۇيۇشقاق، ۋەتەنپەرۋەر روھى ئۆردەكتىن ئىبارەت ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ تۆت ئەۋلاد تارىخى ئارقىلىق خېلى ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇ رومان مول تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق، لوپنۇر رايونىنى مەركەز قىلغان يىپەك يولى مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تارىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى نامايان قىلىپ بەرگەن.




辑出版：新 疆 人 民 出 版 社
刷：新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司
阅：全 国 各 地 邮 局
内发行：乌 木 齐 市 邮 局
外发行：中国国际图书贸易总公司

标准刊号：ISSN 1005 - 1791
内统一连续出版物号：CN65 - 1075/I
刊代号：58 - 52　定价：6.00 元
外代号：BM 1120

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ

پوچتا نومۇرى: 830001　تېلېفون: 0991–2815971
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005–1791
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65–1075/I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 52–58　باھاسى: 6.00 يۈەن


نيا ئەدەبىياتى (قوش ئايلىق ژۇرنال)

世界文学选译 (双月·维吾尔文)

WORLD LITERATURE

(BI–MONTHY,UYGUR LANGUAGE)